# شاعر

1

AltunOq

1990

## دوستانه بېرىش - كېلىشلەر

كىتاب تورىبېتى
uyghurkitap.com





يازغۇچى قەييۇم تۇردى 1989 - يىلى ئۆكتەبىردە «جۇڭگو شىنجاڭ دوستلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكى» تەركىبىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقىستان، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيەتلىرىدە دوستانە زىيارەتتە بولدى.



1989 - يىلى نويابىردا پاكىستان يازغۇچىلار ۋەكىللەر ئۆمىكى ئاپتونوم رايونىمىزدا دوستانە زىيارەتتە بولدى.

# تارىم

(ئايلىق ئەدەبىي ژورنال)

1

AltunOq

1990

40 - يىل نەشرى

# بۇ سانىدا

## نەسرىي ئەسەرلەر


تۇردىھاجى ئابدۇغوپۇر............قۇتلۇق كېچە (ھېكايە).............. 4

مۇھەممەت ئۆمەر............قەلەندەرنىڭ ۋەسىيىتى (ھېكايە).............. 24

خالىدە ئىسرائىل............ھاڭگىرت كۆلى (ھېكايە).............. 45

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم............ئىككى ھېكايە (ھېكايە).............. 68

ئابدۇرېھىم ئابدۇللا............داۋانلىق يوللار (پوۋېست).............. 87


## شېئىرلار


ئابدۇرېھىم مۇھەممەت............سۆيگۈم مېنىڭ چەكسىز بىر دېڭىز.............. 33

ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن............شېئىرلىرىم سۆزلەيدۇ.............. 34

ھەبىبۇللا رەجەپ............چاقناپ ئۆتتى بىر ئۆمۈر شۇنداق.............. 37

غەيرەت غوپۇر............ئىككى شېئىر.............. 39

مۇھەممەتجان سادىق............شېئىرلار.............. 39

جاپپار ئابدۇرۇسۇل............مەن ئويغاقمەن سۇبھى تاڭغىچە.............. 41

ئابدۇلئەھەد سەلەي............سۆيگۈدىن تۇغۇلغان خىياللار.............. 42

پەرھات جامال............ئىككى شېئىر.............. 42

ئۆمەرجان غوپۇر............مېنىڭ كۆيلىرىم.............. 43

ئابلىمىت تۇردى............ئىككى شېئىر.............. 44

ئابدۇرېشىت بارات............نەزمىلەر باھارغا كېلەر قۇت تىلەپ.............. 75

قۇربان ئەمەت............قارىچۇقىمدىن تۆكۈلگەن يوللار.............. 75

تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم............قىز كۆلەر، يىگىت يىغلار.............. 76

مۇھەممەتسىدىق تۆمۈرى............ھېسسىياتىم شاۋقۇنلۇق دېڭىز.............. 77

ئىبراھىم ئىزاقى............غەزەللەر.............. 78

ئابلىز قۇربان............شائىر قەلبى.............. 80

پەرھات مۇھەممەت............يوشۇرۇن كۆيۈشلەر نەقەدەر ئازاب.............. 81

ھوشۇر ئىبراھىم............پارچىلار.............. 81

نەيىم يۈسۈپ............شېئىرلار.............. 83

تۇراپ ساۋۇت............گۈل خۇمارمەن.............. 84

ئىدرىس ئېلى.........دوختۇرغا ئاپىرىن......... 85
جۇرئەت نۇرۇللا...........يۈرەكلەردە ئىزگۇ ئارمانلار......... 86


## مەسەللەر


جاپپار ئەمەت...........ئىككى مەسەل.............. 144
تۇرسۇن ئابباس...........بار مۇنداقمۇ قىلىقلار (ساتىرا)........... 147
ئۆمەر ئىسمايىل...........«پارا ئالمايدىغان باشلىق» ھەققىدە قوشاق
(ساتىرا) .............. 147


## ئەدىبلىرىمىز چەت ئەللەردە


سەيپۇل يۈسۈپ ...........ئۇنتۇلماس تەسىراتلار (زىيارەت خاتىرىسى) ... 129


## كىتابخانلاردىن خەت


«قىزلىرىمىزغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيلى» قاتارلىق
تۆت پارچە خەت.............. 149


## سوۋېت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن


قۇربان توختەمۇۋ...........شۇ بىر كېچە (ھېكايە)........... 154


## ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار

* * *

بۇ سانىنىڭ مۇقاۋا ۋە گۈل تامغىلىرىنى جالالىدىن بەھرام، ئابدۇسالاملار ئىشلىگەن، رەسىم ۋە ھۆسن خەتلىرىنى مەھەممەت ئايۇپ ئىشلىگەن.

# قۇتلۇق كېچە

تۇردىھاجى ئابدۇغوپۇر

(ھېكايە)

تۇردىھاجى ئابدۇغوپۇر 1965 - يىلى قەشقەر شەھرىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1987 - يىلى شىنجاڭ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى قەشقەر شۆبە مەكتىپىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات كەسپىي سىنىپىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر يوپۇرغا ناھىيە بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىدە ئىشلەۋاتىدۇ.



ئۇنىڭ «ئىشىنىڭ يولى» ناملىق تۇنجى ھېكايىسى 1985 - يىلقى «قەشقەر ئەدەبىياتى» دا ئېلان قىلىنغان. شۇنىڭدىن بېرى ئۇنىڭ «ئانا ھەسرىتى»، «ناخشا»، «سۆزلىرىڭگىمۇ، كۆزلىرىڭگىمۇ...»، «سۆيگۈ» قاتارلىق شېئىر ــ ھېكايىلىرى ئېلان قىلىندى.

ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا ئۇنىڭ «قۇتلۇق كېچە» ناملىق ھېكايىسىنى ئېلان قىلدۇق.

ياخشى تۇرۇۋاتامسەن، قەدىرلىك ئانا؟ بۈگۈن دەرسىمنى تۈگىتىپلا ساڭا خەت يېزىشقا ئولتۇردۇم. كۆز ئالدىمدا سېنىڭ كۈلكە قاپلىغان مېھرىلىك چىرايىڭ نامايان بولماقتا، يۈرىكىم ھودۇقۇش ئىچىدە ئەنسىز سوقماقتا. شۇ تاپتا سېنى قانچىلىك سېغىنغانلىقىمنى پەقەت ئانىلىق مېھرى بىلەن پۈتكەن يۈرىكىڭلا تۇيىدۇ، ئانا. كىچىكلىكىمدە قورقسام، تەشۋىشلەنسەم، ئانا دەپ ۋارقىراپ سېنىڭ ھىمايىڭگە ئېرىشەتتىم. مانا ھازىر ھاياتىمنىڭ تەشۋىشى، قىسمىتى ئالدىدا سېنى يەنە چاقىرايمۇ

ئانا؟ چاقىراي! چۈنكى مەن مەڭگۈ سېنىڭ ئالدىڭدا بىر قوزا. سەن بولساڭ مېنىڭ قوغدىغۇچۇم، شاپائەتچىم، مېھرىبان ئانامسەن. ئانا دەپ چاقىرسام ئانىلىق مېھرىڭ قەلبىمگە نۇر بولۇپ سىڭىپ، ماڭا كۈچ ـ قۇۋۋەت، غەيرەت بېغىشلايدۇ، ئۆزۈمنى ھىمايە ئاستىدا ... يۆلەنچۈككە ئىگە بولغاندەك سېزىمەن، ئازابلىرىم تارقاپ ۋۇجۇدۇمنى بىر ئىللىق شادلىق ئېقىمى ئېرىتىدۇ.

قەدىرلىك ئانا، قەلبىمدىكى چېگىش خىياللارنى ساڭا قانداقمۇ بايان قىلارمەن. ھاياتىمنىڭ چۈشكە ئوخشايدىغان ئاجايىباتلىرى،

ئىنسانىي بۇرچ، قېرىنداشلىق، يىگىتلىك ۋىجدان... يەنە ئوغلۇڭنىڭ سېنىڭ ئالدىڭدا گۇناھكار بولۇپ قالغانلىقى... مانا بۇلار توغرىلىق يازسام... ئاھ، ساڭا نېمە تارتقۇلۇق، نېمە ئانچىۋالا ئېغىر ئازابلار بۇ، جېنىم ئانا؟

يازاي، قەدىرلىك ئانا، ئازابتىن خالاس بولايلى. شۇ چاغدا سەنمۇ قەلب مۇڭلىرىڭنى تۆكۈۋېتەرسەن. ئۇنىڭ ئورنىنى شادلىق، پەخىرلىنىش تۇيغۇسى قوچار. ئاجىزلارغا نىسبەتەن ھېسداشلىق بىلەن تولغان يۈرىكىڭ دولقۇنلاپ تاشار. مېنىڭمۇ يۈرىكىمدىكى قايغۇ - ھەسرەت، ھودۇقۇش، تەشۋىشلەر تارقاپ ئازابلىرىم يېنىكلەر، جېنىم ئانا!

مۇشۇ تاپتا ئالدىمدا بىر قىز ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى مېھرىبانلىقنىڭ يېقىملىق نۇرلىرى بىلەن بېزەلگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ سەبىيلەرچە تەبەسسۇمى، ئوماقلىقى، ئاق قاردەك كىرسىز، قۇياش نۇرىدەك پاك قەلب ھېسلىرى بىلەن ماڭا ھەمراھ بولماقتا، ھالىمدىن خەۋەر ئالماقتا. ئۇ كىم، بىلەمسەن ئانا؟ ئۇ... ئۇ سېنىڭ كېلىنىڭ، مېنىڭ دىلكەش ئايالىم، ئازاپ ھەم شادلىقلىرىمنىڭ شېرىكى...

ئەنە، ئۇنىڭ تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان ئويچان كۆزلىرى غىلىلدە كەلگەن ياش بىلەن نەملەندى، ئۇزۇن كىرپىكلىرى يالتىراپ، ئۇنىڭدىن سىرغىغان ياش تامچىلىرى مەڭىزلىرىنى سۆيدى، كۆزلىرى مۇڭ بىلەن تىكىلىپ، يۈزلىرى ئاقاردى، بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن يۈزىگە ئاستا - ئاستا قىزىللىق تېپىپ، ياش يۇقى كۆزلىرى جىلۋە بىلەن چاقنىدى، چىرايىدا ئاۋۋالقى تەبەسسۇم پارلىدى... ئۇ، خەتكە پۈتۈلۈۋاتقان قىسمەتلىرىگە ئېچىنىۋاتامدىكىن؟ پاناغا ئىگە بولۇپ، خورلۇق - ئازابتىن قۇتۇلغىنىغا شادلىنىۋاتامدىكىن ياكى ئاچچىق ئەسلىمىلەر يۈرىكىنى ئەزدىمىكىن؟...

ئۇ مېنى رازى قىلدى، ئىلگىرىكى ئاچچىق ھەسرەت - ئازابلار بىلەن زېدە بولغان يۈرىكىم ئۇنىڭ ئاياللىق مېھرى بىلەن ئاستا - ئاستا شىپا تېپىپ، ئىللىدى. ئاياللارغا سوغۇق نەزەر بىلەن تىكىلىدىغان كۆزلىرىمدە ئەمدى ھۆرمەت تەبەسسۇمى، ياشلىق ئۇچقۇنلىرى پارلىدى. مەن بەختلىك بولدۇم، شادلاندىم. بىراق... ئانا، مېنىڭ مۇشۇ بەختىم، مۇشۇ شادلىقىمنىڭ ئۆزىلا كۇپايىمىدى؟ شۇ بەخت - شادلىقتا سېنىڭمۇ ھەققىڭ، نەسىۋەڭ بار ئىدىغۇ؟ ئۇنىڭدىن سەنمۇ بەھىر ئېلىشىڭ، كۈلۈشۈڭ كېرەك ئىدىغۇ، قەدىرلىك ئانا؟ ئەمما... ئەكسىچە، بۇ بەخت ساڭا ئازاب ئاتا قىلسا، بۇ شادلىق سېنى خاپا قىلسا... سەندىكى ھەممە ئانىلارغا ئورتاق بولغان ئارمان - ئۈمىدلەر مۇشۇ سەۋەبلىك دەپىن قىلىنسا... بۇلارنى ئويلىغىنىمدا يۈرىكىم قانداقمۇ چىدىسۇن! قانداقمۇ ئازابلانماي تۇرالاي؟ ئەسلى مەن ساڭا شادلىق بېغىشلىشىم، سېنى ئۈمىد - ئارمانلىرىڭغا يەتكۈزۈشۈم كېرەك ئەمەسمىدى؟ باشباشتاقلىق قىلىپ توي قىلىۋالدىم — ئالدىڭدا چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزدۈم ئانا، چۈنكى سەن مېنىڭ توي كۈنۈمنى — ئانىلىق قەلبىڭنى ھېسابسىز شادلىققا تولدۇرغۇچى ئاشۇ قىممەتلىك مىنۇتلارنى ئارمان قىلاتتىڭغۇ ئانا! ئانىسىنى ئازابلاپ ئۆزى بەختلىك بولغان يىگىتنى بەخت ئىگىسى سانىغىلى

www.uyghurkitap.com

بولامدۇ؟ مەن بىر بەختسىز گۇناھكارمەن، جېنىم ئانا. مەن ساڭا قىسمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن سادىر بولغان بىر ئۇچرىشىشنى ھېكايە قىلىپ بېرەي. بۇنى ئوقۇساڭ غەزىپىڭ پەسىيەر، ئازابلىرىڭ يېنىكلىشەر. بەلكىم، گۇناھكار ئوغلۇڭمۇ كەچۈرۈمىڭگە ئېرىشىپ قالار، قەدىرلىك ئانا...

بۇنىڭدىن ئىككى ئاي ئىلگىرىكى بىر ئاخشام، يازلىق كۇلۇپتا كىنو كۆرۈپ ئولتۇراتتىم. ھاۋا ئوچۇق ئىدى، يۇلتۇزلار تارام - تارام شولا چېچىپ كۆكتە ئېسىلىپ تۇراتتى. گاھ - گاھ ئۇرۇلۇپ تۇرۇۋاتقان مەيىن شامال كىشىگە بىر خىل راھەت، ئازادىلىك بېغىشلايتتى.

كىنو باشلىنىپ بىر ھازا ئۆتكەندىن كېيىن، بىرەيلەن يېنىمغا كېلىپ توختىدى، بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ ئاڭلاندى.

— بۇ ئورۇن بىكارمۇ؟

— بىكار.

ئۇ يېنىمدىن ئورۇن ئالدى. كىنو ھەقىقەتەنمۇ ياخشى ئىدى. ساددا دېھقاننىڭ ھەر قىسما سۆزلىرى، ھەرىكەتلىرى كىشىنى كۆزىدىن ياش چىققۇچە كۈلدۈرەتتى. مەن كۈلكەمنى تەستە توختىتىپ يانچۇقۇمدىن تاماكا ئېلىپ، ئوراپ تۇتاشتۇردۇم. شۇ چاغدا قۇلىقىم تۈۋىدىلا ئۇنىڭ بوش، ئەمما ئېنىق ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئەجەب، بەكلا ياخشى كىنو ئىكەن ھە... ھىم... قويۇپ كەتسەم بولارمۇ...

مەن بۇرۇلۇپ قاراپ، يېنىمدا ئولتۇرغان كىشىنىڭ بىر قىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران بولدۇم. بايا كۈلۈۋېرىپ ئۇنىڭغا دىققەت قىلمىغانىكەنمەن. ئۇ سەل بۇرۇلۇپ ماڭا لاپپىدە قارىدى - دە، يەرگە قاراپ تۇرۇپ ئېيتتى:

— قورقۇپلا تۇردىمەن. يېنىڭىزدا ئولتۇرسام... بولۇۋېرەرمۇ... پەردە ئاچام يا...

— ئولتۇرۇۋېرىڭ، ئۇنى مەن ئاللىقاچان ئاچچىقى كەلمەيدىغان قىلىپ ئۈزىتىپ قويغان.

مەن كۈلۈپ قويۇپ ئېكرانغا كۆز تىكتىم، ئەنە، بىر دېھقان كېسەل ئايالىنى كۆتۈرۈپ ئەكېلىپ، دوختۇرلارنىڭ توسۇشىغا قارىماي ھارۋىسىغا سالدى. ئۇ دوختۇرلارغا تەلەتىنى تۈرۈپ ھومىيىپ قاراپ، ئىككى ئايدىن بېرى ئايالىنى ساقايتالمىغانلىقىنى، كېسەل ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتسىمۇ ساقايمىغان كېسەلگە كۆپ پۇل ئالغانلىقىنى دوق قىلىپ كايىدى. ئايالىنى ئەمدى داخاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى جاكارلاپ زەردە بىلەن ھارۋىسىنى ھەيدەپ كېتىپ قالدى... دېھقاننىڭ سۆزى بىلەن چىراي ئۆزگىرىشىدىكى بىرلىك، ھەرىكىتىدىكى ماسلىق... بۇلار بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولۇپ ئاجايىپ كومېدىيىلىك تۈس ئالغانىدى. شۇئان كۇلۇپتا پاراققىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. مەنمۇ كۈلدۈم. بىراق بۇ كۈلكەمگە بىر خىل ئېچىنىش، ئازابلىق ھېسلار، يەنە ئاللىقانداق نېمىلەر ئارىلىشىپ كەتتى...

— پەردە ئاچام بىلەن ئاجرىشىپ كەتكىنىڭىزمۇ بىر ھېسابتا ياخشى بولۇپتىكەن. شۇڭا ئەمدى قورقمىسامۇ بولىدۇ ھە، مۇئەللىم.

ئۇنىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى. بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇ كۈلۈپ تۇراتتى، گەپ قىلمىدىم. ئۇ بەلكىم مەكتەپتىكى شوخ، چاقچاقچى قىزلاردىن بىرسىدۇر. ئوقۇغۇچى قىزلارنىڭ چاقچاق قىلىشىنى ياقتۇرمايمەن. يەنە كېلىپ شۇنچە ياخشى كىنودا دىققىتىمنى بۆلۈپ... تېخى پەردەنى تىلغا ئېلىپ ... سوغۇق نەزەر بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قويۇپ، ئەتراپتىكى بوش ئورۇنلارغا قارىدىم. دېمىغىمنى يېنىككىنە قېقىپ، قولۇمدىكى تاماكا قالدۇقىنى يەرگە تاشلىدىم-دە، نەزەرىمنى يەنە ئېكرانغا بۇرىدىم.

— سىز مېنى تونۇمايسىز، — بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن ئۇنىڭ ئاۋازى قايتا ئاڭلاندى، — مەن سىزنى تونۇيمەن. ئىسمىڭىز ئابلىمىت، 3- ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىسىز... ھە... ئۆيىڭىز پەردە ئاچامنىڭ مەكتىپىدە — دارىلمۇئەللىمىن قورۇسىدا... شۇنداقمۇ؟

كۈلۈپتا يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. مەن كۈلمىدىم. چۈنكى، دىققىتىم بۆلۈنگەنىدى. كىنونىمۇ، قىزنىڭ ئېيتقانلىرىنىمۇ تازا ئاڭقىرالمىغانىدىم. پەقەت قىزنىڭ گېپىلا خىرە-شىرە ئېسىمدە قاپتۇ. مەن ھەيرانلىق، ئەجەبلىنىش ئىچىدە قىزغا قارىدىم. ئۇمۇ ماڭا قاراپ تۇرغانىكەن، ئالدىراپ ئېغىز ئاچتى:

— راست، ھازىر مەكتىپىڭىزدىكى ياتىقىڭىزدا تۇرۇۋاتىسىز، — ئۇ توختاپ يەرگە قارىدى ۋە پىچىرلىدى، — پەردە ئاچام بىلەن ئەجەب بىر ھە...تۇۋا...

دىققىتىم قىز تەرەپكە ئېغىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بايىدىن بېرى ئېيتقانلىرىنى ئەسلەپ ھاڭ-تاڭ قالدىم. ئۇ بىر-ئىككى ئېغىز سۆزى بىلەنلا ئازابلىق تۇرمۇشۇمدىن قىسقا كارتىنىلارنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگەنىدى. مەن گۇمانسىراش ئىچىدە ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇ ئېكرانغا تىكىلىپ ئۈنسىز ئولتۇراتتى. ئۇ قانداق قىلىپ پەردە بىلەن ئىككىمىز ۋە باشقا ئانچە كۆپ بولمىغان كىشىلەرلا بىلىدىغان بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقاندۇ؟ يۈرىكىم ئاچچىق بىر سېزىم بىلەن سوقتى. قىزنىڭ گەپلىرى ماڭا ئەمدىرەك تەسىر قىلغانىدى. ئىختىيارسىز تاماكا ئوراپ تۇتاشتۇردۇم. قاتتىق شوراپ، تۈتۈننى كۈچ بىلەن پۈۋلىدىم.

— پەردە ئاچام بەكمۇ ئەسكىلىك قىلىپتۇ، — دېدى قىز ئۆز-ئۆزىگە سۆزلىگەندەك پەس ئاۋازدا، — ئازغىنا نەرسىلەر ئۈچۈن، ئېست... خۇددى ئاتا-ئانىسى يوقتەك. تۇۋا، نومۇس ئەمەسمۇ...

ئىختىيارسىز پەردە كۆز ئالدىمغا كەلدى.

ئاھ، زىلۋا قامەت، ئاقسېرىق، يومىلاق يۈز، كۆككە مايىل ئويناق كۆز، ئىنچىكە قاش، دولقۇنسىمان چاچ، جاننى ئالىدىغان ئوتلۇق قاراش، تەبەسسۇم، سۆرۈن تەلەت، مەيۈس بېقىشلار، نازلىق ئەركىلەش، باتناش، قوپال قول شىلتىشلار...

بېشىمنى كۆتۈرۈپ يېنىمدىكى قىزغا قارىدىم. ئۇنىڭغا ئاچچىقىممۇ كەلگەنىدى. چۈنكى ئۇ ئاچچىق ئەسلىمىلەرنى ئېسىمگە سېلىپ كۆڭلۈمنى غەش قىلغان، كەيپىمنى ئۇچۇرغانىدى. بىراق ئۇنىڭغا نېمىمۇ دەي. ھايات مېنى پەردە بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ ئازابلىغان، ئەمدى كېلىپ دەردىمنى بۇ قىزدىن ئالسام... قىز قول ياغلىقىنى ئويناپ، يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ نېمىلەر-

نى ئۈيلاۋاتسىدىكىن؟ قىزغا قارىغانسېرى ئاچچىقىممۇ يېنىپ قالدى، ئۇنىڭ ھېسداشلىققا ئوخشاپ كېتىدىغان سەمىمىي سۆزلىرى، ئويچان تۇرقى ماڭا تەسىر قىلغانىدى. خۇددى مۇشۇ دېمەتلىك سىڭلىممۇ مۇشۇنداق ئەمەسمىدى؟ سىڭلىمغا بولغان سېغىنىشىم تۇيۇقسىزلا ئۆرلەپ ئاكىلىق ھېسلىرىم دولقۇنلاپ تاشتى. بۇ قىز كۆيۈمچان، مېھرىلىك سىڭلىمغا نېمانچە ئوخشايدۇ-ھە؟ مەن شادلىق، يەنە ئالىلىقانداق بىر جۇدالىقنىڭ غەشلىكى ئارىلاشقان ھېسقا چۆمۈلۈپ قىزغا مېھرىم بىلەن تىكىلدىم. ئۇنىڭغا قىزغىن، ئىللىقلىق بىلەن جاۋاب بەردىم. بىراق، گەپ پەردە ئۈستىدە بولۇۋاتقاچقا سۆزلىرىمگە قاتتىق ئۆكۈنۈش، ئازاب يەنە ئاچچىقىمۇ ئارىلىشىپ كەتتى...

— شۇنداق، نومۇس قىلمىدى، ئۇ، ئىنسانىنىڭ ئەقەللىي بۇرچىنىمۇ تونۇمايدىكەن. ئۇنىڭغا... — مەن سۆزۈمنى ئالدىراپ توختاتتىم. ئۇ خۇددى ئۆز سىڭلىمدەكلا يەرگە قارىغىنىچە سۆزلىرىمگە دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ ئولتۇراتتى. شۇنداق تۇرسا ئۇنىڭغا نېمە دېسەم مۇۋاپىق كېلەر؟ يەنە كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن ھېلىراقتىلا تونۇشقان تۇرسام. ئۇنىڭغا ئەينى ۋاقىتتا ئائىلىدە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بەرسەم غەلىتىلىك بولماسمۇ! قىزغا: پەردىنىڭ قارىشىچە، مېھرى، ۋاپا، ساداقەت، كۆيۈمچانلىق... دېگەنلەر ئانا-بالىغا خاس ئەمەسكەن. ئۆزىمىزلا يەپ-ئىچىپ، پۇزۇر كىيىنىپ يۈرۈشىمىز كېرەك ئىكەن. شۇنداق قىلساق سالاپەتلىك كۆرۈنۈپ، ئابرويىمىز ئۆسىدىكەن. پەردەمۇ باشقىلار ئالدىدا ئۆزىنى بەختلىك سانايدىكەن، دېيىشىم كېرەكمۇ؟...

پەردە ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق قىلغانىدى. ئانامغا ئازراقلا بىر نەرسە ئەۋەتسەم ساراسىمىگە چۈشەتتى. باتناپ، خۇيتلىنىۋالاتتى. كۆڭلۈمنى چۈشىنىشنى ھەرگىز خالىمايتتى. شۇنداق قىلىپ، بىز كېلىشەلمەي قالغان...

كۆلۈپنى بىر ئالغان كۆلكە ساداسى بېسىقتى. قىز تېخىچىلا ماڭا قاراپ ئولتۇراتتى. مەن ئۇنىڭغا قاراپ سۆزۈمنى ئۇلىدىم:

— ئۇ مېنى خاپا قىلغان، ئۆزىنىمۇ خاپا قىلدى. كېيىن بىز ... — قىزنىڭ كېيىنكى ئىشلارنى بىلىدىغانلىقىنى ئېسىمگە ئېلىپ سۆزۈمنى ئۈزدۈم. ھەر ئىككىمىز ئۈنسىز ھالدا ئولتۇرۇشتۇق. كېيىن، قىز ئېغىر تىندى. كۆزلىرىنى ئېكراندىن يۆتكەپ ماڭا بۇرۇلدى.

— دادىڭىزدىن كىچىكلا قاپتىكەنسىز، — دېدى ئۇ ئاستاغىنە، — ئانىڭىز سىزنى جاپادا بېقىپ چوڭ قىلىپتۇ، ئوقۇتۇپ خىزمەتلىك قىلىپتۇ. پەردە ئاچام شۇنچە ئوقۇغان تۇرۇقلۇق ... بۇنى بىلمەي قالمىغاندۇ ...

قىزنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشۇمنىلا ئەمەس، بەلكى ئۆسۈپ يېتىلىشىم قاتارلىق ئىشلارنىمۇ بىلىشى مېنى بايىقىدىنمۇ بەكرەك ھەيران قالدۇردى. دېمىسىمۇ، بۇ ئىشلارنى بىلىدىغانلار بۇ يۇرتتا بەكمۇ ئاز ئىدى. مەن تەئەججۇپ بىلەن ئۇنىڭغا قارىدىم. بۇ كىمدۇ؟ نېمىشقا بۇ ئىشلارنى ماڭا دېگۈسى كېلىپ قالغاندۇ؟ پەردەنىڭ بىر نېمىسى ئەمەستۇ-ھە؟ مېنىڭ كۆڭلۈمگە گۇمان چۈشتى. بۇ، شۇندىلا بىر توغرا كېلىپ قالغان تاسادىپى ئۇچرىشىشمۇ ياكى مەقسەتلىك ئۇچرىشىشمۇ؟ مانا، مەن

تونۇمىغان بىلەن ئۇ مېنى تونۇيدىكەن، تېخى ماڭا ھېسداشلىقمۇ قىلىدىكەن. مانا مۇشۇ تونۇشلۇق، ھېسداشلىق ئۇنى مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇرغۇزغان، مېنى گەپكە سالدۇرغان بولسىچۇ؟

مەن قىزغا قاراپ بېشىمنى لىڭشىتتىم.

— بۇ راست، ئانام مېنى جاپادا چوڭ قىلغان. بۇنى پەردە ئەلۋەتتە بىلىدۇ. ئەسلىدە بۇ ئىشلارنىڭ ئۇنىڭ ئوقۇغانلىقى، بىلىمى بىلەن چوڭ مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ بىلىمى، سۆزمەنلىكى بىلەن مېنى ئۆزىگە بوي ئەگدۈرمەكچى بولدى ئەمەسمۇ، — مەن كۈلۈمسىرەپ، قىزدىن سورىدىم، — قاراڭ، سىز مېنىڭ بۇ ئىشلىرىمنى قەيەردىن ئاڭلاپ بىلىۋالدىڭىز؟

— دوستۇمدىن ئاڭلىغان، — قىز ئوڭايسىزلىنىپ، كۆزلىرىنى مەندىن ئېلىپ قاچتى، — ئانىڭىزغا ھەمراھ بولۇپ تۇرغان بىر ئىنىڭىز ۋە بىر سىڭلىڭىز بار ئىكەن. ئىنىڭىز ھۈنەر قىلىدىكەن. سىڭلىڭىز خىزمەت قىلىدىكەن، — ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ خىرىلداپ كۈلدى، — قانداق، ھەممىنى بىلەمدىكەنمەن؟ بولماپتۇمۇ يا...

— بوپتۇ، — مەنمۇ ئۇنىڭغا قاراپ كۈلدۈم، — بىراق - زە، بىكار ئاۋارە بولۇپ، ئۆزىڭىزگە مۇناسىۋىتى بولمىغان ئىشلارنى بىلىپ يۈرۈپسىز.

قىز بۇرۇلۇپ ماڭا تىكىلدى. ئۇ شۇنداق تىكىلدىكى، گەرچە گىرىمسەن يورۇقتا ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئېنىق بايقىيالمىغان بولساممۇ، ئاچچىقى كەلگەنلىكىنى، قوپال گەپ قىلىپ ئۇنى رەنجىتىپ قويغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. خىجىللىق ئىلكىدە كۆزلىرىمنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ قېچىپ ئېكرانغا تىكتىم. ئۇ ئۆھ تارتىپ جىم بولدى. ئارىنى سۈكۈت باستى. مەن ئەمدى ئاستا - ئاستا ئاراممىزلىنىشقا، تىت - تىت بولۇشقا باشلىدىم. ئۇ نېمىشقا شۇنچىۋالا خاپا بولدى؟ كەچۈرمىشلىرىمنىڭ ئۇنىڭ بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بارلىقىنى سورىغىنىم خاتامۇ؟ يەنە كېلىپ بۇ ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە ئۇدۇللا قىلىپ ئېيتىلغان، قىلچە چەتنەپ كەتمىگەن گەپلەر تۇرسا... مەن ئۇنى رەنجىتىپ قويغانلىقىمغا ئۆكۈندۈم. بىردىنلا ئۆز - ئۆزۈمگە ئاچچىقىم كېلىپ قالدى. ئۇنى نېمىشقا شۇنچە ئويلاپ كەتتىم؟ ئۇنىڭ خاپا ياكى خۇشال بولۇشى مەن ئۈچۈن شۇنچە مۇھىممىدى؟ ئۇ ئۆزى كەلدى، گەپ قىلدى. كۆڭلىنى ئاياپ، رايىم بارمىسىمۇ گېپىگە گەپ قىستۇرۇپ قويدۇم. مەن توغرىلىق سۆزلەپ، بارغانسېرى چوڭقۇرلاپ، ئازابلىق تۇرمۇشۇمنى، ئەمدىرەك ئۇنتۇلۇشقا باشلىغان ئاشۇ ئۆتمۈشىمنى ئېسىمگە سېلىپ ئۇمۇ مېنى ئازابلىغان، جۇدۇنۇمنى ئۇتقۇزغاندى. مەن شۇ چاغدا ئۇنىڭدىن رەنجىگەنمىدىم؟ ئەمدىزە... ھىم، مەن نېمىشقا كىنونى كۆرۈۋەرمەي، ئۇنىڭغا قىزىقىپ قالدىم؟ پەقەت، مېنىڭ كەچۈرمىشلىرىمنى بىلىۋالغانلىقى، ماڭا ھېسداشلىق قىلغانلىقى ئۈچۈنلىما؟ مەن ئايال كىشىدىن تويغان، بىزار بولغان ئەمەسمىدىم؟ شۇ بىزارلىق مېنىڭ ئاياللارغا بولغان قىزغىنلىقىمنى سۇسلاشتۇرغان ئىدىغۇ؟ بۈگۈن بۇ قىزغىنلىق ماڭا قەيەردىن كېلىپ قالدى؟ ئەمدىلىكتە ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىشىم، خاپا بولماسلىقىنى ئۆتۈنۈشۈم كېرەكمۇ، ھىم...

مەن بۇرۇلۇپ قىزغا قارىدىم. ئۇ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئۈنسىز ئولتۇراتتى.

ئۇ شۇنچىلىك سۈكۈتكە چۆككەندىكى، تىنىقلىرى بەئەينى يەر تېگىدىن كېلىۋاتقان شەپىدەك تولىمۇ سۇس، پەقەت تۇيغۇ ئارقىلىقلا سەزگىلى بولىدىغاندەك ناھايىتىمۇ ئاجىز ئىدى. ئۇ تۇيۇقسىز ئېغىر ئۇھ تارتتى. بېشىنى سەل كۆتۈرۈپ قىيا باقتى. لەۋلىرىنى ئاستا چىشلىدى.

— بولمىسا ... بۇلارنى سىزگە ئېيتاتتىممۇ، ئەمىسە ...

ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى. بۇ ئاۋاز شۇنچىلىك كۈچسىز، مەيۈسانە، غېرىب ئىدىكى، ئۇنىڭ شۇ ئاجىز ساداسىمۇ يۈرەكنى يەڭگىل سىلكىپ، ئاچچىق بىر ھېس بىلەن ئاغرىتىپ ئۆتتۇپ، يېقىمسىز بىر مۇڭ بىلەن بىئارام قىلاتتى، كىشىنى بوشاشتۇراتتى. ئاشۇ ئاجىز ساداغا يەنە ئاجايىپ بىر سىرلىق كۈچ يوشۇرۇنغاندەك سەل سۈرلۈك ئىدى ۋە بىر خىل پىنھانلانغان ئىشەنچ، نازۇك بىر يېقىنچىلىق، يوشۇرۇن بىر نارازىلىقمۇ چىقىپ تۇراتتى.

ئۇ سەل ئېگىلىپ، كۆزلىرىنى يەرگە تىكىپ ئولتۇراتتى، مەن شۇ تاپتا، قاتتىق ھەيرانلىق ئىلكىدە تەمتىرەپ، ئىچكى بىر ھاياجان بىلەن گاڭگىراپ ئۇنىڭغا تىكىلىپلا قالدىم. راستىنلا ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرىم بىلەن مۇناسىۋىتى بارمىدۇ؟ كەچۈرمىشلىرىم قانداق قىلىپ مەن كۆرۈپمۇ باقمىغان بىر قىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالغاندۇ ھە؟! كەچۈرمىشلىرىم ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالغان بولسا، دېمەك، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ مەن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالغان بولمامدۇ؟ بۇ زادى قانداق مۇناسىۋەتتۇ؟ توۋا، قىزىق ئىش بولدىغۇ بۇ. پاكى بولمىسا... ئۇ ماڭا مۇنداقلا دەپ قويغان، چاقچاق قىلغانمىدۇ يا ... لېكىن ئۇنىڭ سۆز ئۇرغۇسىنىڭ جىددىيلىكى چاقچاق ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدۇغۇ ...

ئۇھ ... ۋۇجۇدۇمغا ھارغىنلىق، سۇس بىر خىل بىزارلىق ھېسلىرى يامىرىغاندەك بولۇپ، تەت - تەت بولۇشقا، ئارامسىزلىنىشقا باشلىدىم. كەيپسىزلەنگەن ھالدا ئىختىيارسىز بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئېكرانغا قارىدىم. بىراق، كۆزلىرىم ئېكراندىن ھالقىپ ئاسمانغا تىكىلدى. نېرۋىلىرىم سەل مەركەزلىشىپ، دىققىتىم جۇلالىنىپ تۇرغان سانسىز يۇلتۇزلارغا ئاغدى. يۇلتۇزلارنىڭ بەزىلىرى ناھايىتىمۇ ئوچۇق نۇرلانغان، بەزىلىرى غۇۋا پىلىلدىغان ھالدا كۆزلىرىنى قىسىشىپ قاراپ تۇراتتى. ھىلال ئاي بولسا نېپىز بىر قەۋەت بۇلۇت ئارقىسىدا سۇس بىر خىل ئاق نۇر تورى يېيىپ، نازلىق بىر تۇستە كۈلۈپ قارايتتى ...

كۈلۈۋىتا قاتتىق كۈلكە، ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى. ئارقىدىنلا چىراغلارمۇ ياندى، كىنو ئاخىرلاشقانىدى.

ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئاندىن بۇرۇلۇپ ئاجايىپ بىر چۈشىنىكسىز ئىسپادە بىلەن قىزغا تىكىلىپ قارىدىم. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇردى. ئالدىمدا زىلۋا بىر گەۋدە ... ئاپئاق نېپىز كۆڭلەك ... مەن ئۈن - تىنسىز ھالدا ئارقامغا ئۆرۈلۈپ قەدەملىرىمنى يۆتكىدىم. ئۇمۇ ماڭا ئەگەشتى.

قىز يېنىمدىلا — بىر قەدەم ئارقامدىلا كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ يەڭگىل، رىتىملىق ئاياغ تىۋىشى، پات - پات ئۇھ تارتىپ ئېغىر تىنىشلىرى ماڭا ئېنىق ئاڭلىنىپ، گاھ يېقىملىق، گاھ يېقىمسىز بىر غەلىتە ھېس، ئاڭقىرغىلى بولمايدىغان جەلپكارلىق

هەم تەھدىت پەيدا قىلىپ مېنى تەشۋىشلەن-
دۈرەتتى. ئۇنىڭدىن تارقاۋاتقان سۈس ئەمما
ناھايىتىمۇ يېقىملىق پۇراق گويا پۇتكۈل
ۋۇجۇدۇمغا تاراۋاتقاندەك بىر ئىللىق سې-
زىم بىلەن مېنى تاتلىق بىر ھېسقا چۈم-
دۈرۈپ، يەنە ھوزۇقتۇراتتى. بىراق ئې-
يادىم ھېلىقى «مۇناسىۋەت» تە ئىدى.
چېچىلاڭغۇ ئوي-پىكىر، ئۇنىڭ زادى قان-
داق مۇناسىۋەت ئىكەنلىكىنى بىلىش ئىنت-
ىزارلىقى بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ، كۆڭلۈم-
نى گويا ھاۋا تۇتۇق كۈندىكى بۇلۇت ياكى
تۇمان ئىكەنلىكىنى ئايرىغىلى بولمايدىغان
خۇنۇك، غۇۋا ئاسمان بوشلۇقىدەكلا بىر
ھالغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى. بىز مۇشۇنداق
سۈكۈت ئىچىدە مېڭىشتۇق. ئاخىرى مەن
قەدەملىرىمنى توختاتتىم. چۈنكى مەكتىپىم
ئالدىغىلا كېلىپ قالغانىدۇق.

ئۇمۇ توختىدى. بېشىنى كۆتۈرۈپ
ئاۋۋال ماڭا، كېيىن مەكتەپكە قاراپ ئې-
غىر تىندى. بىز بىر-بىرىمىزگە قاراپ
ئۈنسىز تۇرۇشۇپ قېلىشتۇق. مەن شۇ تاپ-
تا، قانداقلا بولمىسۇن بىر-ئىككى ئېغىز
گەپ قىلىشىم كېرەكلىكىنى بىلىپ تۇرات-
تىم. بىراق، نېمە دېيىشىمنى بىلمەي
گاڭگىراپ قالدىم. نېمە دەي؟ ... قىزنىڭ
پات-پات قاراپ قويۇشلىرى ئاللىقانداق
بىرنېمىنى خىرە-شىرە ئېسىمگە سالغان-
دەك تۇيۇلاتتى. بىراق ئۇنىڭ نېمە ئىكەن-
لىكىنى بىلمەيتتىم. ئۇ زادى نېمە بولغىي-
دى؟ ... ئۇنىڭ كىنوخانىدا ئېيتقانلىرى ...
يەنە، ئارقامدىن بۇ يەرگىچە كېلىشى ...
ھېلىقى قاراشلىرى، خۇددى تەلمۈرگەن-
دەك ... مەن ئىختىيارسىز ئۇھ تارتتىم.

— سىڭلىم، سىز ...

— بەكلا ئالدىراتتىڭىز؟ سىزگە ...
ئېيتماقچىدىم ...

— ئېيتىۋېرىڭ، مەنمۇ تېخى بۇنى
سىزدىن سورىماي قويمايتتىم. مەن بەكلا
ھەيران بولۇپ ...

— سىز ... سىز توي قىلامسىز؟ — ئۇ،
سۆزۈمنى ئۈتتىك بۆلۈپ ماڭا تىكىلدى.
مەن ئۇشتۇمتۇت سورالغان بۇ سوئالدىن
چۆچۈپ، مەڭدەپ ئۇنىڭغا قارىدىم. كوچا
چىراغلىرىنىڭ غۇۋا نۇرىدا، ئۇنىڭ كۆزلى-
رىدىكى ياش تامچىلىرى سۈس پارقىراپ
تۇراتتى. ئۇ كۆزلىرىنى مەندىن ئېلىپ قې-
چىپ يەرگە تىكتى، — ھازىرلا ... ھازىرلا
جاۋاب بېرىڭ ...

ئۇنىڭ تىترەك ئاۋازى شىۋىرغاندا
قالغان يوپۇرماقنىڭ ئەنسىز شىلدىرلىشى-
دەك يېقىمسىز ئاڭلىنىپ، ئاچچىق بىر
ھېس بىلەن كۆڭلۈمنى سەل غەش قىلدى.
بىراق، بۇ ھېسنىڭ قات-قاتلىرىغا سىڭىپ
كەتكەن مۇڭ، ھەسرەت ۋە ئازاب ئۆزىنىڭ
ناھايىتىمۇ ئاجىز بىر نىداسى بىلەن يۈ-
رىكىمنى يەڭگىل تىترىتىپ، پۈتكۈل ۋۇ-
جۇدۇمنى بوشاشتۇرۇپ ئۆتتى. تارام-تا-
رام بۇلاق سۇلىرى قوشۇلۇپ كۈچلۈك،
دولقۇنلۇق بىر ئېقىننى شەكىللەندۈرگەن-
دەك، ھۆجەيرە-ھۆجەيرىلىرىمدىن
سىرغىپ چىققان ئىللىق، ئاجىز ئېقىملار
ئۆزئارا قوشۇلۇپ، بارغانسېرى كۈچىيىپ،
ئاستا-ئاستا پۈتكۈل ۋۇجۇدۇمنى ئېرىتىپ،
ھېسلىرىمنى بىردىنلا دولقۇنلاتتى. مەن
قىزغا بىر خىل مېھرىبانلىق بىلەن تىكىلدىم.

قىز بېشىنى كۆتۈرۈپ، ياش يۇقى
كۆزلىرىنى گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ بۇلۇتلار
قېتىغا مۆكۈنۈپ يۈرگەن ئايغا تىكتى.
كېيىن چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىپ، چەكسىز

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قاراڭغۇلۇقتا سوزۇلغان، قويۇق ئاكاتسىيە دەرەخلىرى بىلەن قورشىلىپ، ئاي ۋە كوچا چىرىغىنىڭ سۇس نۇرىدا گىرىمسەن كۆرۈنۈپ تۇرغان يولغا قارىدى. ئاندىن ئاجايىپ بىر ئۈمىد بىلەن ئۈنسىز ھالدا ماڭا تىكىلدى.

ئۇنىڭ قاراشلىرى ناھايىتىمۇ ئۈمىدلىك، بىر نېمىنى كۈتكەندەك شۇنچە تەقەززالىق، ئىنتىزارلىق ئىدى. مەن ئۇنىڭغا قاراپ سەل ھودۇقتۇم. شۇ تاپتا مەن ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي سەل ھاڭۋېقىپ قالغاندىم. ئۇنىڭ باياتىنقى سۆزلىرىدىن بىرنېمىنى سەزگەندەك قىلغان بىلەن ئۆزۈمگە مۇشۇنداق بىر سوئالنىڭ قويۇلۇشىنى ئويلاپمۇ باقمىغان، كۈتمىگەنىدىم. ئۇنىڭ بۇ سوئالى بىلەن ھېلىقى «مۇناسىۋەت» ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇر بىر سىرلىق ئورتاقلىق، يوشۇرۇن بىر تۇتاشلىق باردەك ھېس قىلاتتىم. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ بىر بىمەنىلىكتەك تۇيۇلاتتى. لېكىن، كۆڭلۈم بىر نازۇك تۇيغۇ بىلەن بىر تەرەپكە — ئاشۇ يوشۇرۇن تۇتاشلىققا ئاجايىپ بىر تەقەززالىق بىلەن ئاغاتتى، ئىشنىڭ ئۇنداق ئەمەسلىكىگە ئىشىنىشكە قانچىلىك ئۇرۇنماي، ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشقا قانچىلىك تىرىشماي، كۆڭلۈم ئۆزۈمنى ئالداۋاتقانلىقىمنى شۇنچىلىك ئېنىق بىلىپ تۇراتتى. ئاخىرى، چوڭقۇر ئېچىنىش ئىچىدە ئۇھ تارتاتتىم.

— بۇ ...

— مەن...مەن... — ئۇنىڭ ماڭا تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولدى. ئۇ يىغلامسىراپ، قوللىرى بىلەن يۈزلىرىنى توستى، — مەن بىلەن ... مېنى ياراتامسىز؟

مەن خۇددى تۇيۇقسىز كاچكۇلغا چۈشۈپ كەتكەندەك ئەندىكىپ كەتتىم. يۈرىكىم ئۈزۈلۈپقىچە ئەنسىز سوقۇپ، ئاستا-ئاستا ئارامغا چۈشتى. مەن زورىقىپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. شۇنداقتىمۇ، جىددىيلەشكىنىمدىن ۋۇجۇدۇمدا ئاجىزغىنا تىترەك بار ئىدى. مەن شۇ تاپتا ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغاندەكلا بىر ھالدا ئىدىم. قالايمىقان ئوي - پىكىرلەر بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ، ئاجايىپ مۇرەككەپ بىر كۆرۈنۈش، ئاڭقىسىغىلى بولمايدىغان بىر كۈي، باش - ئاخىرى يوق بىر چۈشكە ئوخشاش ئېنىقسىز ئۇقۇم ھاسىل قىلىپ، كاللامنى گاراڭ قىلىپ تاشلىدى. مەن كۆزۈمنى يۇمۇۋالدىم. ئاخىرى كاللام ئاستا - ئاستا بوشاپ، چېگىشلىشىپ كەتكەن ئوي - پىكرىم بارا - بارا رەتلىنىپ روشەنلىشىشكە باشلىدى. مەن ئۆزۈمگە كېلىپ كۆزلىرىمنى يوغان ئاچتىم. قىزنىڭ بىر جۈپ ئويچان كۆزى ماڭا تىكىلىپ تۇرۇپتۇ. پۈتكۈل ۋۇجۇدۇم تومۇر - تومۇرلىرىمدا دولقۇنلاۋاتقان كۈچلۈك بىر ئېقىننىڭ چالغۇتىشى بىلەن تەۋرەپ، ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك بولدى. مەن ئاخىرى ھەممىنى — بايا تىلغا ئېلىنىپ، چۈشىنىكسىز پېتى قېلىپ قالغان «مۇناسىۋەت» نى بارا - بارا چۈشەندىم ...

— سىڭلىم، سىز بۇ گەپلەرنى ئويلاپ دەۋاتامسىز ياكى ... مەن، مەن راستىنلا ھەيران قېلىۋاتىمەن، — مەن دۇدۇقلاپ، ئەپسىز بىر ھەرىكەت بىلەن قوللىرىمنى تۇۋۇلىدىم، — مېنى كۆپرەك چۈشەنمەيدۇ ... بەك تاسادىپىيلا ...

— ياق، — قىز ئالدىراپ سۆزۈمنى بۆلدى، — سىزنى چۈشىنىمەن، سىزنى تازا بىلىمەن ... مەن ... مەن سىزنى مۇشۇنداق

يالغۇز ئۇچرىتارمەن دەپ ئۈزۈندىن بېرى كۈتكەن، بۈگۈن سىزنى ھەرگىزمۇ قويۇۋەتمەيمەن. تا ئېنىق بىر جاۋاب ئالغۇچە ...

مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ قىزغا قارىدىم. ئۇنىڭ ياش يۇقى كۆزلىرى ئاجايىپ بىر جۈرئەت بىلەن ماڭا تىكىلىپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ ئاشۇ جۈرئەت بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرىدە يوشۇرۇن ئەكس ئېتىۋاتقان بىر خىل ئەنسىزلىكنى سېزىپ قالدىم. ئۇنىڭ كۆزلىرى كېتىپ قېلىشىمدىن قورققاندەك ھەر بىر ھەرىكىتىمگە دىققەت بىلەن تىكىلەتتى. مەن ئۈنسىز ھالدا بىر تال تاماكا ئوراپ كۈچ بىلەن شورىدىم. مەن ئەمدى سىقىلىشقا باشلىغانىدىم. قىزنىڭ تەلپى ... ئانامغا بەرگەن ۋەدەم... بۇلارنىڭ قايسىسىنى ئورۇنداش كېرەك؟ مەن ئانامغا بەرگەن ۋەدەمگە ۋاپاسىزلىق قىلالمايتتىم. بىراق قىزنىڭ تەلپىچۇ؟ ... خىيالىمدا تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بىر ئوي مېنى يوشۇرۇن بىر شادلىق ئىلكىدە تەۋرەتتى. شۇ ئوي بويىچە ئىش قىلىدىغان بولسام، ئانامغا بەرگەن ۋەدەم بۇزۇلمايتتى. قىزنىمۇ رازى قىلالىشىم مۇمكىندى. بىراق، قىزغا بۇنى قايسى يوسۇندا دېيىش كېرەك؟ مەن قىزنىڭ كۆزلىرىدىن كۆزۈمنى قاچۇرۇپ چوڭقۇر ئۇھ تارتتىم.

— سىڭلىم، — دېدىم ئۇنىڭغا قارىماي، — بىلىسىز، مەن بۇرۇن بىر قېتىم توي قىلغان. سىز بولسىڭىز بىر قىز. بۇنى ئويلىشىڭىز كېرەك. يەنە، مېنىڭ ھازىرچە توي قىلىش ئويۇممۇ، كەلگۈسىدە كىم بىلەن قانداق توي قىلىشنى تاللاش ئەركىممۇ يوق. مەن بۇ ھوقۇقنى پۈتۈنلەي ئانامغا بېرىۋەتكەن، ۋەدە بەرگەن. ئەمدى ۋەدەمگە ۋاپاسىزلىق قىلالمايمەن ... لېكىن بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. گەرچە، قانداقلىقىنى بىلمىسەممۇ يۈرىكىڭىزدە بىر دەرت بار. ئەگەر سىز مېنى ئۆز ئاكىڭىز ئورنىدا كۆرسىڭىز، مەنمۇ قولۇمدىن كېلىدىغان ھەممە ياردىمىمنى ئاكىڭىز ئورنىدا تۇرۇپ قىلسام، بۇ بولماسمۇ؟...

قىز يالت قىلىپ ماڭا قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى سەل چەكچەيگەنىدى.

— ياق، — دېدى ئۇ مەيۈسانە بىر ئاۋازدا، — بۇ قىيىن، بۇ مۇمكىن ئەمەس. مەن ھەممىنى ئويلىغان. بىر قېتىم توي قىلغانلىقىڭىزنىمۇ ئويلىغان. بىراق مەندە نېمە ئىلاج. مەن ھازىر ئېغىر ئەھۋالدا، ئەھۋالىمنى بېشىمدىن ئىش ئۆتمىگەن بىرسىگە ئېيتسام ... ئۇ چاغدا قانداق بولىدۇ. مەن ... مەن ... سىزمۇ ئانىڭىزغا ۋاپاسىز بولۇپ قالماڭ ... دېمىسىمۇ كىمنىڭمۇ ئانىسىغا ۋاپاسىزلىق قىلغۇسى كېلىدۇ ... تۇغۇپ، چوڭ قىلغان تۇرسا ... بۇنداق ۋاپاسىزلىق بەكمۇ ... ئاز ئۆتۈلۈپ قالدۇ ... — ئۇ ئېسەدەپ يىغلاپ، ياشلىرىنى قوللىرىدا سۈرتتى، — سىزنى قانداقمۇ ئاكام ئورنىدا كۆرمەي، سىز شۇنداق ... شۇنداق ياخشى تۇرسىڭىز، خۇددى ئۆز ئاكامدەك ... بىراق ... بىراق مەن ... مەن بىلىمەن. سىزنىڭ ئانىڭىز شۇنداق ياخشى ئايال. خۇددى ئۆزىڭىزدەك ... ياخشى ئانا دېگەن قانداق بولىدىغاندۇ؟ ... ئاھ ... مەن مەن ... سىزنى كۆپ ئاۋارە قىلدىم. رەھمەت، خەير ...

ئۇ قوللىرى بىلەن يۈزىنى چاڭگاللاپ، يىغلىغىنىچە يۈگۈرۈپ كېتىپ قالدى. مەن داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇ يۈگۈرگىنىچە ئادەمسىز يولدا كېتىۋاتاتتى.

www.uyghurkitap.com

بىردىنلا ۋۇجۇدۇم يېقىمسىز، ئاچچىق بىر ھېس بىلەن چايقىلىپ لەرزىگە كەلدى. ئۆزۈمنى خۇددى گۇناھكاردەك ئەيىبلىك ھېس قىلدىم. كېيىن، ئىختىيارسىز ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ كەتتىم.

— سىز ... سىز نېمىشقا ماڭا ئەھۋالىڭىزنى ئېيتمايسىز؟ — مەن قىزنىڭ بېلىكىدىن تۇتۇپ سىلكىپ توختاتتىم، — مەن يا سىزنى تىللىمىسام ... مۇشۇنداق كېچىدە ئادەمسىز يولدا يۈگۈرۈپ نەگە باراتتىڭىز؟ مەن ئېيتىپ قوياي. ئەمدى، ئەھۋالىڭىزنى ئېيتماي تۇرۇپ، بۇ يەردىن ھەرگىزمۇ كېتەلمەيسىز ...

مەن ھاسىراپ ئۇنىڭغا ھوممىيىپ قارىدىم. ئۇ كۆزلىرىمگە قاراپ قويۇپ ئېغىر تىندى. بارا-بارا ئاچچىقىم يېنىشقا، يۈتكۈل تېنىم ئاستا-ئاستا ئوت ئالغاندەك قىزىشقا باشلىدى. يۈرىكىم شادلىق ۋە ھودۇقۇش ئىچىدە گويا مەستىنىڭ تەرتىپسىز قەدەملىرىدەك رىتىمسىز سوقۇپ كەتتى. خىيالدىن بېرى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئاجايىپ بىر ھېس ۋۇجۇدۇمنى يەڭگىللىگىنە غىدىقلاپ، لەرزىگە سېلىپ سۈس، ئاجىزغىنا تىترىتىپ ئۆتتى. مەن قىزغا شۇنچىلىك ھەۋەس، ھېرىسمەنلىك بىلەن تىكىلدىمكى، قىز ئاۋۋال ياش يۇقى كۆزلىرى بىلەن تەبەسسۇم قىلدى. كېيىن سەل ئاتىرىپ، ئۆز بىلىكىگە قاراپ قويدى. مەن قاراپ، تېخىچە ئۇنىڭ بىلىكىنى تۇتۇپ تۇرغانلىقىمنى كۆرۈپ چۆچۈپ، ئۇنى ئىتتىك قويۇۋەتتىم. خىجىللىق ئىلكىدە كۆزلىرىمنى ئۇنىڭدىن قاچۇرۇپ يەرگە تىكتىم. بارا-بارا ۋۇجۇدۇم مۇزلاپ مېنى سوغۇق تەر باستى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— مەن قايتالمىسىكەن، — دېدى ئۇ قول ياغلىقى بىلەن كۆزلىرىدىكى ياش يۇقىنى سۈرتۈپ، — سىزمۇ دەم ئېلىڭ.

— سىز تېخى ماڭا ئۆز ئەھۋالىڭىزنى ئېيتمىدىڭىز، — دېدىم مەن سەل توڭلۇق بىلەن، — ئېيتماي تۇرۇپ مېڭىشنى ئويلىماڭ.

— كەچ بولۇپ كەتتى، — دېدى ئۇ تەنە ۋە ئاچچىق بىلەن ئاللىقاچان چىراغلىرى ئۆچكەن بىنالارغا، ئۇ يەر-بۇ يەردە يورۇپ تۇرغان كوچا چىراغلىرىغا قاراپ. كېيىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئاستا پىچىرلىدى، — ئۆزۈممۇ ئېيتماسلىقنى ئويلاۋاتىمەن ...

— شۇنداقمۇ؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭغا قاراپ ئەلەم بىلەن. كېيىن مېيىسقىمىدا كۈلۈمسىرەپ دېمىقىمنى قاقتىم، — ئىختىيارىڭىز.

— خەير، — دېدى ئۇ، خۇددى قىيالمايۋاتقاندەك ئاخىرقى قېتىم يەر تېگىدىن قاراپ.

— توختاڭ، — بىر نېمەم يوقاپ كەتكەندەك تىپىرلاپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشىپ قوپاللىق بىلەن ئېيتتىم، — ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قوياي ...

— رەھمەت ...

— بۇنىڭغىمۇ بولمامتى؟ — دېدىم مەن جۇدۇنۇم تۇتۇپ زەردە بىلەن.


— سىزنى ... — ئۇ، بېشىنى كۆتۈرۈپ سوغۇق نەزەر بىلەن ئۆيالغاندەك قاراپ قويدى.

— ھىم، يۈرۈڭ ...

كېچە ...

تەبەسسۇمنى ئۆزىنىڭ زۇلمەتلىك سايىسى بىلەن خىرەلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا سىرلىق سۈكۈنات ۋە ۋەھىمە ئاتا قىلد

دىغان قورقۇنچلۇق كېچە... ھاياتتىكى
ياخشىلىق ـ ياماىلىق، گۈزەللىك ...


乌鲁木齐市行政事业性收费专用收据
№ 2607348
年 月 16 日

| 缴费单位 | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 收费名称 | 计量单位 | 数量 | 单价 | 金额 千百十万千百十元角分 |
| (1990.1 — 1990.12) | | 2 | 130 | 26000 |

合计金额(大写)
收款单位(财务章) 财务主管(章) 收款人(章)
第二联 收据

باىيىقى ئاچچىقىم يوقاپ، يىپسىز بىر پە-
رىشانلىق مېنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى. مەن

ئىسەنكىرەپ، قىزغا كۆز تىكتىم. ئۇ،
...لا كىرىپ كېتىدىغاندەك كۈچىنىڭ
بدىلا ئىسەدەپ يىغلاپ تۇراتتى.
ەل سىلكىنىپ تۇرغان نازۇك
ۇنچە گۈزەل ئىدى. تاتارغان چە-
ايغۇلۇق كۆزلىرىدىكى ياش ئۇنى
مسكىن شۇنداقلا بەكمۇ ئۇماق
ۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ
قاراپ يۈرىكىم ئېچىشتى. تېنىم
ەاندەك قىزىپ، يەنە مۇزلىدى.
ىلك كىرىپ كېتىشىدىن ئەنسىد
دەك ئاستاغىنا ئۇنىڭ ئالدىغا

بۇ راستمۇ؟ — دېدىم مەن، سەل
ۋە خىجىللىق ئىچىدە ھەيران-
يوشۇرالماي.
ھىم، — ئۇ ئېغىر تىنىپ بېشىنى
ى. كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ يە-
ۆز تىكتى. بىر پەس سۈكۈتتىن
خۇددى باشقا بىرسى ئۈستىدە
لۇۋاتقاندەك پەرۋاسىز، شۇنداقلا
لەن پىچىرلىدى، — ئۇنىڭ دەردىنى
رتتۇق، رەھمەتلىك بىچارە دادام
ئاساپىتىدىن ئۆلۈپ كەتتى. ئا-
بېشىنى كۆتۈرۈپ يۈرەلمەي ئۇن-
وقاپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ پەس
ئۇچۇنلا بىزنى مۇشۇنداق سورۇ-
بىزنى بەختسىز قىلىپ قويدى.
گەپ قىلدىم، ئۇرۇشتۇم، يىغلىدىم،
سىنى كار قىلمىدى، — ئۇ ئۆزىنى
ىمدى. كۆز چاناقلىرىدىن سىرغى-
ى مەڭزىلىنى يۇدى. ئۇ، ياشنى
ئۆللەنگەن نېپىز لەۋلىرىنى چىشـ
لىدى. يەرگە قاراپ يىغلاشقا باشلىدى. ئېيت-
تى، — قورقىمەن ... مەن قورقىمەن. ئۆز

www.uyghurkitap.com

ىمگەدىن. ئۆزۈمنى تېزرەك چەتكە ئالمىسام، ئاچامنى سۆرىگەندەك بۇ ئىپلاس ئىشقا مېنىمۇ سۆرەپ كىرىدۇ. مەن... مەن شۇنىڭ بىلەن... مەن ئۇنىڭدىن، ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن بەك يىرگىنىمەن. مەن... مەن ئەمدى...

قىز سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ ستولىنى تۇتتى. ئۇنىڭغا ئېسىلىپ ئېزىلىپ يىغلىدى.

ئاھ ھايات... ئاھ ئانىلار...

كۆكتە يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى. ھىلال ئاي خۇددى ئۇيالغاندەك بۇلۇتلار قېتىدىن ماراپ، كۆڭۈلنى غەش قىلاتتى. ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى سۇرلۇك جىمجىتلىقنى پات-پات بۇزاتتى.

مەن ئورنۇمدىن قىمىرلىيالمىدىم. خۇددى ھېسسىز ھەيكەلدەك قېتىپلا قالغانىدىم. قىزنىڭ ئېسەدەپ يىغلاپ ئېيتقانلىرى گويا ئاللىبۇرۇن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردەك ياكى كەلگۈسى ھەققىدىكى خىياللىرىمغا ئارىلىشىۋالغان قورقۇنچلۇق چۈشلەردەك غۇۋا تۇيغۇ بېرەتتى. ۋۇجۇدۇمدا نە شادلىق، نە قايغۇ ئالامىتى يوق ئىدى. پەقەت كاللاملا، ئۆزىگە بۆسۈپ كىرمەكچى بولغان ئوي-پىكىرلەرنىڭ يالدىنى توسۇۋاتقاندەك توختاۋسىز غوڭۇلدايتتى.

ئاخىرى ئاستا-ئاستا ئۆزۈمگە كەلدىم. ئەتراپ بۇرۇنقىدەكلا جىمجىت ھەم قاراڭغۇ. پەقەت تۇرغان يېرىمىزلا ئاي نۇرى ۋە كوچا چىرىغىنىڭ ئاجىز نۇرىدا سۇس يورۇپ تۇراتتى. مەن ئېغىر ئۇھ تارتتىم. شۇ چاغدا بايىقى ئىشلار خاتىرەمنى غىدىقلاپ، ئاچچىق، ھەسرەتلىك بىر ھېس يۈرىكىمدىن ئېتىلىپ چىقتى. مەن ئازابلانمىدىم. پەقەت قىزنىڭ ئازابلىرىغا سۆكۈت قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى، بۇنىڭ بەكمۇ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بۇ ھېس مېنى ئۆزىنىڭ ئاجايىپ بىر غەلىتىلىكى بىلەن خۇشال قىلدى. بۇ ھېس قىزنىڭ قايغۇ ۋە بەختسىزلىكىنىڭ مەنبەسىنى ئاخىرى بىلگەنلىكىمدىن، ئۇنىڭ ئازابلىرىنى يوق قىلىشقا بەل باغلىيالىغانلىقىمدىن، بۇنىڭغا جۈرئەت قىلالىغانلىقىمدىن پەيدا بولغان ئىدى. مەن يەنە ئۆزۈمنى زورىغا بېسىپ تۇرۇۋاتساممۇ، بىر خىل سوغۇق، ئاچچىق تىترەكنىڭ ۋۇجۇدۇمنى ئارامسىزلاندۇرۇۋاتقانلىقىنى، پەرىشانلىقنىڭ ئارام بەرمەيۋاتقانلىقىنى خاپىلىق، بىزارلىق ئىچىدە تۇيۇپ تۇردۇم. ئاجىزغىنا بىر ئەنسىرەش تۇيغۇسى بارا-بارا كۈچىيىپ، مېنى سەل دىلغۇل قىلىپ ئىككىلەندۇرۇپ، ئېھتىياتچان قىلىپ قويدى. مەن نەپرەت ۋە ئېچىنىش بىلەن كوچىغا قارىدىم. كوچا شۇنچىلىك جىمجىت ھەم قاراڭغۇ، گويا ھەممە بالا-قازانىڭ ئاغزىدەك دەھشەتلىك ھەم سۈرلۈك ئىدى. ۋۇجۇدۇم بىردىنلا ئۆزگە ئاستا-ئاستا بېسىپ كىرىۋاتقان قورقۇنچتىن سەل ئەندىكتى.

قىز يىغلاۋاتاتتى. مانا ئەمدى، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈشەندىم. بايا ماڭا تۇتۇق ھەم غەلىتە كۆرۈنگەن كۆرۈنۈشلەر ھازىر شۇنچە تەبىئىي ھەم رەڭدار ئىدى. ئۇنىڭدا ساقلىنىپ قالغىنى — پەقەتلا تېخى قورۇمىغان كۆز ياش، يوقالمىغان ئازاب ئىدى. مەن كۈچلۈك بىر ئېھتىياتچانلىق ھەم ئىككىلىنىش، ئەنسىزلىك ھەم قورقۇنچنىڭ تىزگىنلىشىدە زادى نېمە قىلىشىمنى بىلەلمىدىم. ئۇ-

نىڭغا نېمە دەپ تەسەللى بېرەي؟ ماقۇل
دەمدىم يا؟ بۇ جاۋابىقۇ ئۇنىڭغا زور تە-
سەللى بولار. بىراق مەنچۇ؟ يۈرىكىم
سەل ئۆيدى... بىر چاغلاردا پەردەمۇ
مۇشۇنداق يىغلىغان. تېخى ئۇنىمسام ئۆ-
لۈۋالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ مېنى قورقۇت-
قان، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ياشىنىپ قالغان
كېسەل كىشىلەر ئىكەنلىكىگە مېنى ئى-
شەندۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن تەقسىمات
ئىشىمنى ئۆزگەرتىپ يۇرتۇمنى تاشلاپ،
ئانام ۋە ئىنى ـ سىڭلىمنى داغدا قويۇپ،
ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كەلگەن... بۇ يەردە
كۆرگىنىم ئۇنىڭ ئوتتۇرا ياشلىق ساغلام
ئاتا ـ ئانىسى... كۆڭلۈم پۇشايمان، ھەس-
رەت، قايغۇ ۋە ئازاب بىلەن ئۆتكەن.
ھازىر بولسا مەندە ماۋۇ قىزنىڭ ئازاب-
لىرىنى يوق قىلىش، ئۇنى خەتەردىن
قۇتقۇزۇۋېلىش ئىستىكىلا بار، بىراق، ئا-
نامغا بەرگەن ۋەدەم، بولۇپمۇ ئىشىنىڭ
ئاقىۋىتى مېنى ئىككىلەندۈرەتتى...

— سىڭلىم سىز. ...—مەن دۇدۇقلاپ،
كۆزلىرىمنى ئۇنىڭدىن قاچۇردۇم، — نېمە
دېسەم بولار... ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا بىر-
نېمە دېيىش... ھىم، بەكلا كەچ بولۇپ
كەتتى. مەن سىزنى، ئۆگۈنلۈككە كىنو
ۋاقتى بىلەن مەكتىپىم ئالدىدا كۈتىمەن.
خەير، — مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا
قارىدىم، —چوقۇم كېلىڭ.

قىز ئۆرۈلۈپ ياشلىق كۆزلىرىنى
ماڭا تىكتى. مەن خۇددى قوغلانغاندەكلا
بۇ يەردىن ئالدىراپ يۈرۈپ كەتتىم.

قانداق قىلىمەن ئانا؟ بىر بەختسىز
ماڭا مۇشۇنداق تەلەپ قويۇۋاتسا... ئۇنىڭ
كۆز ياشلىرىغا چىدىيالمىدىم. گەرچە، ئۇ-
نىڭغا ئېنىق بىرنېمە دېيەلمىگەن بول-
سامۇ، ياتىقىمغا يېنىپ كىرىپ زادىلا
ئۇخلىيالمىدىم. پۈتۈن تۈن ئۇنى ئويلاپ،
ئازابلىنىپ چىقتىم. ئەگەر ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى
راست بولىدىغانلا بولسا، ئۇنىڭ تەلىپىنى
رەت قىلىشنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدىغانلى-
قىنى بىلىپ تۇراتتىم. ئۇزاق ئويلاپ ئا-
خىرى، قانداقلا بولمىسۇن ئۇنى ھەم
ئۇنىڭ ئائىلە ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ بې-
قىپ، شۇنىڭدىن كېيىن بىرنېمە دېيىش
قارارىغا كەلدىم. مەن ئارىلىقتىكى ئاشۇ
ئىككى كۈندىن پايدىلىنىش ئۈچۈن كۆرۈ-
شۈش ۋاقتىنى ئەتەي كېيىنكە سوزغانىدىم.
شۇنداق قىلىپ، قىزنىڭ ئەھۋالىنى قوش-
نىلىرىدىن سۈرۈشتۈردۈم. جېنىم ئانا،
ئۇنى كۆپ كىشىلەر بىلمەيدىكەن. بۇ
خېلى تەسكە چۈشتى. قىز يالغان ئېيت-
ماپتۇ. ئۇنىڭ ئانىسىنىمۇ كۆردۈم. ئۇنىڭ
ئانىسى ھەقىقەتەنمۇ ئۆزى ئېيتقاندەك
ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈم تىندى.
قىزغا ئىشەندىم. ئەھۋال ئېيتىپ بەرگۈ-
چىلەرمۇ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ، قىزغا ئىچ
ئاغرىتىشتى. ئارىلاپ ئۇنىڭ ياخشى تەرى-
پىنى قىلىپ بېرىشتى. ئۇنىڭسىزمۇ، قىزنىڭ
مۇشۇ ئىشتىكى جۈرئىتىلا ئۇنى چۈشىنى-
شىمگە يېتەتتى. بۇ ماڭا مەدەت بولدى.
ئۇنىڭ كۆز يېشى، مىسكىن تۇرقى بولسا
زادى كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى، كۆچلۈك
ھېسداشلىقىمنى قوزغىدى. ئۇنىڭ شۇنچە
كىشىلەر ئارىسىدىن مېنىلا، پەقەت مېنىلا
تاللىغىنى، ماڭا ئىشەنگىنى مېنى چەكسىز
سۆيۈندۈردى. ئانا، مەن ئۆزۈمدىن، يەنە
مېنى ئۆستۈرگەن سەندىنمۇ شۇنچىلىك
پەخىرلەندىم. سېنىڭ مېھرىبانلىقىڭ،
كۆيۈمچانلىقىڭ ماڭا جاسارەت، كۈچ ـ قۇۋ-
ۋەت بېغىشلىدى. بىر بىچارىنى بەختسىز-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىك ۋە خورلۇق ئاغزىدىن قۇتقۇزۇشنى ئوغلۇڭغا راۋا كۆرۈدىغانلىقىڭنى ئويلاپ ئالەمچە شادلاندىم. گويا بىر شەپقەتچى ئۇستۇمدىكى ئېغىر يۈكنى ئېلىۋەتكەندەك يېنىكلەپ، پۈتكۈل ۋۇجۇدۇم ئىللىق بىر ھاراراتتە لەرزىگە كەلدى. بەلگىلەنگەن ۋاقىتنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتۈم. ئاخىرى، ۋاقىتمۇ توشتى. مەن، ئۇنى كۆرۈشكە ئالدىراپ سەل جىددىيلەشتىم. ئۆزۈمنى بىر ئاز بېسىۋېلىپ، تېزلا مەكتەپ ئالدىغا چىقتىم.

ئەتراپقا گۇگۇم قاراڭغۇلۇقى يېيىلماقتا ئىدى. ئاسماننىڭ كۈن پېتىش تەرىپى ئۆچۈش ئالدىدىكى ئاخىرقى قىزغۇچ شەپەق بىلەن سۇس تاۋلىنىپ تۇراتتى. شەپەقنىڭ چەت - چۆرىسى سارغۇچ ھەم ئېقىش بولۇپ، بارغانسېرى كۆكۈچ ھەم قارامتۇل بۇلۇتلار بىلەن تۇتىشىپ كېتىۋاتاتتى. يۇلتۇزلار تېخى جىلۋىسىنى نامايان قىلمىغان، ھىلال ئايمۇ ئۆز قەسرىسىدىن جابدۇنۇپ چىقمىغانىدى. پەقەت غۇر-غۇر شاماللا ئاكاتسىيە ۋە تېرەك يوپۇرماقلىرىنى يەڭگىل شىلدىرلىتىپ، قاياقلاردىندۇر گۈل ھىدى ۋە بىلگىلى بولمايدىغان غەيرىي ئارىلاشما پۇراقلارنى ئەكلىپ دىماغقا ئۇراتتى.

مەن بىتاقەت بولۇپ ئۇنى كۈتتۈم. ۋۇجۇدۇم بولسا بىر ئېزگۈ ھېستىن شادلىنىپ، توختاۋسىز چايقىلاتتى. يۈرىكىم ئاشۇ شادلىقتىن، شۇنداقلا جىددىيلەشكەنلىكىمدىن سەل ئەنسىزلىك بىلەن سوقاتتى. ئۇنىڭ جەزمەن كېلىدىغانلىقىنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرسىمۇ، يەنە كەلمەي قېلىشىدىن قورقاتتىم. يولدا كېلىۋاتقان ھەربىر كىشىگە قىزىقىش، دەككە - دۈككە ئىچىدە سىنىچىلاپ نەزەر سالاتتىم. ئاخىرى ئۇ كەلدى.

— ساقلىتىپ قويدۇممۇ، — دېدى ئۇ ئەپۇ سورىغاندەك خىجىل بولۇپ. ئۇنىڭ كۆزلىرى تەبەسسۇم بىلەن چاقنايتتى. ئۇ، ياتسىرىغاندەك. كۆزلىرىنى مەندىن ئېلىپ قېچىپ پىچىرلىدى، — ئازراق ئىشىم چىقىپ قېلىپ...

— ئۇنداق ئەمەس، — دېدىم ھودۇققىنىمدىن سەل گاراڭ - گۇرۇڭ ئاۋازدا، — ئۆزۈم بالدۇرراق چىققانىدىم، — مەن سەل تۇرۇۋېلىپ ئۇنىڭغا ئېيتتىم، — ئەمىسە، ماڭامدۇق؟...

— ئىم، — ئۇ يەرگە قاراپ بېشىنى يەڭگىل سىلكىدى.

بىز دەريا بويىغا قاراپ ئۈنسىز مېڭىشتۇق. ئالدىمىز تەرەپتىن نەم شامال ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. يول بويىدىكى سۆۋادان ۋە ئاكاتسىيە دەرەخلىرىنىڭ يوپۇرماقلىرى شامالدا يېنىك سىلكىنىپ شىلدىرلايتتى. ھېلىلا كۆرۈنگەن ھىلال ئايمۇ يوپۇرماقلار ئارىلىقلىرىدا گويا ۋىلىقلاپ كۆلگەندەك، خىيالىي تۇيغۇدىكى غۇۋالىق ئىچىدە جىلۋىلەنگەن نۇر ئەگمىسىدەك شۇنىچىلىك سېھىرلىك ۋە جۇلالىق كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ يوپۇرماقلار ئارىلىقلىرىدىن شۇڭغۇپ چۈشكەن تال-تال نۇرلىرى خۇددى قەلب رۇجەكلىرىگە كىرمەكچى بولغاندەك ناھايىتىمۇ يورۇق ۋە يارقىن ئىدى. ئۇنىڭدىن تارىغان سۇس ئېقىش نۇر تورى بەئەينى بىر ئاق تۇماندەك ئۆز ئەتراپىنى قاپلاپ، يۇلتۇزلارنىڭ چىمىرلاشلىرىنى توسقانىدى. پەقەت، نېرىراقتىكى يۇلتۇزلار ئۇنىڭ بىلەن بەسلەشكەندەك ناھايىتىمۇ نۇرلۇق ۋە جۇلالىق چاراقلايتتى. يۈرىكىم بولسا كۈچلۈك

بىر ئېزگۈ ھېستىن ھاياجان بىلەن سوقاتتى. مەن، بۇ كائىنات بېزەكلىرىگە مەستلەرچە تويماي قارىدىم.

— گەپ قىلمايسىزغۇ، — ئۇ خۇددى ئەينىكارلاردەك بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئاستا سورىدى، — يا مەندىن خاپا بولۇپ قالدىڭىزمۇ...

— ياق، سىز سۆزلەڭ، مېنىڭ ئاڭلىغۇم بار، — مەن ھاياجانلىنىپ ئۇنىڭغا مېھرىم بىلەن تىكىلدىم، — ھېس قىلىشىمچە قايسى كۈنىمۇ سۆزلىرىڭىزنىڭ ئاخىرىنى ئېيتمىغان ئىدىڭىز.

— قىلسام گەپ تولا، — دېدى ئۇ يىراقلارغا قاراپ ئۇھ تارتىپ.

— ئاڭلايمەن، بىلەمسىز، بۇ ئىككى كۈندە ئەھۋالىڭىزنى سورۇشتۇرۇپ ھەممىنى ئۇقتۇم، — ئۇ يالت قىلىپ ماڭا قارىدى. مەنمۇ ئۇنىڭغا قاراپ پىچىرلىدىم، — ئازابلىرىم مېنى بەكلا ئېھتىياتچان قىلىپ قويۇپتۇ. شۇڭا مەن...

— ئەسلى، بۇنى سىزگە ئۆزۈم ئېيتماقچى ئىدىم. دەسلەپتە مەن ئوڭايسىزلىنىپ قالدىم. كېيىن بولسا سىز كېتىپ قالدىڭىز...

دەريا تىنچ ئاقماقتا. ھىلال ئاي ۋە يۇلتۇزلار ئەمدى ئۇنىڭ دولقۇنسىز بېتىدە جىلۋە قىلماقتا ئىدى. دەريانىڭ يېيىلىپ ئاققان كەڭ بېتىنىڭ بىر تەرىپى ئاي نۇرىدا ئاقۇش جۇلالىنىپ، يەنە بىر تەرىپى ھەرخىل تېرەك ۋە سۆگەتلەرنىڭ سايىلىرى بىلەن خىرەلىشىپ غۇۋا كۆرۈنەتتى. مەن بىر تال سۆگەت شېخىنى ئېگىپ، جەينەكلىرىم بىلەن ئۇنىڭغا يۆلىنىپ، سۈكۈت ئىچىدە قىزغا تىكىلدىم. ئۇ بىر پەس قاراپ تۇرۇپ، ئاندىن كۆزلىرىنى دەريادىن يۆتكىدى. ئېغىر تىندى.


— راست، سىز تېخى ھەممىنى بىلىپ كېتەلمىدىڭىز. ئەمدى شۇنداق ئانىڭمۇ بار ئىكەنلىكىگە گۇمان قىلماڭ. دەسلەپتە، مەنمۇ ئازراق ئاڭلاپ ئىشەنمىگەنىدىم. دادامنىڭ ئۆلۈمىنىمۇ توزلا چۈشىنىپ، قازايى-قەدەر شۇنداق ئوخشايدۇ، دەپتىكەنمەن. ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ قالغان بولسام بۇ ئىشلاردىنمۇ خالى بولغان بولاتتىم. مەكتەپتىن چىقىپلا ئۇزۇن ئۆتمەي گاڭگىراپ قالدىم. ئاڭلىغانلىرىممۇ يالغان ئەمەس ئىكەن. بۇنى كېيىنرەك بىلدىم، نېمە ئامال؟ ئانامنى تۈزىلىپ قالار دەپ ئىشەندىم. كۆرمەسكە سېلىپ يۈردۈم. بىر يېرىم يىل شۇنداق ئۆتتى. بىر نىكاھلىق بولغان ئاچام ئانام بىلەن كۈنلىرىنى ئۇ يەر-بۇ يەردە قاتراپ ئۆتكۈزدۇ. كەچتە... ئىلاجىسىز ئاچچىقىمنى بېسىپ قوشنىلارنىڭ، دوستلىرىمنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كېتىمەن. بەزىدە كىنوغا بارىمەن. خېلى بىر ۋاقىت بولغاندا ئاندىن كىرىپ ياتىمەن...

قىز ئۇھ تارتىپ، دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى قارامتۇل كۆرۈنۈپ تۇرغان كىچىك ئورمانلىققا قارىدى. ئۇنىڭدىن بىرنېمىنى ئىزدەۋاتقاندەك، سۈكۈت ئىچىدە قادىلىپ تۇردى. مەن، قىرغاقتا چوقچىيىپ تۇرغان تاش ئۈستىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ تاماكا ئوردىم. ئۇ بىر پەس ئاشۇنداق تۇرۇپ خورسىندى. يەردىن قۇرۇپ قالغان بىر تال چىۋىقنى ئېلىپ، قارس قىلىپ سۇندۇردى. ئۇنى سۇغا تاشلاپ، ئاقۇش سۇ يۈزىدە غايىب بولغۇچە قاراپ تۇردى. كېيىن مەيۈس ھالدا سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئائىلىمىزنىڭ پۈتكۈل ئىشلىرى ماڭا يۈكلىنىپ قالغاچقا، قايتا ئىمتىھان بېرىپ بېقىشقىمۇ تەييارلىق قىلالمىدىم. روھىي بېسىم ھالسىرىتىپ قويغاچقا، گاراڭدەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولۇپ قىلىپ كۈن بويى يىغلاپلا يۈردۈم.
ئۆزۈمگە ئىشەنچىمۇ قىلالمىدىم. شۇڭا ئىش
ئىزدىدىم. لېكىن يۆلەنچۈكۈم بولمىغاچقا
ئىشمۇ تاپالمىدىم. ئەگەر ئىش تېپىۋال-
سامىلا، ئۆيدىن چىقىپ كەتمەكچى ئىدىم.
قىز بالىنىڭ سىرتقا چىقىپلا بىرەر ئىشـ
نىڭ بېشىنى تۇتىمىقى قىيىن ئىكەن. قىز
بولۇپ قالغانلىقىمدىن ئۆكۈندۈم، يىغ-
لىدىم. بىتەلەيلىكىمدىن قاقشىدىم. ئۆز
ئەمگىكىم ئارقىلىق بۇ خورلۇقتىن قۇتۇلۇش
ئۈمىدىم يوققا چىقتى. شۇنىڭ بىلەن،
بەختىمنى باشقا ياقتىن كۈتتۈم، ئۆزۈم
كۆرمىگەن بىرسىنىڭ قولىدىن بەخت تەمە
قىلدىم. شۇ ئارقىلىق ئۆزۈمنى دەردتىن
خالاس قىلماقچى بولدۇم...— ئۇ، كېلىپ
بىر تۈپ سۆگەتكە يۆلەندى. كۆزلىرىنى
يۇمدى. مەن ئۇنىڭغا ئۈنسىز تىكىلدىم.
ئۇ كۆزلىرىنى ئېچىپ ئايغا تىكىلدى.
ئاي نۇرىدا ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى ياشـ
تىن پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ بېشىنى تۆۋەن
سېلىپ يەنە ئېغىز ئاچتى،—قىزلار ئاجىز
ئىكەنمىز. دادام بار چاغدا، ئوقۇۋاتقىـ
نىمغا قارىماي تولا ئىشىك قاققان ئەل-
چىلەر ئەمدى كەلمەيدىغان بولدى. مۇشۇ
ئەھۋالدا تۇرساق، بۇ ئائىلىگە كىممۇ
ياخشى كۆزى بىلەن قارىسۇن؟ ئەمدى
بىلدىمكى، دادامنىڭ ماشىنىسىنى ھەيدەپ
بېرىپ ياردىن غۇلاپ چۈشۈپ قازا قى-
لىشىمۇ تاسادىپىي ئەمەسكەن. شۇ كۈنى
كەچتە، دادام يىراقتىن كېلىپ ئۆيگە
كىرگىنىدە... ئاھ، بۇ ئاھانەتنى، بۇ خور-
لۇقنى دادام قانداقمۇ كۆتۈرەلىسۇن. ئۇ،
داڭ قېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ. ئارقىدىنلا
غەزەپ بىلەن ئېتىلىپتۇ. بىراق تاقىۋې-
لىنغان ئىشىكنى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئا-
چالماپتۇ. پۈتۈن ئەزايى تىترىگەن، كۆز-
لىرىگە قان تولغان ھالدا، ئادەمسىز قا-
راڭغۇ كوچىدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا يۈگۈرۈپ
يۈرۈپتۇ. نېمىنى ئويلىغان بولغىيدى،
غەۋغا قىلماپتۇ. ئىشىك ئالدىدا بىر ھا-
زاغىچە ئۈنسىز ھالدا، خۇددى ھەيكەل-
دەك قېتىپ تۇرۇپتۇ. كېيىن، تۇيۇقسىز
ماشىنىسىغا سەكرەپ چىقىپ ئوت ئالدۇ-
رۇپتۇ. ئۇنى ئوقتەك تېز ھەيدەپ كېتىپ
قاپتۇ... بىچارە دادام دەرد ـ ئەلەمدىن
بىراقلا قۇتۇلغانىكەن. ئۇلار تۈزەلمىدى.
كېيىن... كېيىن بولسا ئاچام دېگەن
ئىپلاس مېنىمۇ بۇ ئىشقا...



ئۇ بوغۇلۇپ سۆزلىيەلمىدى. تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى ئالقانلىرى بىلەن سۈرتۈپ يەرگە قارىدى. مەن ئىغىر تىنىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئىختىيارسىز، قولۇمدا ئويناپ ئولتۇرغان بىر تال چالمىنى كۈچ بىلەن سۇغا ئاتتىم. سۇ يۈزىدە كىچىك - كىچىك چەمبەرسىمان دولقۇنلار پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ھىلال ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى يېنىك تەۋرەتتى. ئۇ كېلىپ، قىرغاقتا ياندىش بىر ئۇيۇلتاش ئۈستىدە ئولتۇردى. ئۇزۇنغىچە ئۈنسىز ئولتۇرۇپ، يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئۇنى سىلكىۋېتىپ، خاپا ھالدا چىقىپ كەتتىم. نەگىمۇ باراتتىم؟ دوستۇمنىڭ ئۆيىدە ئىككى كۈن تۇرۇپ يەنە قايتىپ كەلدىم. بۇنى كىمدىن كۆرۈمەن، ئەقىلسىز ئاچامدىنمۇ؟ ئوتتۇرىدا پەردىشەپ قالمىغانىدى. شۇڭا، بىلمەسكە سېلىپ يۈرگەن ئانامنى ئەمدى ئايىمىدىم. ئۇنى تىللىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ يۈزىگىمۇ قارىمىدىم. كۆڭلۈم سىقىلىش ھەم قورقۇنچ ئىچىدە ئۆتمەكتە. ئىلاج قىلماي يۈرۈۋەرسەم، ئەمدى بولمايدۇ... مەن... مەن قورقىمەن...— ئۇ، ياشتىن ھۆللەنگەن يۈزىنى قوللىرى بىلەن چاڭگاللاپ ئىسەدەپ يىغلىدى،— سىزنى... سىزنى دوستۇمدىن كۆپ ئاڭلىغان، شۇڭا سىزنى كۆڭلۈمگە پۈككەن. سىزنى ئەمدى تاپتىم. سىزگە ئىشەندىم. ھەممىنى... ھەممە ئۈمىدىمنى سىزگە باغلىغانىدىم. ماڭا ۋەدە بېرەلەمسىز؟ مېنى...

ئەمدى ئازراق قىياس قىلغانسەن، چۈشەنگەنسەن جېنىم ئانا؟ ۋۇجۇدىدىن تېخى سەبىيلىكىنىڭ ئىزنالىرى تۆگۈل يوقالمىغان بىر قىز زار - زار يىغلاپ، ئانىسىدىن قاقشىماقتا، زارلانماقتا. ئۇنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلماقتا. ئۇ، بۇلارنى قانچىلىك تەستە دەۋاتقاندۇر - ھە؟ ئاھ، قەدىرلىك ئانا، ئۇنىڭ ئېيتـ-قانلىرىنى ساڭا قانداقمۇ دېيەلەيتتىم؟ پەقەت، خەت بولغانلىقى ئۈچۈنلا مۇشۇنداق ھەممىنى يېزىۋاتىمەن. بۇنى ئوقۇغان چېغىڭدا قانچىلىك ئازابلىنارسەن جېنىم ئانا؟ قىزىڭنىڭ قىسمەتلىرىگە ئېچىنىپ، جايناماز ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ياش تۆككەن، ئۇنىڭ بەختىنى تىلەپ دۇئا قىلغان چاغلىرىڭدا، پەقەت يۈرىكىڭدىن چىقىرىپ مېنى ئەپۇ قىلىپ قويساڭلا كۇپايە. پەقەت مۇشۇلا مېنىڭ ئارمىنىم...

ئۇنىڭ دەيدىغانلىرى تۈگىگەنىدى. مەن ئازابلاندىم. ئازاب ئىچىدە تۇرۇپ نۇرغۇن نەرسىلەرنى — ئىنسان بولماقنىڭ نەقەدەر تەسلىكىنى ئويلىدىم. باياتىن بېرى يۈرىكىمنى تاتىلاپ، قوتراپ تۇرغان ئاچچىق بىر ھېس گويا چىقىش يولى تاپقاندەك ئېتىلىپ چىقتى. كۆزلىرىم ياشتىن قاراڭغۇلاشتى. مەن ئۆزۈمنى زورغا تۇتۇۋېلىپ، قوللىرىم بىلەن ياشلىرىمنى سۈرتتۈم. بېشىمنى كۆتۈرۈپ قىزغا قارىدىم، ئۇ، ئۈنسىز ياش تۆكۈپ، دەرياغا قاراپ تۇراتتى. ئۇ تۇتۇپ تۇرغان سۆگەتنىڭ تۆۋەنگە ساڭگىلىغان ئۇششاق تاللىرى ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدە گويا ئۇنى سۆيمەكچى بولغاندەك شامالدا يەڭگىل تەۋرىنەتتى. ئۇنىڭ تاتارغان يۈزلىرى ئاي نۇرىدا تېخىمۇ ئاق، گويا ھىلال ئاي بىلەن بەسلىشىۋاتقاندەك نۇرلۇق كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ، سۆگەت تاللىرى بىلەن قوشۇلۇپ سۇغا چۈشكەن شولىسى ئاجايىپ كۆركەم، خۇددى قەدىمىي چۆچەكلەردىكى خىيالىي نەرسىلەردەك سىرلىق، چۈشتەك غۇۋا، سالتەنەتلىك كۆرۈنەتتى. تۇساتتىن يۈرىكىمنىڭ قات - قېتىدىن — ئاچچىق ھېسلارغا ئورالغان بىر چوڭقۇرلۇقتىن ئاستا - ئاستا ئۆرلەپ چىقىۋاتقان كۈچلۈك، تاتلىق بىر ھېستىن ۋۇجۇدۇم لەرزىگە كەلدى. ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمىدىم. ئۇنىڭ يېنىغا

بېرىپ، ئىككى مۈرىسىنى تۇتۇپ ئۆرۈدۈم. پۈتۈن مېھرىم، مۇھەببىتىم بىلەن ئۇنىڭ ياشلىق كۆزلىرىگە تىكىلدىم. بىراق، ھاياجانلانغىنىمدىن گەپ قىلالماي، ئاران-ئاران بېشىمنى لىڭشىتتىم. ئۇ ماڭا ناھايىتىمۇ ئۇزاق تىكىلدى. كېيىن، چاناقلىرى سەل كېڭىيىپ، لەۋلىرى تىترىدى. ئارقىدىنلا، ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلدى. ئۇ ئىچ-ئىچىدىن ۋاپىساپ كېلىۋاتقان ئۆھلىرىنى باسالماي ھاسىراپ، ھالسىزلىنىپ ماڭا يۆلەندى. ئۈنىنى قويۇۋېتىپ قاتتىق يىغلىدى. كۆكسۈمگە بېشىنى قويۇپ، ئازابلىق دەردلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا چىقىرىپ تاشلىماقچى بولغاندەك، ئۇزاققىچە مۇشۇنداق يىغلىدى. مەن ئۇنىڭ چاچلىرىنى سىيىلىدىم. قېنىپ-قېنىپ پۇرۇدۇم. قول ياغلىقىم بىلەن ياشلىرىنى سۈرتتۈم. ئۇ ئۆكسۈپ تۇرۇپ ئېيتتى:

— بىلىمەن، مەن بىلىمەن. سىزدە... توي قىلغۇدەك شارائىت يوق. بىراق... ماڭا ئۇنداق توي كېرەك ئەمەس، كىيىم-كېچەك... كېرەك ئەمەس... ماڭا... مانا... مۇشۇنىڭ ئۆزى توي، مۇشۇنىڭ ئۆزى كاتتا تويلۇق، بايلىق. مەن...

كائىناتقا چېچىلغان ساناقسىز يۇلتۇزلار شوخلۇق بىلەن چىمىرلايتتى. خۇددى يوپۇرماق ئۈستىگە قونۇۋالغاندەكلا، نازاكەت بىلەن تۇرغان ھىلالئاي ئەركىلىگەندەك بىر تاتلىق كۈلەتتى. گۈل بەرگلىرىنى سۆيۈپ قاچقان بەڭباش شامال يۈزلىرىمىزنى سىيپاپ ئۆتۈپ، دىماغلىرىمىزغا خۇش ھىدلارنى تولدۇراتتى. دەريا بويىدىكى ھاياتلىقتىن بىشارەت بەرگەندەك، پاقىلارنىڭ سوزۇپ-سوزۇپ كۇكىراشلىرى گاھ-گاھ ئاڭلىناتتى...

— قايتىپ كېتەيلى، — دېدىم ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ، — بەلكىم تويىمىز بولغاندىن كېيىن، كىشىلەر ھەر قىسما گەپلەرنى قىلىشار. ئانىڭىزمۇ جىم ئولتۇرماس. ھەر ھالدا ئويلىنىپ، تەييارلىق قىلىپ قويۇڭ. كېيىن بىزگە...

— تەييارلىقنى قىلغان، — دېدى ئۇ كېتىۋېتىپ. ئۇنىڭ سۆز ۋە ھەركەتلىرىدىن بىر خىل بەختىيارلىق، يەنە سەل جىددىيلىكمۇ چىقىپ تۇراتتى. ئۇ، يىراقتا غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان قەۋەتلىك بىنالارغا قاراپ قويۇپ ئېيتتى، — ئۇنداق گەپلەرنىڭ بولۇشى تۇرغان گەپ. ئانامۇ ئەسكىلىك قىلىشى مۇمكىن. ئەمدى مەن قورقمايمەن. ئارقامدىن سۆز-چۆچەك قىلغۇچىلار چىقسا، ئۇلارغا ھەممىنى ئېيتىمەن. مانا شۇ چاغدا، كىشىلەرمۇ بىزنى چۈشىنەر... — ئۇ سەل توختاپ، كۆزلىرىمگە قارىدى، — سىز بار، ئەلۋەتتە چوقۇم بەختلىك ئائىلە قۇرىمىز. بۇنى ھەممىگە كۆرسىتىمىز...

گۈزەل پەرىنىڭ قارا چاچلىرىدەك تۈن ئاسمىنىنى، ئۇنىڭ بېزەكلىرىدەك جىلۋىلىك يۇلتۇزلارنى، ساھىبجامال ھىلالئاينى، يەنە ئەركە شوخ شامالنى ئەگەشتۈرۈپ قايتتۇق...

— كىرىپ كېتەي، — دېدى ئۇ ئۆز كوچىسى ئاغزىغا كېلىپ، بىراق ھەر ئىككىلىمىز قىمىرلىماي، بىر-بىرىمىزگە قاراپ ئۈنسىز تۇرۇشتۇق.

— كىرىپ كېتىڭ، — دېدىم ئاخىرى ئېغىز ئېچىپ.

ئانا، ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، خىزمەتداش ھەم دوستلىرىمىزنىڭ ياردىمى ۋە قاتنىشىشى بىلەن، ھېچ-بىر داغ-دۇغا، قائىدە-يوسۇنسىزلا تويىمىزنى ئۆتكۈزۈۋالدۇق. ئىككى دەردمەننىڭ يۈرىكى يېنىپ، بۇ كىچىككىنە ياتاق ئۆينى يورۇتتى، ئازادە قىلدى. بىز گويا تۈندىن تاڭغا ئۇلاشتۇق. بەختلىك ئۆيىمىزدىن شادلاندۇق. شۇ چاغدا... شۇ چاغدا سىزنى ئەسلەپ...

سەندىن تولىمۇ رازىمەن، قەدىرلىك ئانا. ئالدىڭدا بەكمۇ خىجىلمەن.

سەيىلىكىدىلا ئارقا-ئارقىدىن قازا قىلغان ئاكا-ئاچىلىرىم زېدە قىلغان يۈرىكىڭ بىلەن مېنى پەپىلەپ، ئارزۇلاپ باقتىڭ، تەستە چوڭ قىلدىڭ. ئاتامنىڭ يوقلۇقىنى بىلىندۈرمەي چىداپ ئوقۇتتۇڭ. ئىلىم ئۆگەنسۇن، نېنى پۈتۈن بولسۇن، دېدىڭ. ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەنلىكىمنى ئاڭلىغىنىڭدا، بېشىڭ ئاسمانغا تاقاشقاندەك خۇش بولدۇڭ. ئارزۇيۇڭغا خىلاپ ھالدا، ساڭا بەرگەن ۋەدەمنى ئۇنتۇپ، مەكتەپتە ئۆزگە بىر قىز بىلەن تونۇشۇپ، خىزمەت تەقسىماتىمنى ئۆزگەرتىپ، باشقا يۇرتتا سېنى قاتناشتۇرماي توي قىلىۋالغىنىمدا، كۆڭۈل ئاغرىقىڭنى بېسىپ مېنى كەچۈردۈڭ. ئەمما... كېچە-كېچە ئۈنسىز ياش تۆككەنلىرىڭنى سەزگەن چاغلىرىمدا، يۈرەكلىرىم لەختە-لەختە بولدى جېنىم ئانا. لېكىن ماڭا سەن بەخت تىلىدىڭ. تېخى كۆرۈپمۇ باقمىغان كېلىنىڭگە ئاتاپ دۇئا قىلدىڭ... بىراق... ئانا، ئەينى ۋاقىتتا ئوغلۇڭ خاتا قەدەم باسقانىكەن. ئوغلۇڭنىڭ ساددا قەلبى ياخشى كۆرۈپ قالغان قىزنىڭ يەنە باشقا تەرەپلىرىنى چۈشىنىشكە ئاجىزلىق قىلغان ئىكەن. ئۇنىڭ يارىماس قىلىقلىرىمۇ، خۇنۈك قەلبىمۇ ساپ ھەم يارقىن كۆرۈنگەن ئىكەن. كېيىنچۇ؟ ئۇنىڭ ھەدىيە سەزگۈلىرى بىلەن ئوغلۇڭغا تەلپۈنگەن يۈرىكى مېنى تۇغۇپ ئۆستۈرگەن قەدىردان ئانامنى — سېنى تونۇمىدى. بۇ... بۇ خورلۇق ئەمەسمۇ ئانا؟ بۇ خورلۇقنى ئوغلۇڭ قانداقمۇ كۆتۈرسۇن؟ ئانىغا بولغان مۇھەببەت ئالدىدا ئۇنىڭ مۇھەببىتى نېمىدى، جېنىم ئانا؟!

پەردە بىلەن ئادا-جۇدا بولۇپ، سېنى يوقلاپ بارغىنىمدا ماڭا كۆپ كايىدىڭ. سېنىڭچە، ئۇ پەقەت مېنىلا بەختلىك قىلسا شۇ يېتەرلىكمىش.

ئوغلۇڭ بۇنىڭغا ئۇنىسۇنمۇ؟! ياشىنىپ قالغىنىڭدا خىزمىتىڭنى قىلىش، دەردىڭگە دەرمان بولۇش بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئەمەسمۇ، جېنىم ئانا؟! سېنىڭ كۆڭۈل-كۆكسۈڭ نېمىدېگەن كەڭ، خۇددى مۇشۇ بىپايان كائىناتتەكلا...

ئانا، دەم ئېلىش كۈنلىرىم توشۇپ، خوشلىشىش ئالدىدا ساڭا قىلغان ئىككىنچى ۋەدەم ھېلىمۇ ئېسىمدە. مەن شۇ چاغ چىرايىڭغا تىكىلىپ قارىيالماي، «ماقۇل ئانا، ئوغلۇڭ سېنى يەنە يەرگە قاراتمايدۇ. ئۆزۈڭگە يارىغان، خالىغان يەردىن لايىق تېپىپ، ماڭا خەۋەر قىلساڭلا، يېنىڭغا كېلىپ، ئالدىڭدا توي قىلىمەن. مەن بەك خىجىل» دېگەن ئىدىم. ئەمدىچۇ؟...

كەچمۇ كىرىپ قالدى. قەدىرلىك ئانا، خېتىمنى ئاخىرلاشتۇراي، چارچاپمۇ قالغانسەن. بىراق شۇ تاپتا كۈلۈپ تۇرغان مېھرىلىك، ئوچۇق چىرايىڭ ماڭا كۈچ بولماقتا. كېلىنىڭمۇ مېھرىڭگە تەشنا، ئۇمۇ گويا سېنى كۆرگەندەك كۈلۈمسىرىمەكتە. ئاھ، ئۇنىڭ كۈلكىسى نېمىدېگەن ئوماق، خۇددى ئانىسىغا ئەركىلىگەن بوۋاقتەك...

پات ئارىدا ئالدىڭغا بارىمىز ئانا. گۇناھكار ئوغلۇڭنى، دەرتمەن كېلىنىڭنى قارشى ئالغىن. ئۇلارنى ئانىلىق مېھرىڭ بىلەن قۇچاقلاپ سۆي. بۇنى كۆرۈپ ئەل-يۇرت ساڭا بارىكاللا ئېيتسۇن. ئۆز قەدرىنى بىلمىگەن، ئۆز بۇرچىنى ئۇنۇتقان، ئانىلىق سۆيگۈسىنى يوقاتقان ئانىلار سەندىن ئانىلىقنىڭ ئەندىزىسىنى — ھەقىقىي ئانىنىڭ سىماسىنى كۆرۈپ ئۆگەنسۇن. بالىمۇ، ئانىمۇ، پۈتكۈل جاھانمۇ شادلىق ھېسسىغا چۆمۈلسۇن...

بىزنى قارشى ئالامسەن، ئانا؟

يەنە بىر گۈزەل كېچە باشلانماقتا...

ئاھ، قۇتلۇق كېچە...

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

مۇھەممەت ئۆمەر

# قەلەندەرنىڭ ۋەسىيىتى

(هېكايە)

ناماز بامداتتىن كېيىن ئادىتى بويىچە ۋەز - نەسىھەت قىلىشقا تەمشىلىپ كارنىيىنى قىردۋاتقان هاجى ئىمام پەگا تەرەپتىن تۇيۇقسىز چىققان قاتتىق ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتتى.

— ئاللاهېق، جامائەت!

ئىمام ئېسىنى يىغقۇچە، جامائەت تاپىسىدا قول قوشتۇرۇپ تۇرغان قادىراخۇن موزدۇزنى كۆرۈپ ئۈلگۈرگەنىدى. ئەرۋايى ئۇچقان ئىمام ئېسىگە كېلىپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ موزدۇزغا هومىيىپ بىر قاردۋالغاندىن كېيىن، ئاۋازىغا سۈر بېرىپ، دوق ئارىلاش سوردى:

— هە، قادىراخۇن! نېمە ۋەجىدىن خۇدانىڭ ئۆيىدە بىھۇرمەتلىك قىلىسىلا؟! كېچىنىڭياقى چۈشلىرى بۇزۇلۇپ قالغانمۇ يا؟! بۇ نېمە گەپ ئۆزى؟

قادىراخۇن موزدۇز بېشىنى كۆتۈرۈپ ئىمامغا قارىدى. ئۇ خۇددى دېمەكچى بولغان سۆزىنى يوتۇۋەتمەكچى بولغاندەك بوغدىيىكىنى يۇقىرى - تۆۋەن مىدىرلاتقاندىن كېيىن قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپ مۇلايىملارچە سۆزلىدى:

— يوغسۇ هاجىكا. مەن بىر ئۆلۈم ئىشى بىلەن كېلىۋېدىم. بىزنىڭكىدە خۇدانىڭ ئاجىز بىر غېرىبى. تۇرۇۋاتقانلىقى ئۆزلىرىگە مەلۇم. ئاخشام ئۇ كىشىنىڭ مۇجەزى ئۆزگىرىپ قاپتىكەن، هېلى قارىسام ياراتقان ئىگەم ئامانەتنى ئېلىپ بوپتۇ. شۇ ۋەجىدىن رەھمەتلىكنىڭ ئاخىرەت ئىشىنى دەپ ئالدىراپ كېلىشىم.

جامائەتنىڭ بەزىسى شۇ هامان «خۇدايا تۇۋا» دېيىشىپ ياقا چىشلەشتى، يەنە بەزىلەر نېمە دەرگىن دېگەندەك هاجى ئىمامغا تىكىلىشتى.

— هە ... هېلىقى نۇرۇللا تۇكاننىڭ گېپىمۇ بۇ؟! — سوردى ئىمام توڭلۇق بىلەن.

— شۇنداق، تەخسىر!

— جامائەتنىڭ خەۋىرى بار! — دېدى ئىمام قاپىقىنى تۈرۈپ، — نۇرۇللا دېگەن هاراقكەشلىك قىلىپ ئىككى يۇتىدىن ئايرىلغان، خۇدانى تونۇمايدىغان نائەھلى تۇرسا، ئۇنى قانداقمۇ ئاللانىڭ سادىق بەندىلىرى قاتارىدا ئۇزاتقىلى بولسۇن؟! قادىراخۇن! ئىككى ئالەم گۇناھقا شېرىك بولماي دېسىلە، ئۇ مەلئۇننى خۇدانىڭ ئۆيىگە يولاتماي، ئۆز ئۆيلىرىدە يۇپ-

تاراپ بىر تەرەپ قىلىسىلا!

بۇ گەپ بىلەن تەڭ جامائەت تەۋرىنىپ غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى، بىرلىرى ئىمامنىڭ سۆزىنى ياقىلاشسا، بىرلىرى نېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ پىچىرلاشتى.

— جامائەت! — دەپ سۆز ئالدى قادىراخۇن، — نۇرۇللاخۇننىڭ بۇنىڭدىن بەش يىل ئىلگىرى هاراقنى كۆپ ئىچىپ ئىككى پۇتىنى ئۇششۇتۇۋېلىپ مېيىپ بولغىنى راست. ئەمما ئۇ كىشى ئۇنىڭلۇق بىلەن خۇدانى ئۇنتۇپ قالغىنى يوق. بۇنىڭغا مانا مەن گۇۋاھ. رەھمەتلىك ماڭا «ئۆمۈر بويى يىغقان بىساتىم مۇشۇ، ناۋادا بىرەر ئىش بولۇپ قالسا جامائەت ئالدىغا قويالا» دەپ بىر كىچىك تۇنۇكە ساندۇقنى نەچچە رەت كۆرسەتكەنىدى. ئەتىمالىم نەچچە يىلدىن سەدىقە ئېلىپ يىغقان پۇللىرى ئاشۇ ساندۇقتا بولۇشى مۇمكىن. ئەگەردە رەھمەتلىك خۇدانى ئۇنتۇپ قالغان بولسا شۇنداق دەيتتىمۇ؟! بۇ گېپىم خۇدا ھەقىقى راست! ناۋادا جامائەت قوبۇل تاپسا، ھېلىقى ساندۇقنى هازىرلا ئەكىلەمەن!

جامائەت يەنە غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى. هاجى ئىمام ئىككىلەنگەن قىياپەتتە ساقىلىنى سىلاپ بىر پەس تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئالدىنقى رەتتە ئولتۇرغان مەددەت مەزىن بىلەن باش قوشۇپ بىرنېمە دېيىشىۋالدى - دە، ئاندىن رۇسلىنىپ ئولتۇرۇپ تامىقىنى قىردى. بۇ چاغدا بىردەمدىلا تېتىكلىشىپ كەتكەن مەزىناخۇنۇم ئارقىغا بويۇنداپ قارىغان هالدا:

— جامائەت، خەپشۇك! — دەپ توۋلىدى.

— قادىراخۇن! بايا «گېپىم خۇدا ھەققى راست» دېدىلىما؟! — دەپ سورىدى ئىمام جامائەت تىنچلانغاندىن كېيىن ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ.

— بەرگەن گۇۋاھلىقلىرى ئۈچۈن ئاخىرەتتە جاۋاب بېرەلەمدىلا؟ — دەپ سۆز قوشتى مەددەت مەزىنمۇ ئارقىغا قاراپ.

— راست! خۇدا ھەققى راست! ئەزىمرائىي جاۋاب بېرەلەيمەن! — دېدى هايانلانغان قادىراخۇن مۇزدۇز ئىشەنچ بىلەن.

— هە ... — دېدى هاجى ئىمام قانائەت هاسىل قىلغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ، — جامائەت! قادىراخۇننىڭ خۇدا يولىدا بىر ناتىۋان ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىدۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر. دېمەك، نۇرۇللاخۇن شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ گۇناھكار بولغىنى بىلەن، كېيىن خۇدانى ياد ئېتىپ، ئۇ ئالەملىكىنى ئويلاپ تەۋۋە قىلىپتۇ - دە ... هە ... ياراتقان ئىگەم تۆۋە قىلغان بەندىسىنى ئەنۋەتتە كەچۈرىدۇ. بوپتۇ، ئۇ كىشىنىڭ بۇ يۇرتتا ئىگە - چاقىسى بولمىغاندىكىن مەسچىتكە ئەپكىلىپ جامائەت بىللە ئۇزاتساقمۇ مەيلى. قېنى جامائەت، قانداق دەيسىلەر؟!

جامائەت «بوپتۇ، مۇساپىر ئەمەسمۇ، شۇنداق قىلايلى» دېيىشىپ بىر ئېغىزدىن قوشۇلۇشقاندىن كېيىن هاجى ئىمام ئالدىراپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— جامائەت، ئەمىسە مۇنداق بولسۇن: مەددەت مەزىن، قادىراخۇنلار بىر نەچچەيلەن بىلەن مەسچىتتىكى جىنازىنى ئاپىرىپ مېيىتنى ئېپكەلسۇن. قالدى جامائەت مەشەدە ساقلاپ تۇرۇپ، مېيىت كەلگەندىن كېيىن چاي ۋاقتىغىچە ئەپچىقىپ يەرلىككە قويۇۋېتەيلى ... هە، قېنى مەزىناخۇن، قوپۇشسىلا، مېيىت سافلاپ قالمىسۇن!

بۇ گەپ بىلەن مەددەت مەزىن دەر-

ھال ئورنىدىن تۇردى - دە، «ئىنشائاللا» دېگىنىچە بىر نەچچەيلەننى ئەگەشتۇرۇپ سىرتقا ماڭدى. تاپسىدا تۇرغان قادىراخۇن موزدۇز ئۇلارغا قوشۇلۇپ سىرتقا مېڭىشىغا ئارقىدىن ھاجى ئىمامنىڭ سىپايىلىق بىلەن جېكىلىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى:

— قادىراخۇن! رەھمەتلىكنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ھېلىقى تۇنىكە ساندۇقنىمۇ بىللە ئالغاچ كېلىشەلا! ...

مېيىت ئېلىپ كېلىنىدىغانلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مەسچىت ئىچى جىم-جىتلىققا چۆمدى. جامائەت بىرەر نەرسە دەرمىكىن دېگەندەك ئىمامغا قارىشاتتى. شۇ تاپتا ھاجى ئىمام تورۇستا ئېسىلىپ تۇرغان ئېلېكتر چىرىغىنىڭ سۇس نۇرى ئاستىدا سۇرلۇك تۇس ئالغانىدى. ئۇ خۇددى ئالدىدا سەپ تۈزەپ ئولتۇرغان ئىخلاسمەن مۇسۇلمانلارنى ئاللىقاچان نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتكەن قىياپەتتە كۆزلىرىنى يۇمۇپ، قانداقتۇ بىر غايىۋى دۇنياغا ساماۋى بەيئەت قىلىۋاتقاندەك ئاستا تەۋرىنىپ ئولتۇراتتى. ھاجى ئىمام نەدە ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنى تۇيۇقسىز ئېسىگە ئالغاندەك بىردىن كۆزىنى ئېچىپ، يېنىدا ئولتۇرغان سېيىت قارىغا مۇراجىئەت قىلدى:

— قېنى سېيىت قارى، بىر قىرائەت قىلىۋەتسىلە!

باياتىن بېرى شۈك ئولتارغان سېيىت قارى ئىختىيارسىز ئىككى ياققا تەۋرىنىپ قويغاندىن كېيىن، ۋەزمىن قىياپەتتە قوللىرىنى تىزىغا قويۇپ، كۆزلىرىنى سەل يۇمغىنىچە رىتىملىق تەۋرىنىپ مۇڭلۇق ئاھاڭدا قىرائەت قىلىشقا باشلىدى.

ئاردىن يېرىم سائەتچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، بىر كىچىك تۇنۇكە ساندۇقنى قولتۇقىغا قىستۇرغان مەدەت مەزىن ئالدىراپ كىرىپ كېلىپ مېيىتنى ئەپكەلگەنلىك خەۋىرىنى يەتكۈزدى - دە، سەپ ئالدىغا ئۆتۈپ ساندۇقنى ھاجى ئىمامنىڭ ئالدىغا قويدى.

جامائەت قىزىقىش بىلەن ساندۇققا قاراشتى. سەپ ئارقىدىكىلەر ياخشىراق كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ پىچىرلاشسا، سەپ ئالدىدىكىلەر ئۆز ئورۇنلىرىدىن مەمنۇن بولغان قىياپەتتە، كەم ئۇچرايدىغان بۇ سورۇنغا ئىتائەت بىلدۈرگەندەك شۈك قاراپ ئولتۇرۇشاتتى.

ساندۇقنى قويۇپ ئورنىدا ئولتۇرغان مەدەت مەزىن ھاجى ئىمامغا لاپپىدە بىر قارىۋالغاندىن كېيىن، خۇددى بىرەر نەرسىنى تۇيۇقسىز ئېسىگە ئالغاندەك دەرھال ئارقىغا قاراپ:

— خەپشۇك! — دەپ توۋلىدى.

ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدا شۈك ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن، ھاجى ئىمام ئالدىدىكى ساندۇققا ئانچە ئېتىبار قىلمىغان قىياپەتتە ئانچىكىم بىر قاراپ قويۇپ تامىقىنى قىردى، ئاندىن خۇددى بىراۋنى ئىزلەۋاتقاندەك جامائەتكە بىر قۇر نەزەر سېلىۋالغاندىن كېيىن ئىشىك تەرەپكە بويۇنداپ قاراپ:

— قادىراخۇن ئۆزى كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — دەپ سورىدى.

— قادىراخۇن بىر نەچچەيلەن بىلەن مېيىتنى تاختىغا ئېلىۋاتىدۇ، مەن جامائەت ساقلاپ قالمىسۇن دەپ ساندۇقنى ئېلىپ دەرھال بۇ ياققا كەلدىم. ئۇلارمۇ ھايال بولماي كېلىپ قالار، — دەپ جاۋاب بەردى مەدەت مەزىن ھەممە ئاڭلىغۇدەك ئاۋازدا.

— ھە ... بۇمۇ بوپتۇ، — دېدى ئىمام

www.uyghurkitap.com

باش لىڭشىتىپ، — ئۇنداق بولسا جامائەت، مۇنداق قىلايلى: بىز قادىراخۇنلارنى كۈتمەيلى. ھەممە ئىش بار غەنىيمەت بولغىنى ياخشى. رەھمەتلىك نۇرۇللاخۇن بىساتىنى ۋەخپە قىلىپ مەسچىت جامائىتىگە تاپشۇرغانىكەن، بىزنىڭمۇ ۋاقتىدا قوبۇل قىلمىقىمىز ۋاجىپ ... ھە، قېنى مەزىناخۇنۇم، ئاچقۇچنى بەرسىلە!

— ئاپلا!— دېدى مەزىناخۇنۇم ئىختىيارسىز يوتىسىغا شاپىلاقلاپ، — قادىراخۇن ماڭا ساندۇقنى كۆرسىتىپ قويۇپ ئاچقۇچنى بەرمىۋدى، مەن دەرھال چىقىپ ئەكىرەي تەخسىر!

— توختاپتۇرسىلا! — دېدى ئىمام ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىۋاتقان مەزىناخۇنۇمغا قول ئىشارىتى قىلىپ، — بۇ قۇلۇپ يالغان بولۇپ قالمىسۇن يانا؟! — ھاجى ئىمام سۆزلىگەچ ئېڭىشىپ ساندۇققا سېلىنغان كىچىككىنە قارا قۇلۇپنى بىر تارتىۋىدى، قۇلۇپ «چاك» قىلىپ ئېچىلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن مەسچىت ئىچى جىمجىتلىققا چۆكۈپ ھەممىنىڭ كۆزى ساندۇققا تىكىلدى.

ھاجى ئىمام قۇلۇپنى ئېلىپ ئالدىغا قويغاندىن كېيىن، قوللىرى سەل تىترىگەن ھالدا ساندۇقنى ئاچتى. ئەمما ئۇنىڭ قولى يېرىم ئېچىلغان ساندۇقنىڭ قاغا تۇمشۇقىدىن ئاجرىماي تۇرۇپلا قالدى، ساقىلى دىرىلداپ تىترىدى.

— ھۇ! ئىمانسىز نىجىس!— دەپ تىل سالدى ئىمام تۇيۇقسىز ئېتىلغان مىلتىقتەك پاڭگىدىلا. ھەيران قالغان جامائەت نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرىغىچە ئاچچىقىنى باسالمىغان ئىمام ساندۇقنى ئېلىپ ئورنىدىن يۇلقۇنۇپ تۇردى-دە، ساندۇق ئاغزىنى تۆۋەنگە قاراتتى.

— بۇ ناكەسنىڭ جامائەتكە نېمە قالدۇرغىنىنى كۆرۈڭلار!



شۇ ھامان ساندۇقتىن خىلمۇ خىل خۇرۇم پۇرۇچلار تۆكۈلۈپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئاچچىقىغا ھاي بېرەلمىگەن ئىمام دەرھال ساندۇقنى تاشلىدى-دە، قىبلە تەرەپكە قاراپ، قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تىترىگەن ئاۋازدا ئۈنلۈك نالە قىلدى؛

— يا، خۇدايا پاكىا پەرۋەردىگارا!
بىر ئىمانسىز نائەھلىنىڭ تاپىنى مۇبارەك ئۆيۈڭدىن خالاس ئەتمەككە ئىجازەت قىلغايسەن!!!

كۈتۈلمىگەن بۇ ئىشتىن مەسچىت ئىچى بىردەمدىلا قالايمىقانلىشىپ كەتتى. شۇ تاپتا ھەممەيلەن ئۆز گېپىنى قىلىشاتتى. ئارقىدىكىلەر ئالدىغا ئىتتىلىپ چېچىلىپ ياتقان پۇرۇچلارغا قاراشماقچى بولۇشسا، ئالدىدىكىلەر بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمەي گاراڭ بولۇشاتتى ... ئاخىرى سەپمۇ بۇزۇلدى.

— جامائەت، تىنچلىنايلى! — دېدى باياتىن بېرى شۇك ئولتۇرغان سىيىت قارى ئالدى بىلەن ئېسىنى يىغىپ، ئالاقزادە بولغان مەدەت مەزىنمۇ ئېسىگە كەلگەندەك:

— جامائەت، خەپشۇك! جامائەت سەپراس! — دەپ توۋلاشقا باشلىدى.

مەسچىت ئىچىدىن چىققان ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن مېيىتنى ئەمدىلا تاختىغا ئېلىپ بولغان قادىراخۇن باشلىق بىر نەچچەيلەن تەئەججۇپلىنىپ، نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولۇشۇپ، ئىچكىرىگە مېڭىشتى. ئۇلار كىرىشى بىلەن تەڭ خۇددى قايناپ تۇرغان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك مەسچىت بىردىنلا جىمىپ قالدى. شۇ تاپتا ھەممىنىڭ كۆزى قادىراخۇنغا تىكىلگەنىدى. بەزىلەر سەپ ئوتتۇرىدا ئۆرە تۇراتتى. بولۇپمۇ ھاجى ئىمامنىڭ چەكچەيگەن كۆزلىرى ۋە تاتارغان چىرايى قادىراخۇنغا بۆلەكچىلا تۇيۇلدى. قادىراخۇن موزدۇز نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولۇپ، ئەمدىلا بىر نەرسە دېمەكچى بولۇپ تەمشىلىشىگە تۇيۇقسىز ھاجى ئىمامنىڭ شىردەك گۈركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ھوي قادىراخۇن! ئۆزلىرىنىڭ نېمە گۇناھ قىلغانلىرىنى بىلەملا!؟ يالغان گۇۋاھلىق بېرىپ ياراتقان ئىگەمنى ئالداشقا قانداق پېتىندىلا!؟ ئۇزۇلـلادەك بىر خۇلىگەر پۇشتى پاساتنىڭ ئەسكى پۇرۇچتىن باشقا بىساتى بىاردەپ قايسى گەدەنكەشتىن ئاڭلىدىلا!؟ بۇ ياققا كېلىپ ئۇ نىجىسنىڭ جامائەتكە قالدۇرغان نېمىسىنى كۆرۈپباقسىلا! - قوللىرىنى بېلىگە تىرەپ ئاچچىقىدىن يېرىلغۇدەك بولۇپ سۆزلەۋاتقان ئىمام قادىراخۇنغا سەپ ئالدىنى جۇنەپ كۆرسەتكەندىن كېيىن يەنە داۋام قىلدى، — ھەم، ئۆزلىرىنىڭ ئىككى ئالەم گۇناھكار بولغانلىرىنى ئاز دەپ، جامائەتنىمۇ گۇناھقا شېرىك قىلماقچىمۇ سىلە؟! ئاڭلاپ قويسىلا! ئىمانلىرىنى بۇلغىماي پاك تۇتىمەن دەيدىكەنسىلا خۇدايا تۆۋە دەپ، ئۇ پەسەندىنىڭ ئۈلۈكىنى دەرھال كۆزدىن يوقاتسىلا!!!

تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ توقمەك بالادىن بىر ئىشنى پەملىگەن قادىراخۇن ئىتتىك سەپ ئالدىغا ئۆتتى. دېگەندەك جاينامازنىڭ ئۈستىدە ئۆزىنىڭ خورۇم پۇرۇچ سالىدىغان كىچىك تۈگنە ساندۇقى ۋە ھەر خىل خورۇم پۇرۇچلار چېچىلىپ ياتاتتى. ئەمدى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشەنگەن قادىراخۇن موزدۇز دەرھال قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپ ھاجى ئىمامغا مۇراجىئەت قىلدى:

— تەقسىر، بۇ ساندۇق مېنىڭ ياماق پۇرۇچى سالىدىغان ساندۇقۇم ئىكەن. ئەھۋالدىن قارىغاندا مەزىناخۇنۇم نۇرۇللاخۇننىڭ ساندۇقى بىلەن ئالماشتۇرۇپ قويغان ئوخشايدۇ. ھاجىكا! جامائەت، كايىشمىسىلا! مەن ئۆزۈم بېرىپ ئۇ ساندۇقنى ھايال قىلماي ئەپكېلەي، قانداق دېيىشسىلا؟!

قادىراخۇننىڭ گېپىدىن ھەممەيلەن بىردىنلا پەسكويغا چۈشتى. نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغان مەدەت مەزىن ئۆزىنى ئالـ

www.uyghurkitap.com

ئاقلاش ئۈچۈن بىرەر ئېغىز گەپ تاپالماي تۇرغاندا هاجى ئىمامنىڭ تۇيۇقسىز سورىغان سوئالى ئۇنى تېخىمۇ ئالدىرىتىپ قويدى:

— مەزىناخۇنۇم! سىلە نېمە ۋەجىدىن موزدۇزنىڭ پۇرۇچ ساندۇقىنى كۆتۈرۈپ كەلدىلە؟! مەسچىت دېگەن مەسە تىكىدىغان دۇكان ئەمەسلىكىنى بىلمەملا؟!

— بۇ ... بۇ ... — دېدى مەزىناخۇنۇم دۇدۇقلاپ، — قادىراخۇن ئۆزى كاتىنىڭ ئاستىدا دېۋىدى، كاتىنىڭ ئاستىغا قارىسام مۇشۇ بىرلا ساندۇق بار ئىكەن، شۇنى كۆتۈرۈپ كېلىۋېرىپتىمەن، تەقسىر.

— مەزىناخۇنۇم، ئۇنداق دېمىسىلە! مەن ئۇڭ تەرەپتىكى ساندۇقنى ئالسىلا دېگەنىدىم، — دەپ سۆز قوشتى قول قوشتۇرۇپ تۇرغان قادىراخۇن موزدۇز.

— هە! مەن شۇ ئۇڭ تەرەپتىكىسىنى ئالغان،قادىراخۇن! - دېدى پوكاندەك قىزىرىپ كەتكەن مەدەت مەزىن ئاۋازىنى قويۇپبېرىپ.

— بولدى بەس، مەزىناخۇنۇم! نېمە دىشۋارچىلىق بۇ!؟ — دېدى ئىمام مەدەت مەزىنگە ئەيىبلەش نەزەرىدە قاراپ، — بولغۇلۇق بولدى «ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات» دەپتىكەن! — هاجى ئىمام توختاپ ئۆزدىكى بېسىۋالغان قىياپەتتە جامائەتكە بىر قۇر نەزەر سېلىۋالغاندىن كېيىن گويا هېچ ئىش بولمىغاندەك، پەرۋاسىز بىر هالەتتە ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ قادىراخۇنغا قاراپ سورىدى، — هە قادىراخۇن، مېيىتنى تاختىغا ئېلىپ بولدۇڭلارمۇ؟

— شۇنداق تەقسىر. ئېلىپ ماڭغىدەكلا قىلىپ قويدۇق، — دەپ جاۋاب بەردى قادىراخۇن.

— هە ... ئۇنداق بولسا تەييار بولۇپ قاپتۇ - دە. ئەمدى يەنە ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ ئولتۇرمايلى، — دېدى ئىمام جامائەتكە قاراپ قويۇپ، — ۋاقىتنى چىڭ تۇتمىساق بولماس، جامائەتنىڭمۇ قىلىدىغان ئىشى بار ئەمەسمۇ. هە قېنى قادىراخۇن، ماۋۇ پۇرۇچلىرىنى ساندۇققا سېلىپ رەھمەتلىك ئۈچۈن يەنە بىر يول مېڭىۋەتسىلە!

— خوپ، تەقسىر! — دېدى قادىراخۇن ۋە پۇرۇچلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ساندۇققا سالغاندىن كېيىن ئالدىراپ چىقىپ كەتتى.

مەسچىت ئىچى يەنە جىمجىتلىققا چۆكتى. بىردەمدىلا بولۇپ ئۆتكەن بۇ ئىشلاردىن قانداق خۇلاسە چىقىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئولتۇرغان جامائەتكە بولسا ۋاقىت تولىمۇ ئاستا ئۆتۈۋاتقاندەك تۇيۇلماقتا ئىدى ...

ئالاھەزەل ئون مىنۇتلاردىن كېيىن بايىقىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان بىر كىچىك تۇنىكە ساندۇقنى قولتۇقىغا قىستۇرغان قادىراخۇن موزدۇز ھاسىرىغىنىچە كىرىپ كەلدى. باياتىن سۈكۈت ئىچىدە قالغان مەسچىت ئىچى يەنە بىردىنلا جانلاندى. جامائەت قادىراخۇننىڭ سەپ ئالدىغا ئۆتۈپ، هاجى ئىمامنىڭ ئالدىغا ساندۇقنى قانداق قويۇۋاتقانلىقىنى كۆزىتىپ پىچىرلىشاتتى. قادىراخۇن ساندۇقنى ئىمامنىڭ ئالدىغا قويغاندىن كېيىن چىبەرقۇت چاپىنىنىڭ يانچۇقىدىن بىر كىچىك ئاچقۇچنى ئېلىپ ساندۇق ئۈستىگە قويدى - دە، دەرهال بىر چەتكە چىقىپ قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپ مۇراجىئەت قىلدى:

— هاجىكا! مەن رەھمەتلىك نۇرۇللاخۇننىڭ ۋەسىيىتىگە بىنائەن ئامانەتنى ساق - سالامەت جامائەتكە تاپشۇردۇم. ناۋادا ئامانەتكە خىيانەت قىلغان بولسام خۇدايى كېرەم ئۈستۈمدىن ئۇرسۇن! هەرقايسىلىرى رەھمەتلىكنىڭ يەرلىكىدە خاتىرجەم يېتىشى ئۈچۈن ئامانەتنى قوبۇل قىلىشقايلا! — قادىراخۇن سۆزىنى تۈگىتىپ

سېپكە قېتىلىپ ئولتۇردى.

هاجى ئىمام قادىراخۇنغا قاراپ مەمنۇن بولغان قىياپەتتە ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويغاندىن كېيىن جامائەتكە قاراپ سۆز باشلىدى:

— ھە... قادىراخۇننىڭ ئامانەتكە خىيانەت قىلمايدىغانلىقىغا ئەلۋەتتە ئىشەنچىمىز كامىل. قادىراخۇن بۇ قىلغان ساۋاپلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ئۇ ئالەمدە مەغپىرەت تاپىدۇ. بۇ ھەركىمگە نائىل بولۇۋېرىدىغان ئامەت ئەمەس! قېنى جامائەت! ھەممەيلەن ياراتقان ئاللادىن مەغپىرەت تىلەيلى! ئامىن! — ئىمام دۇئاغا قول كۆتۈرۈش بىلەن تەڭ ھەممەيلەن «ئامىن» دېيىشىپ قول كۆتۈرۈشتى. دۇئا تاماملانغاندىن كېيىن ئىمام سۆزىنى داۋام قىلدى:

— جامائەت! ئالدىمىزدا[1] رەھمەتلىك نۇرۇللاخۇننىڭ ئەھلى جامائەتكە ئاتىغان تەۋەررۈكى تۇرۇپتۇ. رەھمەتلىكنىڭ مەسچىت قەۋمىگە قىلغان بۇ ئىلتىپاتى ئۈچۈن مەرھۇمنى ئوبدان ئۇزىتىمىز، ھەممەيلەن تۇپراق بېشىغا چىقىمىز ۋاجىپ، ھە... ئەمدى ماۋۇ ئىشنى بار مەسلىھەت بىر تەرەپ قىلىۋېتەيلى، قېنى مەزىناخۇنۇم، سىيىت قارى بۇياققا ئۆتۈشسىلە، ساندۇقنى ئاچايلى!

مەدەت مەزىن بىلەن سىيىت قارى دەرھال ئىمامنىڭ ئىككى يېنىغا ئۆتۈپ ئولتۇردى. ساندۇقتىن نېمە چىقىدىغانلىقىغا قىزىققان جامائەت بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ ئالدىغا قارىشاتتى. ئىمام ئاچقۇچنى قولىغا ئېلىپ ساندۇقنى ئاچتى. بۇ قېتىم ئىمامنىڭ چىرايىغا قىزىللىق تەپتى، ئۇ سارغايغان چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھىجايدى ۋە شۇئان ساندۇققا قول سالدى. ئىمام ئالدى بىلەن ساندۇقتىن بىر كاللەك پۇلنى ئېلىپ ئالدىغا قويدى. پۇل قاتمۇ قات چىگىلگەن بولۇپ، ئون سوملۇق، بەش سوملۇق، ئىككى سوملۇق ۋە بىر سوملۇق پۇللار. ئىنچىكە ئاق يىپ بىلەن ئايرىم-ئايرىم چىگىلىپ، ئاندىن بىر قىلىنىپ شويىنىدا چىڭ چىگىۋېتىلگەنىدى. ئىمام ساندۇققا ئىككىنچى قېتىم قول سېلىپ تېخىمۇ چوڭ بىر كاللەك پۇلنى ئالدى. بۇ پۇللار ئەللىك، يىگىرمە ۋە ئون تىيىنلىك پۇللار بولۇپ، ئاۋۋالقىغا ئوخشاشلا ئۇسۇلدا چىگىلگەنىدى. ئىمام ئاخىرىدا ساندۇقنى قولىغا ئېلىپ دۈم قىلىۋەتتى، بەش، ئىككى ۋە بىر تىيىنلىك قەغەز ھەم تەڭگە پۇللار ئىمامنىڭ ئالدىغا بىر دۆۋە بولۇپ چۈشتى. هاجى ئىمام دەرھال ساندۇقنى بىر تەرەپكە ئىتتىرىپ قويۇپ بېشىنى كۆتۈرۈپ جامائەتكە قاراپ رازىمەنلىك بىلەن ساقىلىنى سىلىدى. شۇ ئەسنادا[1] بىر تەرەپتە پۇلغا قاراپ چەكچىيىپ قالغان مەددەت مەزىن تۇيۇقسىز تۇۋلاپ سالدى:

— بۇ يەردە بىر قەغەز تۇرىدۇ، تەقسىر!

— ئۇ شۇنداق دەپلا دەرھال ئېڭىشىپ دۆۋىلەنگەن پۇللار ئارىسىدىن ئىككى پۈكلەنگەن بىر ۋاراق ئاق قەغەزنى ئېلىپ ئىمامغا ئۇزاتتى. يەنە بىرەر نەرسىدىن ئۈمىد كۈتكەن هاجى ئىمام ئالدىراپ قەغەزنى قولىغا ئېلىپ قېتىنى ئاچتى. ئىمام قەغەزگە قاراپ بىر پەس تۇرۇۋالغاندىن كېيىن «بۇ... بۇ...» دېگىنىچە كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ تۇرۇپ قالدى.

— مەرھۇمنىڭ ۋەسىيەتنامىسى بولۇپ قالمىسۇن يەنە؟! — دەپ سورىدى يان تەرەپتە ئولتۇرغان سىيىت قارى ئىمامنىڭ قولىدىكى قەغەزگە بۇرۇلۇپ قاراپ.

— مەن... تازا ئىلغا قىلالمايۋاتىمەن[1]... ھىم! نېمە دېگەن قاغا پۇتى خەت بۇ!؟ بۇ... بۇ... ئوقۇشماي كىرىپ قالغان بىكارچى خەت ئوخشايدۇ! — دېدى ئىمام قولىدىكى خەتنى نېمە قىلارىنى بىلمەي ئالاقزادە بولۇپ.

ــ تەقسىر! كۆرۈپبېقىشقا ئىجازەت
قىلغايلا! ــ دېدى سىيىت قارى كۆلۈپ
تۇرۇپ ئىمامغا قول ئۇزىتىپ، ــ قاغا پۇتى
بولسىمۇ يامىداپ ئوقۇپ باقمايلىمۇ، قېنى،
ئەكەلسىلە تەقسىر! ــ تېنەپ قالغان هاجى
ئىمام بىرەر ئىنكاس قايتۇرغىچە ئارىلىقتا
خەت سىيىت قارىنىڭ قولىغا چىقىپ بولدى.
ــ جامائەت! ــ دېدى سىيىت قارى
قولىدىكى خەتكە بىر قارىۋالغاندىن كېـ
يىن، ــ بۇ رەھمەتلىك نۇرۇللاخۇننىڭ ۋەـ
سىيەتنامىسى ئىكەن، ھەممىيلەن ئاڭلاپ
قالساق زىيىنى بولماس! قانداق هاجىكا؟!
ــ ھە... ھە... شۇنداق، شۇنداق،
قېنى ئوقۇسىلا... ئوقۇسىلا، ــ دېدى مەڭـ
دەپ قالغان هاجى ئىمام ئىلاجىسىز باش
لىڭشىتىپ.

ــ «ۋەسىيەتنامە» ــ دەپ باشلىدى
سىيىت قارى جامائەتكە قاراپ قويۇپ، ــ
«مەنكى نۇرۇللا ئىبراھىم جامائەتتىن شۇـ
نى ئىلتىجا قىلىمەنكى، مېنىڭدىن قالغان
يەتتە يۈز ئەللىك سوم پۇلنىڭ يۈز ئەلـ
لىك سومىنى ئاخىرەت ئىشلىرىمغا خىراجەت
قىلىشقا سىزلەرگە قالدۇرغىنىمدىن سىرت،
قالغان ئالتە يۈز سوم پۇلنى ماڭا ئوخشاش
مېيىپ ـ مەجرۇھلارنىڭ كوچا ـ كويلاردا ئىـ
گە ـ چاقىسىز قالماسلىقىغا ۋە ئۇلارنىڭ خاـ
تىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈپ، قولىدىن كېـ
لىشىچە ئەمگەك قىلغۇدەك پاناھ جايغا ئىگە
بولۇشىغا ئاتىدارچىلىق قىلىپ قويۇشى ئۈـ
چۈن خەلق ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرىمەن. ئۇنىڭـ
دىن باشقا بارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىمنى
ۋاپادار بۇرادىرىم قادىراخۇنغا قالـ
دۇرىمەن. يۇقىرىدىكى ۋەسىيىتىمنى جامائەتـ
نىڭ بەجا كەلتۈرۈپ بېرىشىنى ئىككى ئالەم
تىلەپ: نامە يازغۇچى نۇرۇللا ئىبرايىم»
سىيىت قارى ۋەسىيەتنامىنى ئوقۇپ
بولۇپ، رازىمەنلىك بىلەن جامائەتكە قارىـ
دى. جامائەت ئىچىدە بەزىلەر باش لىڭـ
شىتىپ ماقۇللاشسا، يەنە بەزىلەر هاجى
ئىمامغا قاراپ نېمىلەرنىدۇ پىچىرلىشاتتى.
ــ جامائەت، تىنىچلىنايلى! ــ دەپ
توۋلىدى سىيىت قارى قولىنى كۆتۈرۈپ، ــ
ھەممىيلەن نۇرۇللاخۇننىڭ ۋەسىيەتنامىسـ
نى ئاڭلىدۇق. قېنى، ئەمدى بۇنىڭغا هاـ
جىكام بىر نەرسە دەپباقسا!
چىرايى جىددىي تۈس ئالغان هاجى
ئىمام نېمە قىلارىنى بىلمەي كۆزلىرىنى
چەكچەيتكىنىچە يېنىدا ئولتۇرغان
مەدەت مەزىنگە قارىدى. بېشىنى سىلىپ
تۆگۈلۈۋالغان مەزىناخۇنۇم بېشىنى
ئانچىكىم بىر كۆتۈرۈپ ئىمامنىڭ
چەكچەيگەن كۆزلىرىنى كۆرۈپ قالدى ـ
دە، پەرەنجىسىگە بېشىنى تىقىپ تېخىمۇ
بەكرەك تۆگۈلۈۋالدى.
ــ ھىم! ــ دېدى هاجى ئىمام چىشـ
لىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ مەزىناخۇنۇمـ
دىن كۆزىنى ئېلىپ، ئەمدى ئۇ بىرەر نەرـ
سە دېمەي بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ ئىلاـ
جىسىز خۇشياقماسلىق نەزەرى بىلەن جاـ
مائەتكە قارىدى، ئۇ بىر ئۇلۇغ ـ كىچىك
تىنىۋالغاندىن كېيىن گەپ قىلىشقا تەمەـ
شەلگەندەك قىياپەتتە كانىيىنى قىرىۋىدى،
تۇيۇقسىز قاتتىق قېقىلىپ يۆتىلىپ كەتتى.
ئىمام بىر پەس يۆتىلىۋالغاندىن كېيىن
بېشىنى ئاران كۆتۈرۈپ جامائەتكە قارىـ
دى. شۇ تاپتا ئىمامنىڭ كۆزلىرى ياشاڭـ
غىرىغان، چىرايى تاتارغان بولۇپ، پۈتۈن
تۇرقى بىچارىلەرچە تۈس ئالغانىدى.
ــ جامائەت، ــ دېدى ئىمام مۇشتۇـ
مىنى ئېغىزىغا ئاپىرىپ كانىيىنى يەنە بىر
قىرىۋالغاندىن كېيىن بوش ئاۋازدا، ــ نۇـ
رۇللاخۇن بەلەن ۋەسىيەت قىپتۇ... شەرىـ
ئەتتە «پادىشاھنىڭ ئەمرىنى تۇتماق ۋاـ
جىپ» دېگەن گەپ بار... ھە... نۇرۇللاـ
خۇننىڭ بېساتىنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرغاـ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكتى www.uyghurkitap.com

لىقىنى دېسەك، بۇ تولا چوڭ ساۋاپلىق ئىش بوپتۇ...، — ھاجى ئىمام سۆزلەۋېتىپ يەنە تۇيۇقسىز يۆتىلىپ كەتتى. ئۇ يۆتەلدىن توختاپ ھەسىردىگىنىچە ئۆزىنى تىڭشاپ بىر پەس ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، گويا ئۇشتۇمتۇت كېسىلى تۇتۇپ بولالمايۋاتقاندەك بىر قىياپەتتە يېنىدىكى سېيىت قارىغا قاراپ، — سېيىت قارى! مېنىڭ مەجەزىم ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. تۇپراق بېشىغا چىقالمايدىغاندەك قىلىمەن. قالدى ئىشلارنى ئۆزلىرى ئورۇنلاشتۇرۇۋېتەلا، — دېدى ئىڭرىغان ئاۋازدا.

— بولىدۇ ھاجىكا، ھەممىسىنى ئورۇنلاشتۇرىمىز! — دېدى سېيىت قارى خۇددى مۇشۇ گەپنى كۈتۈپ تۇرغاندەك مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ يۇقىرى ئاۋازدا.

— ھە... ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، — دېدى ئىمام ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ جامائەتكە قاراپ، — ھەي... ماۋۇ كېلىشمەسلىكنى قارىمامدىغان، ئادەم دېگەن قېرىغاندا كېسەل بولۇپ قالىدىغان گەپكەن، — ھاجى ئىمام سۆزلىگەچ مۈكچەيگىنىچە سىرتقا قاراپ ماڭدى. بۇ چاغدا ئىمامنى كۆزىتىپ ئولتۇرغان جامائەت ئىچىدە بەزىلەر خۇددى بىر سىرنىڭ تەگتىگە يەتكەندەك ئۆز ئارا مەنىلىك قارىشىۋالدى.

— جامائەت! ۋاقتىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى، — دېدى سېيىت قارى ھاجى ئىمام چىقىپ كەتكەندىن كېيىن جامائەتكە قاراپ، — ئەمدى مېيىتنى تېزرەك ئەپچىقىشنىڭ تەرەددۇتىنى قىلايلى. قېنى قادىراخۇن، بۇياققا كەلسىلە؟ ئالدى بىلەن ماۋۇ پۇللارنى ساندۇققا سېلىپ بىر يەرگە قويۇپ تۇرايلى، مېيىتنى ئېپچىقىپ بولغاندىن كېيىن رەھمەتلىكنىڭ ۋەسىيەتنامىسى بويىچە بىر تەرەپ قىلارمىز، — سېيىت قارى گېپىنى تۈگىتىپ يېنىدا تىپتىنچ تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان مەدەت مەزىنگە بىر قاراپ قويغاندىن كېيىن، — قېنى مەزىناخۇنۇم، سىلىمۇ ياردەملەشسىلە! — دەپ قوشۇپ قويدى.

— ئوبدان... ئوبدان، — دېدى تېڭىرقىغان مەدەت مەزىن ۋە دەرھال ئالدىغا ئېڭىشىپ پۇللارنى ساندۇققا سېلىشقا باشلىدى.

ساندۇق ئاغزى ئېتىلىپ قادىراخۇن تاپشۇرۇق بويىچە ئېلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن سېيىت قارى ئەمدىلا بىر نەرسە دەي دەپ تۇرۇشىغا، ئەتراپقا ئالدىراپ بىر قارىۋالغان مەدەت مەزىن سېيىت قارىنىڭ پېشىنى ئاستا تارتىپ:

— قارىم، مەن ھاجەتكە چىقىپ كىرسەم... — دېدى بوش ئاۋازدا.

— قېنى چىقسىلا! — دېدى جامائەتكە قاراپ تۇرغان سېيىت قارى پەرۋاسىز قىياپەتتە ھەممىگە ئاڭلىتىپ.

بىرەر سائەتتىن كېيىن جىنازا كۆتۈرگەن مېيىت ئۇزاتقۇچىلار تۇپراق بېشىغا قاراپ يولغا چىقتى. سەپ ئالدىدا ماڭغانلار سېيىت قارى ۋە قادىراخۇن قاتارلىقلار ئىدى. شۇ تاپتا قادىراخۇن ھاجى ئىمام ۋە مەدەت مەزىنلەرنىڭ مېيىت ئۇزاتقىلى چىقماسلىقىنىڭ نۇرۇللاخۇننىڭ ۋەسىيەتنامىسى بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بارلىقى ھەققىدە ئويلاپ كېتىۋاتاتتى... «رەھمەتلىك نۇرۇللاخۇن نېمە دېگەن چوڭقۇر ئويلىغان-ھە؟- دېدى قادىراخۇن مۇزدۇز ئاخىرىدا، — بىراق ماڭا ھېچنەرسە قالدۇرمىغان بولسا بوپتىكەن، مەن رەھمەتلىككە ئانچە ياخشى قارىيالمىغانىدىم. ھەي ئېسىت!...»

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

# «ئالتۇن چاغ مۇكاپاتى»غا قويۇلغان ئەسەر

ئابدۇرېھىم مۇھەممەت

## سۆيگۈم مېنىڭ چەكسىز بىر دېڭىز

ئاقارسىمۇ چاچلىرىڭ ئەگەر...

ئۇن سەككىزدە سۆيگەن ئۇماقسەن،
بىر خانىدە تونۇشقان تەنھا.
دىل قەسرىمدە نۇر بولۇپ يانغان
پەرىشتەمسەن ئالەمدە يەكتا.

ئۆمۈر بويى قىلمەن ئارمان
شۇڭا سېنىڭ گۈزەل ۋەسلىڭنى.
تەنتەك ھېسلار بولغاندا تۇمان
كۆرمەپتىمەن سېنى - ئەسلىڭنى.

تەبىئەتتەك گىرىمچى يىللار
سىياقىمغا پۈركۈپ ئۆتتى رەڭ.
مۇڭلۇق ئىزلار، توقايلىق يوللار
سالغىن، دەيدۇ كەچمىشلەرگە زەڭ.

ئۆكۈنمەكتىن ياخشىدۇر تاقەت،
ۋەسلىڭ تىلەپ يىغلاي مىڭ سەھەر.
ياش قەلبىمدە ياشتۇر مۇھەببەت،
ئاقارسىمۇ چاچلىرىڭ ئەگەر.

### كۈز كېچىسى

كۈمۈش پەتنۇس رەڭگىدە ئاسمان،
نەمخۇش تۇمان بوشلۇقنى بېزەر.
چوققىلاردىن كىمىك كۆز چولپان
بۇلاقلارغا تاشلايدۇ نەزەر.

سوغۇق شامال كۈيلىگەن كېچە،
شىلدىرلايدۇ يالىڭاچ شاخلار.
ئاي نۇرىدا مۈگدەيدۇ خىرە
ئاپپاق لىباس كىيىپ قىشلاقلار.

چال مەڭزىدەك پۈرمە يوپۇرماق
كۈمۈش رەڭدە قالغان قىراۋداپ.
تۈننىڭ ئىللىق تىنىقى بىراق
ئەللەي ئېيتەر شاخلارنى سىلاپ.

تال - تېرەكلەر تاشلىغان غازاڭ
كۆز ئېقىنى ئۈستىدە لەيلەر.
بوز تۇپراقنى تىلغىماس سازاڭ،
چېكەتكىلەر ياڭراتماس كۈيلەر.

ئاشۇ ھالدا سەھرا دالىسى،
بىر جۈپ گەۋدە تۇرار خىلۋەتتە.
قوشۇلمامدۇ قىزنىڭ ئاپىسى،
ئۆرتىنىدۇ يىگىت ھەسرەتتە.

### ساداقەتنى تىلەيمەن تەكرار

يۈكسەك ئەمەس ئەمدى شەرتىم يار،
گۈزەللەردىن تويۇندى قەلبىم.
ساداقەتنى تىلەيمەن تەكرار،
رۇخسارىڭدا بولسىمۇ ئەيىبىڭ.

قاشتېشىدەك غۇبارسىز تاڭلار،
ئاھ، تالاشسۇن كۆڭلۈڭ بىلەن رەڭ.
ساداقەتنى كۈيلىگەن ناخشام
يۈرىكىڭدە ئۆركەشلىسۇن تەڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دېگىنى بولسۇن مەن ئۈچۈن سۆيگۈڭ،
ئېرىقلارغا بۆلمىگىن، زىنھار.
بولسۇن پۈتۈن قۇياشتەك كۆڭلۈڭ،
چېچىلمىسۇن ئۇچقۇندەك، دىلدار!

### ماڭا قاراپ كۈلدى بىر پەرى

زەڭگەر رەڭدە تاۋلىنار ئاسمان،
ئۈپۈقلارغا شۇڭغۇيدۇ بۇلۇت.
چوغلانغاندەك ئۆچۈپلا گۈلخان،
چوققىلارغا چاچرايدۇ بىر ئوت.

چوققىلارغا چاچرايدۇ بىر ئوت،
گويا مەشئەل پارلاپ ئۈپۈقتا.
(قىز، يىگىتنى ئالقىشلايدۇ قۇت،
چۆمكەپ شۇنداق گۈل رەڭ يوپۇققا.)

شۇ مەنزىرە قىلغان چېغى مەست،
كېلىپ قالدىم توقايلىق سىرى.
ھېسلىرىمنى قىلىپ مەست ـ ئەلەس،
ماڭا قاراپ كۈلدى بىر پەرى.

ماڭا قاراپ كۈلدى بىر پەرى،
دىل ــ قەلبىمگە بولدى ھۆكۈمران.
يۈرىكىمنى ئىشق نەشتىرى
تىلىپ، مانا قىلماقتا ۋەيران.

### سېنى تىڭشىسام...

دېرىزەمنى چەكسە تىرىسلاپ
تۈن سەلكىنى پارلىغاندا ئاي.
جىم بوشلۇقنى باقىمەن تىڭشاپ
چەكەتكىلەر چالغاندا سۇناي.

ئېگىز تاغلار تۇزۇپ سۇرلۈك رەڭ،
دەيدۇ: «مېنى يەنە يۈكسەك قىل...»
توقايلار دەر: «...بولالمىدىم تەڭ،
يا چوققىنى پەسلەت، پەسرەك قىل...»

دەيدۇ شىردەك يۇلقۇنغان ئورمان:
«دولقۇنلايمەن، دولقۇن بەر يانا!»
كۈن چۆللەرنى قىزدۇرسا ھەرئان،
ئۆككۈرلەرمۇ ئەيلەيدۇ نىدا.

ئالەم، سېنى تىڭشىسام تۈنلەر،
كېلەر شۇنداق تەگسىز ئىلتىجا.
ياق، دېسەممۇ ئۇنىماي كۆزلەر،
تۇرار چاقناپ ئۈيقۇدىن بىدار.

### قۇمغا ئاتقان بىر تال تاش

مەھەللىمىزنىڭ مەشرىق گىرۋىكى
تاش ئېھرامدەك بارخان ـ بارخان قۇم.
ئېتەك يايغان تارىم چۆللۈكى
ياز مەۋسۇمى تىنجىق ـ بۇرۇقتۇم.

ئوغۇز رەڭگە چىلانغان ئۇپۇق
چاچراتقاندا يۇلغۇنلارغا قان.
مەنمۇ ئارتىپ شەپەقتىن يوپۇق،
تاڭ سەيلىسى قىلىمەن بۇ ئان.

قۇشتەك ئوماق ئەگەشكەن ئوغلۇم
قۇم ئۈستىگە ئاتتى بىر تال تاش.
كۆك ئېتىكىدەك ئاقتى چاچراپ قۇم،
بىز مەنتىقە سىرىن ئەيلەپ پاش...

ئۆمەر مۇھەممەدئىمىن

## شېئىرلىرىم سۆزلەيدۇ

### ئاق ھۆججەت

مىسرالىرىم
باردى خۇدا دەرگاھىغا
ئېلىش ئۈچۈن دارامىتىنى.
خۇدا
ئاق ھۆججەت تۇتقۇزۇپ مىسرالىرىمغا
يېزىپ بەردى تونۇشتۇرۇش
پەيغەمبەرگە...
پەيغەمبەر

پەرىشتىلەرگە ئۇردى تېلېگرامما
ھاۋالە قىلىپ يولىيورۇقىنى خۇدانىڭ.
پەرىشتىلەر
تېلېگراممىنى سىقىمداپ
كېتىشۋاتسا جەبرائىلنىڭ قېشىغا
كەتتى ئۇلارنى شەيتان ئازدۇرۇپ...
مىسرالىرىم شامالغا ئايلىنىپ
ئىزدەپ يۈرەر پەرىشتىلەرنى.
قاداق باسقان قوللىرىدا
شاراقشىيدۇ خۇدا بەرگەن ئاق ھۆججەت!...

## ھەسەت

بىمار دىلنى ئەسىرگە ئېلىپ،
قۇچاق كۆلەڭگىلەرگە
ھاپاشلىتىپ قەبرىسىنى شەيتاننىڭ
تاجاۋۇز قىلىپ كەلدىڭ روھلارغا.
قۇرتلىغان كۆڭۈللەر
سەجدە قىلىپ ئاياغلىرىڭغا
تەسلىمنامە تاپشۇردى تەكرار...
مەجرۇھلانغان تۇيغۇلار
كەتمىنىڭنى چاپار بىر ئۆمۈر.
ھۆجراڭغا بىر كىرىپ چىققان پەرىشتە
سېنىڭ خەنجىرىڭنى ئالار قولغا.
يۈرەكلىرى خىزدىنىڭ شۇڭا
قۇتۇلالماي كەلدى زىندىدىن...

يەر شارىنى داس قىلىپ،
تاغلارنى سوپۇن،
تۆت چوڭ ئوكياننىڭ سۈيىدە
يۇسا سېنى شېئىرىم بىر كېچە،
ئېرىگەنچە پارغا ئايلىنىپ
يوقەرسەنمۇ جاھاندىن ئەبەت؟!...

## ئىسراپچىلىق

ئۆمۈر — خەزىنە،
ياتار ئۇندا توپا باسقان «بۈگۈن»لەر...
يوللارغا يۈگىنىشەر ئالدانغان پۈتۈم،
كۆلەڭگىسىنى مەجبىپ بولۇتنىڭ.
بازىرىدا گۇگۇمىنىڭ ھەر كەچ
شەيتاننىڭ يېتىلىشىگە كۆنگەن قوللىرىم
شاراقشىتىپ سانار «بۈگۈن» نى
كېچىلىرىگە...
ئۆتمۈش ئالبومىدا مۇنۇ سۈرەتلەر:
ھەر كۆڭۈلدە بىردىن خارابە،
جۇدۇننىڭ زەربىدە ئۇششۇگەن ئىزلار...
مۇسادىرە قىلىنغاچ كۆزى،
ئەسلى سۈرىتىنى كۆرەلمەس ھېچكىم...
بىردىك «ئەتە» لەر
ئۇرۇپ دولىسىغا قارىچۇقلىرىمنىڭ
بىۋاپا كالىندارغا سۆلھى قىلار.
ھەر سۆلھىدە
ھەمىيانىمدىن ھىجايغانچە سۇغۇرۇپ
يانچۇقىنى تومىلار بۈگۈندە...
رېستورانىدا ھاياتىنىڭ
قۇچاقلىشىپ قەبرەم بىلەن
يېتىپ قالدىم مەست پېتى
خوجايىنغا تۆلەپ تالاي «بۈگۈن» نى...
بانكىسىدا قۇياشنىڭ يەنە
ئۆسۈمىنى ئالمىغان تېخى
مونەك - مونەك «بۈگۈن» لىرىم بار...
ئۆلتۈرەمدۇ، تۇغۇلامدۇ؟

## باھار

تەبىئەتنى كېزەر تاقىلداپ،
يۈزلىرىدە چاقنايدۇ نۇر، ناز.
ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ئۇنىڭ
ئۇششۇك چاقار،
يامغۇر ياغار،
دالا - تۈزنى ئىنگىلەيدۇ ياز...
سۆيەر ئاپتاپ زېمىننى،
قوللار ئاسمان ئېقىنىنى،
چىرايلىرى سارغىيىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىزغىرىندا باشلىرى قېيىپ،
ۋادىلاردا چېچىپ يۈرەر كۆز
سېرىق تون كىيىپ...
مۈكلانغانچە شىلدىرلار غازان،
تېنەپ يۈرەر بوشلۇقتا توزان...
توشقان قاچار تىۋىشتىن ئۈركۈپ،
قىش مۈزلىتار بارچىنى
ئېغىزىدىن قىراۋ، قار پۈركۈپ...
تەبىئەتنى مۈشۈنداق
دەۋر قىلىپ كەلدى پەسىللەر
ئەزەلدىن بېرى.
بىلمىدىم،
ئۆلتۈرەمدۇ ئۇلار بىرى بىرىنى؟
ياكى تۇغۇلامدۇ بىرىدىن بىرى؟!...

### ئاق بوۋاق

يۈرىسەن لەيلەپ
باشلىرىدا زەڭگەر ئۈپۈقنىڭ،
ساڭگىلاپ
چەكسىز ساما باغرىدىن يەرگە.
ئۇدۇمۇڭ شۇ:
سامان يولىدا
قۇياشقا ئەگىشىپ
تا سۈبھىدىن شامغىچە
ئاتلىنىسەن سەپەرگە.
بىلمەيسەن
سەھەر چىققان قايسى شەھەردىن
توختايسەن
بېرىپ كەچتە قايسى شەھەرگە؟!...
نە ئىسسىقنىڭ، نە يامغۇرۇڭ يوق،
تۇرىسەن پەقەت
كەڭ بوشلۇقتىن ئىگىلەپ ئورۇن.
گۈگۈم تىۋىشسىز
ئالغىنىدا جېنىڭنى ھەر شام،
قايسى گىدىيالار
تۇتۇپ ساڭا قارىلىق
نەزىر قىلىپ تۈزەركىن سورۇن؟...

### مەن يۈرىمەن ئۆزۈمنى ئىزدەپ

تۇمانلاردا يىتكەن قۇياشتەك،
مەن ئۆزۈمنى قويدۇم يىتتۈرۈپ.
ئادەملەردىن سوراپ يۈرىمەن،
مودېلىمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ.
قەدەملىرىم رايىمغا باقماس،
سۆزۈم ئەمەس ئۆزۈمنىڭ سۆزۈم.
تۇرغان بىلەن شامدەك پىلدىرلاپ،
ئۆز شەكلىدە كۆرمەيدۇ كۆزۈم.

ئىسكىلىت ۋە مۇسكۇل مېنىڭكى،
غايىپ بولدى مېنىڭدىن ئەسلىم.
چاچماي تۇرۇپ گۈللىرىم پۇراق،
ئۇششۇكلەردە قىلدى جان تەسلىم.

گاراڭ بولدۇم چالا ئۇيقۇدا،
چاڭقاق كۆڭلۈم جاڭگالدا بىھوش.
كۆيلىرىمنى يادلىسا شامال،
ھاياجاندا ئىغاڭلار قومۇش.

مەن ئۆزۈمنى ئىزدەپ يۈرىمەن،
بالىلىقىم قالغان تاللىقتا.
سۈرىتىمنى تەھرىرلەپ قىسمەت،
ئېلان قىلار بىر كۈن تارىختا.

### تونۇش جايدا ناتونۇش ھېسلار

تونۇش يوللار، قەدىناس قىرغاق،
تونۇش ئېقىن، ئىللىق جىمىرلاش.
جۈپ ئىزلارنى ساقلىغان قىشلاق،
ياپراقلاردا يېنىك قىمىرلاش.

چۆپلۈكلەردە يەنە شۇ جىلۋە،
ئۇندا تىترەك ئۈمىلەر غال - غال.
گۈگۈم كۈننى سۈمۈرگەن قىبلە،
ھالرەڭ يىپلار ئۈپۈقتا تال - تال...

تونۇش جايلار، تونۇش مەنزىرە،
تونۇش سىما كۆرۈنمەس، بىراق.
ئۇندا تونۇش ئىزلار بەك خىرە،
تۇيۇلىدۇ ھېسلار قاغجىراق.

پاراڭلارنى تىڭشىغان قۇشلار
جىمجىتلىقنى كۈزىتەر پەقەت.

سەۋدالارچە ۋىسال قۇچۇشلار
ئەمدى دىلغا ناتونۇش - غەلەت.
كۆلكىلەرنىڭ پەرۋازى يىتكەن،
بۇندا ھېسلار ئەمدى ناتونۇش.
جۈپ شولىنى بۇلۇت ئۈركۈتكەن،
قىزىل كۆزلەر، خەير، خەير - خوش...

ھەبىبۇللا رەجەپ

## چاقناپ ئۆتتى بىر ئۆمۈر شۇنداق

### تەشۋىش

نەي چالغانتى بوۋىسى ئۇنىڭ
دالا بويلاپ پادا باققاندا.
بۈگۈن يىگىت چالىدۇ گىتار
يېڭى پەدە، يېڭى ئاھاڭدا.

يېڭى كۈيگە كۆنەلمەي دەسلەپ،
بەلكىم قويلار قاچقاندۇ يىراق.
ئەمدى جىمجىت يەيدۇ ئوت - چۆپنى،
لىرىكىغا بۆلىنىپ ئۇزاق.

يىگىت ئورنىن ئالسا گەر ئوغلى،
قايسى كۈينى چالار ئەتىسى.
ئالا - تاغنىڭ ۋارقىراپ ياكى
ئوتلاتماسمۇ قوينى غەلۋىسى...

### خادا تاش

تارام - تارام سۈزۈك ئېقىننىڭ
ئوتتۇرىسىدا تۇرار خادا تاش.
كېلىپ ئاڭا ئۇرۇلغان سۇلار
چېچىلىدۇ ئۈنچىگە ئوخشاش.

ئاشۇ ھالىدىن مەغرۇرلىنار تاش،
سۇ تېنىنى كۇكۇم قىلدىم دەپ.

ئاق سەھەردەك سۈزۈك ئۆمرىنى
كۆكسۇم بىلەن گۇگۇم قىلدىم، دەپ.

بىراق بىلمەس ئايلىنىپ ئۆتۈپ
سۇنىڭ يەنە قېتىلغىنىنى.
شاۋقۇن سېلىپ ياڭراق ئاۋازدا
مەنزىل تامان ئېتىلغىنىنى...

### ئۆچكەن يۇلتۇز

ئۇزىغاندا قۇياش قوينۇڭدىن
پاناھ تارتىپ تاغنىڭ كەينىنى.
پەردە يېيىپ قارا زۇلمەتتىن
بۇزغىنىدا گۇگۇم پەيلىنى.

ئوينىتىپ شاد كۆلكە تۈنىنى
چاقنار ئىدىم كۆكسۈڭدە ۋال - ۋال.
سولاپ ھىجران - ئازابقا تۈننى
چاچار ئىدىم نۇرۇمنى تال - تال.

زەررە بەدەل تىلىمەي سەندىن
چاقناپ ئۆتتۇم بىر ئۆمۈر شۇنداق.
ئەڭ ئاداققى تىنىقتىمۇ ھەم
تۈننى قىلدىم سەن ئۈچۈن پارلاق.

### خەزىنە

كۆزلىرىڭدىن ئاققان نۇر - جۇلا
مېنىڭ ئۈچۈن بەخت ۋە ئازاب،
قارا تۈننى خارلىغان چېچىڭ
يۈرىكىمنى كېتىدۇ باغلاپ.

ھۆسنۈڭ سېنىڭ باھاردەك گۈزەل،
ئۇندىن ئالەم بولۇر ھەيران - ھەس.
قۇياش قالار ھەسرەتتە - داغدا.
ئايمۇ دەردتىن ھېچ خالى ئەمەس.

شاماللارغا كېلەر تارىلغىم
يۈزلىرىڭنى ئۆتكەندە سۆيۈپ.
كېلىپ ۋەسلىڭ دىلبىرى قاچان
غەملىرىمنى كېتىدۇ يۇيۇپ.

تىلەپ قەترە مېھرىڭنى سېنىڭ،
شاھ يىگىتتىم، ئىگىلدىم ساڭا.
شۇ بىر تامچە مېھرىڭ بىر ئۆمۈر
پۈتمەس بايلىق - خەزىنە ماڭا.

### نېمىشقا

كىرپىكتىكى ياشتەك تۇرىدۇ
ئاغامچىنىڭ ئۈستىدە دارۋاز.
قورقۇشلارنى ئەتكەن ئۇ تەرك،
ھەركەتلىرى شۇنچە چاققان - ساز.

بەزەن مەللاق ئاتىدۇ مەغرۇر
كۆككۈللەرگە سېلىپ بىر ئەندىش.
بەزەن ئۇيان - بۇيان ماڭىدۇ
ماھىرلىقنى قىلىپ نامايىش.

شۇنداق ھۈنەر كۆرسىتىپ دارۋاز،
لايىق بولۇپ كەلدى ئالقىشقا.
بىراق بىزلەر كەگرى يولىمۇ
ماڭالمايمىز تۈزۈك نېمىشقا!؟.

### زەنجىر

سەبىيلىكتە پاك ئىدى خۇيۇم
ياپراقتىكى شەبنەمدەك گويا.
بوتىلاقتەك شوخ - ئەركىن ئىدىم،
ساقىت ئىدى تۇيغۇمدىن دۇنيا.

مەۋھۇم چۈشتەك تۇيۇلار ئۇ چاغ،
بۇرۇتلىرىم ئەمدى خەت تارتىپ.
تىپىرلاشتى تەندە سەزگۈلەر
چۈشلىرىمگە ئېغىر يۈك ئارتىپ.

شەھلا كۆزلەر بايلىق تۇيۇلۇپ،
يۈرىكىمدە قىلدى مىڭ زىكىر.
ئاھ، شۇنداقمۇ ھايات قانۇنى،
پۇت - قولۇمغا سېلىندى زەنجىر.



غەيرەت ئوپۇر

## ئىككى شېئىر

**مومام، ئېتىز ۋە قەبرە**

يەنە سەھرا يوللىرىدا مەن،
كۆك تېرەك ھەم سۆگەتلەر ئۆسكەن.
شۇنچە لەرزان ھەم شۇنچە تىمەن
قويۇق شالاڭ ئۆسكەن كۆك چىمەن.

خىلۋەت بۇلاق ئۆستەڭ سۇلىرى،
تىنچ ھەم تېز ئاقار جەنۇبقا.
ئۇپۇقتىكى ئېتىز غوللىرى
ئوخشار گويا رەڭدار قۇتۇپقا.

پاكار، پاكار مۇڭلۇق قەبرىلەر
ئېتىزلىقتا يېقىن ھەم تۇتاش.
چاقناپ - چاقناپ مىلك رەت ھەر سەھەر،
ئۇندا كۆرمىلىك پاتقاندۇ قۇياش؟!...

مومامنىڭمۇ ئىككى مو يېرى
شۇ قەبرىنىڭ يېنىدا يەنە.
چاراقلايدۇ قۇياشنىڭ نۇرى، -
مومام چىقار ئېتىزغا يەنە.

**قايتتۇق يەنە بولۇپ پەرشان**

ئىشىك چېكىلىپ يېردم كېچىدە،
بىر دېھقاننى قىلدۇق كۆپ مالال.
بىسات بەك ئاز ئۆينىڭ ئىچىدە،
چەللىسىنى يىرتىدۇ شامال.
سېغىن كالا قويىدۇ مۆرەپ،
باغلىرىدا بۇزۇنقى بۇك تال.

ئۇ يەنىلا كونا ئېڭىدا،
چاقىرىدۇ باخشى ھەم داخان.
مەدەت تىلەپ قىلدۇ دۇئا،
تەڭرى بەرمەس بىكارغا بىر نان.
نادانلىقتىن بولدى دىللار غەش،
قايتتۇق يەنە بولۇپ پەرىشان.

مۇھەممەتجان سادىق

## شېئىرلار

**شائىر ۋىجدانى**

كۆزۈمدە ئاي...
دىمىغىمدا گۈللەر پۇرىقى...
ئاھ، مەجنۇن بۇلبۇل
مۇھەببەت چاچقۇسى چاچار ئالەمگە.
چاچار ئۇ يۈرىكىنى
پەردىسى ياپيېشىل كۆشۈكىدىكى
جىلۋە - نازلىق گۈزەل سەنەمگە...
بىلمىدىم، ئېيتقىنا، ئاشۇ ئاشىقنىڭ
ۋاپامۇ

ئار - نومۇسى
ياپيېشىل شامدانىدىكى
ئوتقىلا تۆكۈلگەن؟!
ۋىجدانى، ئېيتقىنا، زادى نېمىدۇ
بۇ ئىشىق ۋادىسى سەۋدايىسىنىڭ
شۇ ئەزىز يۈرەكلا تۆكۈلگەن؟!
خىياللار...
خىياللار...
خىياللار ئويغاق...
يۈرىكىم ئالتۇن ئارىسىدا
سورىماقتا ئار - نومۇس، ئىمانىنى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

چۈشەرمۇ ئالتۇن چەش
ۋە ياكى پاخال - سامان،
كۆرۈڭلار ھەي، ئادەملەر
قەلبىمنىڭ ۋىجدانىنى! ...
تۇغۇلار سۆيگۈدىن ئار - نومۇس،
ۋاپادىن ۋىجدان،
ئىككىسى
ئىنسان قىممىتى،
قەدرى،
باھارى.
گويا ئۇ يۈرەككە داۋا،
ھاياتقا ناۋا،
قىزدۇرىپ پىشقان
ئېزىزانە قەشقەر ئانارى!
سېنىڭ خىيالىڭ مېنىڭ ناخشام،
بولمىسا بولامدىكەن
مەندە ۋىجدان،
مەندە ئار - نومۇس،
سۆيۈملۈك ئەل - يۇرت!؟
يانمىسا ھەر سۆزۈمدە
مىسرالىرىمدا
دېمىگىن مېنى: شائىر ئوغلۇم،
يورۇقۇم —
لاۋۇلدىغان ئوت! ...

### ئىنىمغا تۇتۇلغان يۈرەك

ھەيدىگىنىڭ ئۈچ ئۆچكە،
ھايت - ھۇيتۇڭ
تۇتتى ئالەمنى،
ئېيتقىنا، قىر ئاشالامسەن؟!
يەر - زېمىنغا،
كۆكۈللەرگە
گۈل - گىياھ چاچالايدىغان
خۇددى باھار قىيانلىرىدەك،
بىلمىدىم، تاشالامسەن؟!

بۇ زېمىن قەدىمى،
بۇ گۈللەر قەدىمى،
دەيدۇ كىم:
يوقىلىپ كەتمىدى، دەپ
بەزى گۈللەر،
بەزى گۈللەر...
كىم دەيدۇ: ئۈنمىدى، دەپ
بۇ زېمىندىن
يېڭى گىياھ،
يېڭى گۈل - چېچەك؟! ...
توختىماس بىر ئىزدا تۈن ۋە كۈنلەر...
ئۇلۇغ ئويلار،
ئۇلۇغ مۇھەببەت،
يۈرىكىدە يانغان ئوغۇلنىڭ
گەۋدىسى بولامدۇ مۇنار،
قادىلامدۇ «مەن» دېگەن بايراق؟!
قەدىمىي ئاسمانغا
قەدىمىي يۇلتۇزلارغا
زاڭلىق كۈلكىسىدە تىكىلىپ
كىيەمدۇ بېشىغا دوپپىنى مايماق؟! ...
ھەيدە ئىنىم، ماللىرىڭنى،
يوللار كەڭرى،
مەنزىل ئوچۇق،
چىققىن سەنمۇ ئالەمگە يۇسۇپتەك،
چېكەڭگە قىسىپ رەڭدار گۈل!
بۇ — ساڭا ئامراق،
ساڭا مېھرىبان
ئاكاڭنىڭ كۆكرىكىدىكى
سەممىي،
ئاق كۆكۈل...

### ئاشىق يۈرىكى

(بىر يىگىت خاتىرىسىدىن)

ئۆتسىمۇ مەندىن ئەيىب، ئېيتقىنا، گۈلۈم
نېمىشقا ئالدىدىڭ يەنە بۇ ئاخشام؟!

بىلەمسەن، تەلمۈرۈپ سېنىڭ يولۇڭغا
بولدى ياش، بولدى قان دىلدىكى ناخشام...
كەچۈرۈم سورىشىم ئەمەسمىدى ئاھ،
ئالدىڭغا بارغىنىم كۆتۈرۈپ گۈلنى.
كۆزۈمدە ئوينىغان ئىللىق تەبەسسۇم
گۈللەرگە تولدۇرار ھەتتاكى چۆلنى...
لېكىن سەن بىلمىدىڭ بۇنى زادىلا،
بولمىسا كېلەتتىڭ چىقىرىپ قانات.
بۇنداق بىر سۆيگۈنىڭ ئۈستىدە ئاخىر،
بولارمۇ ئەتىگە كۆڭۈللۈك ھايات؟!
ئېيتقىنا، ئۆزئارا كېچىرىشمىگەن
دىللاردا بولامدۇ مېھرى-مۇھەببەت؟!
ئويلىسام، ناۋادا، قېيدىغىنى، دەپ
تارتمامدۇ يۈرىكىم دوزاختا كۆلپەت؟!
دېگەنتىم تالاي رەت ساڭا
سۆزۈمنىڭ
ئوتلۇق ئوچقىدا كۆيۈپ ۋە پىشىپ!
دېگەنتىم ھەر قېتىم ئۇچراشقان چاغدا
شۇنچىلىك ئەززۇەيلەپ،
ئۆپكەممۇ تېشىپ:
«ئالدىما، چىدىماس مېنىڭ يۈرىكىم
زارىقىپ كۈتۈشنىڭ غەم-قايغۇسىغا!
ئالدىساڭ كىرىمەن يۇتۇپ لەختە قان،
گۇمانلىق خىياللار قاراڭغۇسىغا...»
ئاڭلىماي دەردىمگە دەرد قوشتۇڭ ھامان،
قىلدىڭ ھەم سەپرانىڭ دەشتىگە ساياق.
تېرىكسەم،
كايىسام سەن مەندىن رەنجىپ،
كۆتۈردىڭ ئايرىلىش يولىغا بايراق...
ئېيتقىنا، نىيىتىڭ زادى نېمىدۇ،
قاچانمۇ تۈگەيدۇ ئالداشلىرىڭ يار؟!
تۇتقىنا، شۇ تاپتا يۈرىكىمنى بىر،
تۈمەننىڭ يىگىندە چىرقىرايدۇ زار...
سۆيمىسەڭ، سېنىڭدىن رەنجىشىممۇ يوق،
باغلانغان رىشتىنى ئۈزگىن، قىينىماي!
ۋاپادار بولامدۇ ئاخىر زېمىنىگە،
بۇلۇتقا بىر كىرىپ
يەنە چىققان ئاي؟!

**جاپپار ئابدۇرۇسۇل**

## مەن ئويغاقمەن سۈبھى تاڭغىچە

مەن ياتىمەن ھويلىدا تەنھا
ياز ئايلىرى ئايدىڭ كېچىدە.
شوخ بۇلبۇللار قىلىدۇ ناۋا
گۈل ئىشقىدا باغلار ئىچىدە
ياز ئايلىرى ئايدىڭ كېچىدە.

كۆككە باقسام يورۇق يۇلتۇزلار
چىمىرلايدۇ زېمىنگە بېقىپ.
كۆز قىسقاندەك گويا شوخ قىزلار
جىلۋە قىلىپ كىرىپىكىن قېقىپ،
چىمىرلايدۇ زېمىنگە بېقىپ.

تۈن كۆيىدىگە كۆي قوشماقچىدەك
چېكەتكىلەر سايرار تىنىمسىز.
ئۈزۈپ-ئۈزۈپ يېقىن-يىراقتا
قاۋىشىدۇ ئىتلارمۇ ئەنسىز.
چېكەتكىلەر سايرار تىنىمسىز.

بىر ئۈزۈلمەس سىمفونىيىدەك
پاقىلارنىڭ كېلەر كۆيلىرى.
شاۋقۇن سالار خۇددى بوراندەك
نەلەردىدۇر دەريا سۇلىرى،
پاقىلارنىڭ كېلەر كۆيلىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۆيلەردىمۇ چىراغلار ئۆچكەن،
داللارنى كېزىدۇ شامال.
گۈل - گىياھلار ئۇسسۇلغا چۈشكەن
بولۇپ گويا بىر ساھىبجامال،
داللارنى كېزەر شوخ شامال.

كۆزلىرىمدىن قوغلانغان ئۇيقۇ
مېنى مەپتۇن قىلغاچ بۇ كېچە.
كاللامدا بىر رومانتىك تۇيغۇ،
مەن ئۇيغاقمەن دېمەك تاڭغىچە،
مېنى مەپتۇن قىلغاچ بۇ كېچە.

ئابدۇلئەھەد سەلەي

## سۆيگۈدىن تۇغۇلغان خىياللار

### ئۆتەڭ ئەمەس ئەمما يۈرىكىم

ئۇيقۇلۇق ئۇچۇن بۆشۈك ئىزدىسەڭ،
يۈرىكىمگە ئالغىن بۆلۈنۈپ.
سۇ ئۈزۈشنى خىيال ئەيلىسەڭ،
كۆزلىرىمدە ئوينا چۆمۈلۈپ.
بولغىنىڭدا قەبرىگە ھاجەت،
يۈرىكىمگە رازى كۆمۈلسەڭ.
ئەمما قونۇپ ئۆتۈشكە بىر رەت،
يۈرىكىمنى سانىما ئۆتەڭ!

### مېنى ئىزدەپ كېلەرسەن بىر كۈن

سەن بىلمەيسەن كەتكەنلىكىمنى
يوللىرىمغا كۆز يېشىم تۆكۈپ.
قاي مەنزىلگە يەتكەنلىكىمنى
چۈشەنمەيسەن خىيالغا چۆكۈپ.

ئەمما بىر كۈن ئېسىڭگە چۈشۈپ
پۇچۇلارمەن يۈرەكلىرىڭنى.
ئىشق ئوتىغا شۇئان تىز پۈكۈپ،
ياندۇرىسەن تىلەكلىرىڭنى.

كۆز يېشىمدىن يولۇمنى ئىزدەپ
ھامان ئىزدەپ كېلەرسەن بىر كۈن.
مېنى بىلگىن تەكلىماكان دەپ،
ئەگەر كەلسەڭ بولۇپ بىر كەلكۈن!

پەرھات جامال

## ئىككى شېئىر

### خىلۋەت بۇلاقلار

بىر يىراق ئورماندا بىر خىلۋەت بۇلاق،
كۈيلەيدۇ ھاياتنى بىر ئۆزى تەنھا.
گاھ كېيىك تىڭشىسا ئۇنىڭ كۈيىنى،
گاھ ئۇسسۇل ئوينىدى بويىدا ئەنقا.
ئۇ شۇنداق كۈيلەيدۇ ھاياتنى ئۇزاق،
بىلمەيدۇ ئىنسانلار، بىلمەيدۇ پەقەت.
ۋە لېكىن كۆكسىدىن ئىلھام توختىماي،
ئۇرغىيدۇ ئۇنىڭدىن مېھىر ۋە شەپقەت.

بىلمەيدۇ ئىنسانلار، بىلمەيدۇ، بىراق
دۇم يېتىپ جىرادا ئىچتى سۈيىنى.
چىمەندە گۈللەرنىڭ بەھرىنى سۈرۈپ،
تىڭشىدى قۇشلارنىڭ نەغمە - كۈيىنى.

بۇلاقلار، بۇلاقلار، خىلۋەت بۇلاقلار،
سىردىشى، مۇڭدىشى قۇشلار، قىياقلار.
يوق ئۇندا دېڭىزنىڭ سۈرلۈك دولقۇنى،
يوق ئۇندا دەريادا بولغان سىياقلار.

### دۇنيا

جاھان گۈزەل گۈللەرگە تولغان،
كۆڭۈللەرنى ئەيلەر مەھلىيا.
بەزەن تاغلار قىممىتى زەرچە،
بەزەن جاندۇر كۆرۈمسىز گىيا،

گۈزەللىكنى سۆيمىگەن كىم بار،
گۈللەر قىسىپ كۈلمىگەن كىم بار؟!

مەڭلاپ ئىنسان قەلب تۆرىدە
مەڭلاپ گۈلنىڭ سۆيگۈ تەپتى بار.

ھەيران بولۇپ قارايسەن كۈندە،
ھەممە مەپتۇن قىلغاچ كۆڭۈلنى.
بىرنى پۇراپ تويماي قارايسەن،
ئۈزگۈڭ كېلەر باشقا بىر گۈلنى.

دۇنيا شۇنداق مەپتۇنلۇق دۇنيا،
ئىنسان ،گۈزەل شەيئىگە مۇشتاق.
بۈگۈن بىرگە ئېرىشسەڭ، بىرى
ئۇندىن گۈزەل كۆرۈنەر شۇنداق.

ئۆمەرجان غوپۇر

## مېنىڭ كۈيلىرىم

### ئۇزىتىش كۈيى

سېنى ئامان قۇچسۇن مەنزىلىڭ،
ئەسلىرىمنى ئەپكەتكىن ئۈزۈك.
سۆيۈپ تۇرسۇن مېنى خەتلىرىڭ،
مۇڭلانمىسۇن قارىقات كۆزۈڭ.

مېنى ئىزدەپ سەرسان چۈشلىرىڭ
شەپەق ئۈزرە قالغاندا ئېزىپ؛
پەرقاقىاندا ئەركە قۇشلىرىڭ،
تەسۋىرىمنى باقارسەن سىزىپ.

يۈرىكىڭدىن تېپىلمىسام مەن،
يۈتكىنىم شۇ كۈللى جاھاندىن.
ياشاپ كەلدىم بىلمىسەڭمۇ سەن،
سېنى دەپلا قاچان قاچاندىن.

مەن قىيمايمەن، ئامال يوق بىراق
ئايرىلىمىز ۋاقىتلىق پەقەت.
تۈنلەر ساڭا تاشلىسا پىراق،
ھەمراھ ماڭا سۆيگۈ - مۇھەببەت.

### مېنىڭ كۆزۈم سېنىڭ ئالدىڭ

مېنىڭ كۆزۈم سېنىڭ ئالدىڭ،
ئولتۇرىسەن مەيۈس مۇڭلىنىپ.
نىگاھىمنى سۆيسە نىگاھىڭ،
مەن كېتىمەن شۇدەم تولغىنىپ.

مېنىڭ كۆزۈم سېنىڭ ئالدىڭ،
ئۇندا سەن شاد، ئۇندا سەن خۇشال.
سەن تۇرىسەن سەبى ۋە گۈزەل،
مەنلا كۆيۈپ بولدۇم مانا چال.

### بىلسە بولدى بىر قىزغىن يۈرەك

ئاھ جانانىم، ئۆزگىگە ھەرگىز
سۆيگىنىڭنى قىلمايمەن كۈرەك.
سېنىڭ ماڭا مەشۇقلۇقىڭنى
بىلسە بولدى بىر قىزغىن يۈرەك.

بىلسە بولدى بىر قىزغىن يۈرەك،
تاشقىلارغا شۇلا كۇپايە.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئېچىلىغاندەك خالىدا پورەك،
چۈچەك توقۇپ بولماي ئاۋارە.

چۈچەك توقۇپ بولماي ئاۋارە،
كۆيۈشەيلى جىمجىت يېتىرقاپ.
ئىشـق ئوتى قىلسىمۇ پارە،
سۆيۈشمەيلى ھەرگىز ئېچىرقاپ.

### خىيال

بىز ھىجراننى بىلمەيمىز تېخى،
بـەختسىزلىك كەلمىدى يېقىن.
سۆيۈشىمىز قىزغىن ۋە بىغەم
لېۋىمىزدىن چاچرىتىپ چېقىن.

موھتاجلىقنىڭ يالىڭاچ تېغى
خانىمىزگە قالمىدى يولاپ.
بىز ھەممىگە ھېرىس ئاشۇنداق
ۋە ھەممىنى سۆيۈمىز شۇ تاپ.

كۈنلەر ئۆتۈپ، ئەگەردە ھايات
ئېلىپ قالسا بىزلەردىن سىناق؛
مەن بۇ يەردە غېرىبسىنارمەن،
سەن يىراقتا مۇڭلىنارسەن تاق.

سەن قالارسەن بەلكى تىمىنسىز،
مەن يۈرەرمەن بولۇپ بىر نامرات،
شۇ چاغدىمۇ سۆيەمسەن مېنى،
ئېيتقىنا يار، قىلارسەن قانداق؟!

يۇتۇپ ئاچچىق ھىجران دەردىنى،
دەرمىزمۇ يا «شۇنداقكەن تەقدىر.»
چۈشىمىزدە ئۆتكەن كۈنلەرنى
كارتىنىدەك ئۆتكۈزۈپ بىر - بىر.

بىز ھىجراننى بىلمەيمىز تېخى،
قارا كۈنلەر كەلمىدى يېقىن.
يورۇتايلى شۇنداق كۈنلەرنى
ئىشقىمىزدىن چاچرىتىپ چېقىن.

ئابلىمىت تۇردى

## ئىككى شېئىر

### قامچىسىنى ئوينىتقانچە چال

دىمىغىدا ناخشىنى تولاپ،
ئات ھارۋىنى قوغلايدۇ بىر چال.
رۇخسارىنى تەبەسسەت ئوڭلاپ
كۈيلىرىگە جور بولار دەرھال.

ئۈزۈن، ئەگرى توپىلاڭ يولدا
ئاتلار چاپچىپ بارىدۇ راۋان.
قامچا ئوينار قاداق قولىدا،
خۇددى قىلىچ ئوينىتار پالۋان.

تەڭكۈزمەيدۇ ئاتقا قامچىنى،
ناخشىسىغا قىلىدۇ تەڭكەش.
«جېنىم پەيدا ساڭا بولسۇن ساڭا يار»
دەپ كۈچەيدۇ قېرى ھارۋىكەش.

رۇخسارىنى تەبەسسەت ئوڭلاپ
كۈيلىرىنى تىڭشايدۇ خۇش ھال.
توختاتمايدۇ «خان لەيلى» سىنى
قامچىسىنى ئوينىتقانچە چال.

### گۈگۈمدىكى كۈيچى

شىلدىر - شىلدىر شىلدىرلايدۇ
گۈگۈملاردا شاختىكى ياپراق.
ئۈزۈك - ئۈزۈك تىنىقلىرىنى
ئاڭلاپ تۇرار يېقىن ۋە يىراق.

ئاندا - ساندا كۆكۈچ ئاسماندا
گاھ يۇلتۇزلار يېقىشار چىراق.
«شىلدىر - شىلدىر» شىلدىرلىشىدۇ
ناخشا كۈيلەپ گۈگۈمدا ياپراق.

خالىدە ئىسرائىل

# ھاڭگىرت كۆلى

(ھېكايە)

ھاڭگىرت كۆلى مەشھۇر كۆللەردىن ئەمەس، ئۇنى خەرىتىدىنمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. ئىلگىرى ئۇ بۈككىدە قومۇشلۇق، توغراقلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا گويا سۈپسۈزۈك مەي تۇشقۇزۇلۇپ، ئىنسانلاردىن پىنھان تۇتۇلغان زۇمرەت قەدەھتەك پارقىراپ تۇراتتى. ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا ئاھالىسى، مېھمانلىرى بار ئىدى. ھەر يىلى باھاردا توپ - توپ ياۋا ئۆردەك، ھاڭگىرت، ئاق قۇ، بۇدۇنىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇچۇپ كېلىپ ئۇۋا سېلىشاتتى، مۇھەببەتلىشىپ بالا چىقىرىشاتتى. سۈپسۈزۈك كۆل يۈزى جۈپ - جۈپ بولۇپ ئۈزۈشۈپ يۈرگەن قۇشلار بىلەن تولاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قوڭۇر رەڭلىك، ئاق قورساقلىق ھاڭگىرتلار ھەممىدىن كۆپ ئىدى. بۇ كۆلگە يىلىنە 7 - 8 ياشلاردىكى ئۇماقىنا ئىككى بالىمۇ كېلەتتى. ئۇلار ھەرخىل شەكىلدە پوكۇس چىقىرىپ ئۈزۈشنى، بىر تال قومۇشنى چىشلەپ سۇ ئاستىدا ئۇزاققىچە تۇرۇشنى بىلەتتى. ئويناپ - ئويناپ ھارغاندا قىرغاققا چىقىپ، ئالتۇندەك تاۋلىنىپ تۇرىدىغان ساپسېرىق قۇم ئۈستىدە پاك قۇياش نۇرىغا چۆمۈلۈپ يېتىشاتتى. ئوغۇل بالىنىڭ ساغلام، كۈندە كۆيۈپ قارايغان تېنى گويا مىستىن قۇيۇلغان سەنئەت بۇيۇمىغا ئوخشايتتى. ياقالچاقلىرى ئۇزۇن - ئۇزۇن، تۈپتۈز ئىدى. قىزچاقنىڭ يۈزلىرى يۇمىلاقىنە ئىدى. ئۇنىڭ بىر جۈپ كۆزى يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇراتتى.

كېيىن تۆمۈريول بۇ ياپيېشىل تۈزلەڭلىكنى قاپ ئوتتۇرىسىدىن ئىككىگە بۆلۈۋەتتى. پويىزنىڭ گۈلدۈرلىگەن ئاۋازى كۆلدىكى قۇشلارنى ئۈركۈتۈۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ھاڭگىرت كۆلىگە بىرەرمۇ ھاڭگىرت ياكى ياۋا ئۆردەك كەلمەيدىغان بولدى. كۆلنىڭ ئەتراپىدىكى چەكسىز تەبىئىي ئورمانلىق تۈپتۈز سالا ئېتىزلارغا ئايلاندۇرۇلدى. كۆل ئەتراپىغا يېڭىدىن كۆچۈپ كېلىشكە باشلىغان ئاھالىلەر بۇ يەرنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيانقى جىملىقىنى بۇزۇپ تاشلىدى. دۇنيا ئۆزگەرمەكتە ئىدى. ئوغۇل بالا بىلەن قىزچاقمۇ دۇنيادىكى ئۆزگىرىشلەردىن چەتتە قالمىدى. قىزچاقنىڭ ئائىلىسى شەھەرگە كۆچۈپ كەتتى. ئوغۇل بالا ئۆز مەھەللىسىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا كەتتى. پەقەت بالىلىق ۋاقىتلىرىنىڭ ئەڭ گۈزەل چاغلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ھاڭگىرت كۆلى ھەققىدىكى ئەسلىمىلا ئۇلارنىڭ قەلبىدە شۇ پېتى ساقلىنىپ قالدى.

* *

ھاۋا تۇيۇقسىز ئۆزگەردى. ھېلىلا سۈپسۈزۈك پارقىراپ تۇرغان ئاسمان ھەش - پەش دېگۈچە قوغۇشۇن رەڭگىنى ئالدى. ئاسماندا تېز ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشلارنىڭ ئەنسىز قانات قېقىشلىرى ئاڭلىناتتى. بىر جۈپ قارلىغاچ كۆل بويىنى بىر ئەگمەگەندىن كېيىن، تۇرۇلۇپ - تۇرۇلۇپ تۆۋەنگە سۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان قارا بۇلۇتلارنى ئاچماق قاناتلىرى بىلەن تىلىپ؛ ئاسماننىڭ قەرىگە ئۆرلەپ كەتتى. يىراق بىر يەردىن بوغۇق گۈلدۈرماما ئاۋازى كەلدى. گويا بۇ ئاۋازنىڭ ھەيۋىسىدىن ئاسمان بېتى يىرتىلىپ، ئوت - يالقۇنغا تولغان دوزاخ چالا - بۇلا كۆرۈنۈپ قالغاندەك، ئاسماننىڭ قەرىدە چېقىلغان چاقماق يەر - جاھاننى لاپ - لاپ قىلىپ يورۇتتى. تۇيۇقسىز كۆتۈرۈلگەن شامال كۆل بويىدىكى مەجنۇنتاللارنىڭ شاخلىرىنى ھەريان قايرىپ، سۇ يۈزىنى قامچىلاشقا، قۇم - توپا، چاۋا - چاتقاللارنى ئۇچۇرتۇپ كېلىپ سۇغا تاشلاشقا باشلىدى. كۆل سۈيى چايقىلاتتى، ھاۋادىن سۇ ئوتلىرى بىلەن چىرىگەن غازاننىڭ، چاڭ - توزاننىڭ، قۇرۇمنىڭ پۇرىقى كېلەتتى. ھايال ئۆتمەي يامغۇر تامچىلىرى شىددەت بىلەن تاراسلاشقا باشلىدى. ئەتراپنى بىردىنلا نەم توپىنىڭ كۈچلۈك ھىدى قاپلاپ كەتتى. باياتىن بېرى كۆلدە بەخىرامان ئۈزۈپ يۈرگەن بىر ئەركەك غاز دوڭغاقلاپ قىرغاققا چىقتى. تال شېخىغا يۆلىنىپ تۇرغان يوچۇن ئايالغا — ماڭا قىزىل جىيەكلىك بارجاندەك كۆزلىرىنى تىكىپ بىر پەس قاراپ تۇردى - دە، ئېرەن يوپۇرمىقى شەكىللىك ساپسېرىق پۇتلىرىنى نەم يەرگە شاپ - شاپ ئۇرۇپ، چاتقاللىق ئارىسىغا كىرىپ غايىپ بولدى. مەن ئۇزاققىچە شۇ ھالەتتە تۇردۇم. يامغۇر چاچلىرىمنى، بويۇنۇمنى بويلاپ ياقام ئىچىگە ئاقاتتى. چاچ ھەم يامغۇر سۇلىرىدىن ھاسىل بولغان قېلىن بىر قەۋەت پەردە كۆز ئالدىمنى توسۇۋالغانىدى. كۆزلۈك پەلتويۇم، پايپاق - ئاياغلىرىم ئاللىقاچان چىپ - چىپ ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. گويا ھېچنەرسىنى سەزمىگەندەك، قولۇمدىكى سەپەر سومكىسىنىڭ ئۇزۇن بېغىنى بارماقلىرىمغا يۆگىگىنىمچە كۆل سۈيىگە تىكىلىپ قالغانىدىم. كۆل سۈيى ئېغىر ھاسىرايتتى، پۇشۇلدايتتى، قىرغاقنى يەڭگىل سىيپىلاپ، قولىقىمغا بالىلىق ۋاقىتلىرىمدىكى ماڭا تونۇش سۆزلەرنى شىۋىرلاپ مېنى ئۆزىگە چاقىراتتى. ئۇنىڭ ھەربىر شاۋقۇنى، شىۋىرلىشى ماڭا خۇددى ئانامنىڭ تىنىقلىرىدەك تونۇش ئىدى. ئۆزۈمنى ئۇنىڭ ئىللىق قۇچىقىدا، ئۇنىڭ ئەللەيلەشلىرى ئاستىدا سان - ساناقسىز يېشىل سۇ ئوتلىرىغا ئورۇلۇپ ياتقان ھالەتتە، كۆز چاناقلىرىمدا، قوۋۇرغىلىرىم ئاستىدا بېلىقلار ئۈزۈشۈپ يۈرگەن ھالەتتە، گەجىدەك ئاپئاق ئىسكىلىت ھالىتىدە كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتىم. بارچە شادلىقىمنى ۋە ھەسرەتلىرىمنى چۈشىنىدىغان ئاشۇ كۆلدە ئارام تېپىش، ئۇنى ئاخىرقى ماكانىم قىلىش مېنىڭ بىردىنبىر ئارزۇيۇم ئىدى. مەن كۆلگە قاراپ ماڭدىم، ماڭدىم... پۇتلىرىم بىلەن كۆل تېگىنى سىيلاشتۇرۇپ، سومكامنىڭ بېغىنى ئامبۇردەك چىڭ قىسىپ تۇرغان قوللىرىمنى ئالدىمغا تۇتۇپ، جازا مەيدانىغا كېتىۋاتقان مەھبۇستەك ماڭدىم. سۇ بېلىمدە، كۆكرىكىمدە، بويۇنلىرىمدا شىرىلدايتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي يىپەكتەك يۇمشاق قوللىرى بىلەن مەڭزىم-

نى، پېشانەمنى سىيلاشقا باشلىدى. كۆزلىرىم
تىنىپ، يەر - جاھان قاراڭغۇلاشقاندەك بىـ
لىندى. پۇتلىرىم بىردىنلا بوشلۇقتا لەيـ
لەپ قالدى. ئاغزى - بۇرنۇمغا بۇلدۇقلاپ
سۇ كىرىشكە باشلىدى. ئەلۋىدا ھاياتلىق،
ئەلۋىدا...

شۇ ئاخىرقى دەقىقىدە كۆز ئالدىمدا
ھايات پارلاپ كۆرۈندى. بېشىمدىن كۆـ
چۈرگەن ۋە كۆچۈرۈش ئالدىدا تۇرغان
نۇرغۇن خۇشاللىقلار، چاقناپ تۇرغان قۇياش،
كۆپكۆك ئاسمان، ياپيېشىل چىمەنلىك، يەـ
نە نۇرغۇن - نۇرغۇن كۆرۈنۈشلەر ماڭا ھاـ
ياتنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ھېس قىلىپ يېتەلمىـ
گەن بارلىق گۈزەل، قىممەتلىك تەرەپلىرىـ
نى تۇساتتىن مۆجىزىدەك يورۇتۇپ بەرـ
گەندى. خۇددى ھاياتلىق بىلەن ماماتلىقـ
نىڭ گىرەلەشكەن يېرىدىن، ئانىنىڭ ئۆلۈم
ئالدىدىكى ئاچچىق تولغاقلىرىدىن يېڭى بىرـ
ھايات ئاپىرىدە بولغانغا ئوخشاش، شۇ ئاـ
خىرقى دەقىقىدە مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا ھايات
زوقىغا تولۇپ تاشقان، ھاياتقا چىش - تىرـ
نىقى بىلەن يېپىشقان يەنە بىر ئايال تىـ
رىلدى. ئۇ جان - جەھلى بىلەن تىركىشەتـ
تى، بوغۇق ئاۋازدا ۋارقىرايتتى. ئەجەل
ئالدىدىكى بۆرىنىڭ ھوۋلىشىغا ئوخشايدىغان
بۇ ئاۋاز يىراق - يىراقلارغا كېتەتتى. ئەمـ
ما، كائىناتتا مۇشۇ كۆل، كۆل ئوتتۇرىسىدا
جان تالىشىۋاتقان تەنھا ئاياللا قالغاندەك
ئىدى. تاراسلاپ يېغىۋاتقان يامغۇر ئۇنى
دولقۇنلار ئارىسىغا كۆمۈۋەتمەكچى بولسا،
ئەۋرىشىم سۇ ئوتلىرى، ئۇچىسىدىكى كېكىزـ
دەك ئېغىرلاشقان كىيىملىرى ئۇنى تەگسىز،
ئەبەدىي قاراڭغۇلۇق قوينىغا تارتاتتى...

بۇ قەيەر؟ مەن بۇ يەرگە قانداق
كېلىپ قالغاندىمەن؟ مەن ئۆيۈمدىن ئايرىلـ
غىلى ئۇن يىل بولدىمۇ ياكى بىر ئەسىر...؟
نېمە بولسا بولمامدۇ! مۇھىمى، مەن تېـ
خى ھايات! ئەنە، قۇياش پارلاپ تۇرىدۇ،
دېرىزە سىرتىدىن قۇشلارنىڭ چۇرۇقلاپ
سايرىشى ئاڭلىنىۋاتىدۇ ... بۇلۇڭدىكى لوڭقىغا
تىزىلغان گۈللەر نېمىدېگەن چىرايلىق.
خۇددى راستەكلا ... ئاھ، ھاياتلىق قانداق
ياخشى، ئۇنىڭ ئىنسانغا بەخش ئەتكەن
تۇيغۇلىرى نەقەدەر قىممەتلىك، ئىلگىرى
ئاشۇ بۇرۇختۇرمىلىق ئىچىدە قانداقمۇ ياـ
شىغاندىمەن؟ ھايات ماڭا ئاتا قىلغان بارـ
لىق پاك تۇيغۇلىرىمنى، پاك جىسمىمنى قانـ
داقلارچە بىھۇدە نابۇت قىلغاندىمەن؟ مەن
ھاياتىمدىكى ئۇ ئىككى ئەركىشىدىن نەپرەتـ
لىنىمەن. ئۇلارنىڭ بىرى — مېنىڭ قانۇنىي
ئېرىم، باللىرىمنىڭ دادىسى. ئۇ مېنى ئاز
ئازابلىدىمۇ؟ يەنە بىرسى ھاياتىمدا تۇنجى
سۆيگەن كىشىم، بىر ۋاقىتلاردىكى خۇدايىم.
ئەمما ھالقىلىق پەيتتە ئۇ ماڭا: «ئىككىمىزـ
نىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەزەلدىن ھېچقانداق
ئىش بولغان ئەمەس ھەم بولۇشىمۇ مۇمـ
كىن ئەمەس» دېدى. ئۇ بۇ سۆزنى قىلچە
قىسىلماي، يۈز - خاتىرە قىلىپمۇ ئولتۇرماي
ئاجايىپ بىر ئاھاڭدا دېدى. راستىنلا
ھېچقانداق ئىش يوقمىدى؟ 20 يىلدىن
بۇيان مەن پەقەت قۇرۇق خىيالنىڭ، كۆـ
لەڭگىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ يۈردۈممۇ؟
ھاياتىمدىكى تۇنجى ئەڭ ئوتلۇق، ئەڭ
شېرىن تۇيغۇلىرىمنى ئاشۇ كۆلەڭگىگە بېـ
غىشلىدىممۇ؟ ئاھ، خۇدا، ئادەم 40 ياشقا
كىرگەندىمۇ ئەقلىگە تولمىسا - ھە...

* *

پويىز گۈلدۈرلەپ، رېتىملىق تاقىلـ
داپ. ئاسمانغا قويۇق ئىس پۇرقىتىپ
شەرققە كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئاستا پويىز ئىـ
دى. ۋاگونلار ئازادە، ئۇ يەر - بۇيەردە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئولتۇرغان ياكى پۈتۈن بىر ئورۇندۇقنى ئىـ
گىلەپ يېتىۋالغان كىشىلەر چېلىقاتتى. ئۇلار-
نىڭ تولىسى گۈللۈك قىزىل دۇخاۋادوپپا كىيـ
گەن مۇشۇئەتراپنىڭ دېھقانلىرى بولۇپ، ئۇلار
ۋاگوننىڭ بۇلۇڭىغا، يۈك - تاق جاھازىلىرىـ
غا سومكا ۋە چوڭ - كىچىك سېۋەتلىرىنى
قويۇپ قويۇشقانىدى.

مەن ھەر قېتىم پويىزغا چىققىنىمدا
دېرىزە ئالدىدا يالت - يۇلت قىلىپ
ئۆچـقـانـدەك ئۆتۈپ كېتىۋاتقان مەنـ
زىرىلەرگە قاراپ ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆ-
رەتتىم. چۈشۈمدە كۆرگەندەك چالا - بۇلا
تونۇش بۇ مەنزىرىلەر — يۇلغۇنلۇق چۆلـ
لەر، ئېتىزلار، دېھقان ئۆيلىرى قەلبىمدە
قانداقتۇر تۇيغۇلارنى ئويغىتاتتى. شۇنىڭ
بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاسـ
مان، تاغ - دەريالار بىلەن پويىز چاقلىرىـ
نىڭ تاقىلدىغان ئاۋازى بىلەن ئاجايىپ
خۇشال - خۇرام، جۇشقۇن بىر رىتىمنى ھاـ
سىل قىلغاندەك سېزىلەتتى. كۆزلىرىمگە
ئۇششاق كۆمۈر ئۇۋاقلىرى كىرىپ كەتكىـ
نىگە، شامالدىن بوغۇلۇپ نەپەس ئالالماي
قالغىنىمغا قارىماي بېشىمنى ۋاگون دېرىـ
زىسىدىن چىقىرىۋالاتتىم. بىر قېتىم بۇ
ئىش ئۈچۈن پويىز خىزمەتچىسى مېنى
تىللاپمۇ كەتكەنىدى.

ئاشۇ قېتىممۇ تازا كۆڭلۈمدىكىدەك
بىر جاينى تاللاپ ئولتۇردۇم. بىر چاغدا
پويىز غارقىراپ قاپقاراڭغۇ ئۆڭكۈرگە كىـ
رىپ كەلدى. ئالدىراپ دېرىزىنى چۈشۈرۈپ
كەينىمگە بۇرۇلغىنىمدا ئېرىقى چەتتىكى
ئورۇندا ئولتۇرغان كېلىشكەن بىر يىگىتكە
كۆزۈم چۈشتى. ئۇ شۇ ۋاقىتتىكى مودا
بويىچە ھەربىيچە سېرىق ئىشتان - چاپان،
ھەربىيچە شەپكە كىيىۋالغانىدى. قويۇق،
قاپقارا چاچلار ئۇنىڭ شەپكىسى ئالدىدىن
سىرتقا چىقىپ، بۇغداي ئۆڭلۈك پېشانىسىنى
قاپلاپ تۇراتتى. سەل ئۆڭگەن كىيىملەرئۇنىڭ
بەقۇۋۋەت، ياشلىق كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان
كېلىشكەن قەددى - قامىتىنى يوشۇرۇپ قاـ
لالمىغان، ئەكسىچە ئۇنىڭغا ياراشقانىدى.
ئۇ ماڭا قارايتتى، مەنمۇ ئۇنىڭغا قارايتتىم.
كۆزلىرىم ئۇچراشقان دەسلەپكى مىنۇتتىلا
مەن ئۇنى تونۇۋالدىم. ئۇ — بالىلىق ۋاقىتـ
لىرىمدىكى ھېلىقى دوستۇم، بىرلىكتە سۇغا
چۆمۈلىدىغان، قۇملۇقتا ئوينايدىغان يۇسۇپ
ئىدى. مەن ئۇنىڭ يىگىتلىك ۋۇجۇدىدىن
رەسمىي قىز بولۇپ يېتىلگەن چاغلىرىمدىن
تارتىپلا كۆز ئالدىمغا كەلتۈرىدىغان كىـ
شىمنىڭ سىيماسىنى كۆردۈم. پويىز چاقلىـ
رى رېتىملىك تاقىلدايتتى. مېنىڭ كىچىكـ
كىنە يۈرىكىممۇ ئادەتتىن تاشقىرى دۈپۈلـ
دەپ سوقاتتى. ئۇ ماڭا پات - پات قارايتـ
تى. كۆزلىرىمىز ھېلىدىن - ھېلىغا ئۇچرىـ
شىپ قالاتتى. قىزلارغىلا خاس بىر خىل
تۇيغۇن غايىۋى ئاۋاز ئۇنىڭ مېنى ياقتۇ-
رۇپ قالغانلىقىنى، مەن بىلەن تونۇشقۇسى،
پاراڭلاشقۇسى بارلىقىنى قۇلىقىمغا يەتكۈـ
زەتتى. يۈزلىرىمنىڭ ئۆزىچىلا قىزىشىۋاتـ
قانلىقىنى سېزىپ، بارغانسېرى ئوڭايسىزـ
لىناتتىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىچىمـ
دە ئۇنىڭمۇ مېنى تونۇۋېلىشىنى «ۋۇي،
سەن زۆھرە ئەمەسمۇ! مانا قارا، قانداق
ئۇچرىشىپ قالدۇق - ھە!» دەپ ئالدىمغا
كېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتىم. شۇنىڭدىن كېيىن
سىرتقا قاراشمۇ خۇشياقمىدى. سىرتقا قاـ
راپ ئولتۇرغاندەك قىلساممۇ، كۆزلىرىم
ھېچنەرسىنى كۆرمەيتتى، قۇلىقىم ھېچنەر-
سىنى ئاڭلىمايتتى. ھەر قېتىم سىرتتىن
بېشىمنى ئېلىپ يىگىت تەرەپكە قارىغان

ۋاقىتلىرىمدا، ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ چاقناپ
كەتكەنلىكىنى، لەۋلىرىدە پەيدا بولغان بىلىن-
لىنەر - بىلىنمەس سىرلىق كۈلۈمسىرەشنى
بايقاپ قالاتتىم. بىر چاغدا دېھقان سۇ-
پەت بىر كىشى يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى.
يۇسۇپ ئەمدى ماڭا ئانچە قارىماي، ئۇ-
ياق - بۇياققا نەزەر تاشلاپ، كۆڭۈلسىز
ئەسنەپ ئولتۇردى. ئارقىدىن كىچىك ھەز-
بىيچە سومكىسىنى بېشىغا قويۇپ، ئۇزۇن
ئورۇندۇقتا سوزۇلۇپ ياتتى - دە، ھەش-
پەش دېگۈچە ئۇيقۇغا كەتتى.

كەچ كىرىپ ۋاگون چىراغلىرى يان-
دى، ئۇ ئويغانمىدى. يېنىمىدىكى ئادەم
يېرىم كېچىدە يول بويىدىكى كى-
چىك بىر بېكەتتە چۈشۈپ قالدى. نېمىش-
قىدۇر ئۇيقۇم كەلمىدى. ۋاگوننىڭ سىلكى-
نىشىگە ئەگىشىپ، بۆشۈكتە ياتقان بوۋاق-
تەك بىلىنەر - بىلىنمەس سىلكىنىپ ئۇخ-
لاپ ياتقان يۇسۇپتىن كۆزۈمنى ئالمىدىم.
بىر - ئىككى قېتىم نېرى تەرەپكە ئۆتكەن
بولۇپ ئۇنىڭ بېشىغا بېرىپ، ئۇيقۇلۇق
چىرايىغا قاراپ - قاراپ ئالدىم.

سەھەرگە يېقىن بېشىم ئېغىرلىشىپ،
كۆزلىرىم يۇمۇلۇشقا باشلىدى، ئەمما يۈرى-
كىمدە ئويغانغان يېگىنچە، شېرىن بىر سې-
زىم ئۇيقۇمنى قاچۇرۇپ تۇراتتى. پويىز-
نىڭ رىتىملىك تاقىلدىشى خۇددى تەڭداش-
سىز گۈزەل ناخشىدەك مېنى ھاياجانغا
سالاتتى. مەن يۇسۇپنىڭ يېنىدا ئۆتكۈز-
گەن بىر مىنۇتنىمۇ ئۇخلاپ ئۆتكۈزۈشكە
قىيمايتتىم.

ئەنە، مېنىڭ يۇسۇپۇم ئۇياق - بۇياققا
ئۆرۈلۈپ، پۇت - قوللىرىنى سوزۇشقا باشلى-
دى. كۆزلىرىنى بىردىنلا يوغان ئاچتى.
ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، تۇيۇقسىز بىر
ئىش ئېسىگە كەلگەندەك شارتتىدا بۇرۇلۇپ
ماڭا قارىدى. چىرايىدا يەنە ئاشۇ تونۇش
تەبەسسۇم جىلۋىلەندى، سومكىسىدىن لۆڭگە
ئېلىپ يۈز يۇغىلى كېتىۋېتىپ مېنىڭ يې-
نىمدا توختىدى:

— مەن سىزنى تېخى كېچىدە چۈ-
شۈپ قالارمىكىن دېگەنىدىم، قارىغاندا يو-
لىمىز بىر ئوخشايدۇ - ھە؟

— يولىمىز ئەلۋەتتە بىر، مەن سىز-
نى تونۇيمەن، — دېدىم ئىشەنچ بىلەن
ۋە ئۇنىڭ مېنى تونۇۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ
كۆزلىرىگە قارىدىم. ئەمما ئۇ مېنى تونۇ-
مىدى. نېمىشقىدۇر سۆزلىرىمگە ئەجەبلىنىپ
كەتمىدى. پەقەت ئائىلەمنىڭ قەيەردىلىكى-
نىلا سورىدى. ئۇ بالىلىق ۋاقىتلىرىدىكى
ئاشۇ قارا قۇمچاق قىزنى ئۇنتۇپ كەتكەن-
دۇ، ياكى مەن بەك كۆپ ئۆزگىرىپ كەت-
كەندىمەن. مەن سەل ئۈمىدسىزلەندىم،
ئەمما غۇرۇرۇم ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى تونۇشتۇ-
رۇشقا يول قويمايتتى.

سومكامدا ياغلىق توقاچلىرىم بار ئى-
دى. ئۇنى ئەتىگەنلىك چاينى بىللە ئى-
چىشكە تەكلىپ قىلدىم. چاي ئىچىپ ئول-
تۇرۇپ ئاشۇ كۆلنىڭ، كۆل بويىدا بىللە
ئوينايدىغان بىر ئوغۇل بالا بىلەن بىر قىز
بالىنىڭ ھېكايىسى نەچچە قېتىم ئاغزىمنىڭ
ئۇچىغا كەلدى. ئەمما مەن بۇ ھېكايىنى
يەنىلا كېيىنگە قالدۇردۇم. ئۇ ئۆزىنىڭ
مەكتىپى، دوستلىرى، ساۋاقداشلىرى توغرى-
سىدا سۆزلەپ بەردى. مەنمۇ ئۇنىڭغا قايتا
تەربىيە ئېلىۋاتقان يېزام توغرىسىدا، ساۋاق-
داشلىرىم ئارىسىدىكى قىزىق - قىزىق ئىشلار
توغرىسىدا سۆزلىدىم. بىز يەنە تاغدىن -
باغدىن پاراڭ سېلىشتۇق. بىر - بىرىمىزگە
قارىشىپ، يوشۇرۇنچە شادلىنىپ ئولتۇرۇشت

www.uyghurkitap.com

قىنمىزنىڭ ئۆزى ھەر ئىككىمىز ئۈچۈن
ئالەمچە بەخت ئىدى.

مەن ئىچىمدە بۇ سەپەر مەڭگۈ ئاياغ-
لاشمىسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى، دەپ
ئويلايتتىم. ئەمما سەپەر ناھايىتى تېز
ئاخىرلاشتى. يۇسۇپ بىزنىڭ كۆلىنىڭ ئۆ-
دۇلىدىكى بېكەتتە چۈشۈپ قالدى.

پويىز بۇ بېكەتتە ئۈچ مىنۇتلا توخ-
تايتتى. ئۇ ئالدىراپ يەرگە چۈشكەندىن كې-
يىن، خۇددى مۇھىم بىر نەرسىنى ئۇنتۇپ
قالغاندەك ئالاقزادىلىك ئىچىدە قالدى.
مەنمۇ بىردىنلا ھودۇقتۇم. بىز ئەتىگەن-
دىن بېرى شۇنچە كۆپ سۆزلىشىپتۇق - يۇ
ئەڭ مۇھىم ئىشنى ئۇنتۇپتۇق. شۇ ئەسنا-
دا پويىز چاقلىرى غىچىرلاپ قوزغالدى. ئۇ
پويىز بىلەن تەڭ يۈگۈرۈپ ۋارقىردى:

— يەكشەنبە كۈنى، پويىز ئىستان-
سىسىدا!..

ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى شامال
ئۇچۇرۇپ كەتتى.

* *

يەكشەنبىگە يەنە ساق ئۈچ كۈن بار.
... ئىككى كۈن، ئاھ، ئىككى كۈن...
ئەتە يەكشەنبە، ئەتە يەكشەنبە!
بۈگۈن بىر كۈننى قانداق ئۆتكۈزسەم بو-
لار...

ئاشۇ يەكشەنبە ھاياتىمدىكى ئۇن-
تۇلغۇسىز بىر يەكشەنبە بولۇپ قالدى.
مەن ئەتىگەندىن تارتىپلا بىر خىل سارا-
سىمە ئارىلاشقان بەخت تۇيغۇسى ئىچىدە
يۈردۈم. قولۇم ئىشقا بارمايتتى. ھېلى بىر-
نېمىلەر دەپ ئاپامنىڭ چىشىغا تەگسەم،
ھېلى سىڭلىمنىڭ قولىدىكى قورچاقنى
ئېلىپ ئاسمانغا ئاتتىم، ھېلى تالاغا چىقسام،
ھېلى يېنىپ كىرەتتىم. ئەينەكنىڭ ئالدىغا
قايتا - قايتا كېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھايا-
جاندىن ئىككى مەڭزى ئانارەدەك قىزارغان،
كۆزلىرى سىرلىق چاقناپ تۇرغان، بوينىغا
سېرىق ھەربىيچە چاپانغا زادىلا ماس
كەلمەيدىغان ئاپئاق نەپىس شارپا ئارتقان
قىز بالىغا مەسخىرە ئارىلاش قارايت-
تىم. تىللىرىمنى چىقىرىپ ئۇيات - ئۇيات
دەيتتىم. كۈتكەن سائەتلەر ئاستا - ئاستا
يېقىنلىشىپ كەلمەكتە ئىدى. مەن پويىز
ئىستانسىسىغا چاپتىم. ئەمما ئىستانسا بۈگۈن
باشقىچىلا چۆلدەرەپ قالغاندى. پويىز-
لارنىڭ يىراق - يىراقلارغا ئاڭلىنىپ تۇر-
دىغان گۈدۈكى، پاراۋوزلارنىڭ پۇشقۇرىشى،
بىر خىل ئاۋازدا گۈپۈلدەپ يۈرۈشى، ۋا-
گونلارنىڭ تاراق - تۇرۇقى ئاڭلانمايتتى.
پويىز ساقلاش سۇپىسىدىمۇ ئادەتتە مىغىل-
داپ كېتىدىغان يولۇچىلار، ئۇياقتىن بۇياق-
قا چېپىشىپ يۈرىدىغان پويىز خادىملىرى
كۆرۈنمەيتتى. بىر بوۋاي ماڭا قايسىدۇر
بىر يەردە يول بۇزۇلۇپ، پويىز ۋەقەسى
چىققانلىقىنى، تۈنۈگۈندىن تارتىپ پويىز
قاتنىشى توختاپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ بەر-
دى. ماڭا بىردىنلا يەر شارى ئايلىنىشتىن
توختاپ، ئۇنىڭدىكى ھەممە نەرسە ئۆز ئور-
نىدا قېتىپ قالغاندەك، ھەتتا تومۇرلىرىم-
دىكى قانلىرىممۇ توختاپ قالغاندەك بىلىندى.

ياق، مۇمكىن ئەمەس، مۇمكىن
ئەمەس! دەپ ۋارقىرىغۇم كەلدى. ئەمما
ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. قوللىرىمنى يان-
چۇقۇمغا سېلىپ، بوش شامال ھۇۋۇلداپ
تۇرغان تۆمۈريولنىڭ ئۈستىدە مەق-
سەتسىزلا مېڭىشقا باشلىدىم. قاراڭغۇ
چۈشۈشكە باشلىدى. ئەتراپتىكى ئۆيلەر
شالاڭلاپ، غۇر - غۇر چۆل شامىلى چاچلى-
رىمنى، شارپامنى ئۇچۇرتاتتى. شامالدىن
چۆل گىياھلىرىنىڭ، قۇم - شېغىلنىڭ، قۇ-

رۇمنىڭ پۈرىقى كېلەتتى. يىراقتىكى مەھەل-
لىلەردىن پىلىلداپ چىراغ يورۇقى كۆرۈ-
نەتتى. ئىتلارنىڭ هاۋشىشى ئاڭلىناتتى...
چوڭقۇر بىر ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە
كېتىۋاتىمەن. نەگە، نېمىشقا كېتىۋاتقانلى-
قىمنى بىلمەيمەن...
ئۆيگە هېرىپ - چارچاپ مەيۈس هال-
دا قايتىپ كەلدىم. ئاپام مەندىن ئەنسى-
رەپ ئۇخلىماي ئولتۇرغانىكەن. چىرايىم-
غا شۈبھىلىك تىكىلىپ، نەگە بارغانلىقىمنى
سورىدى. نېمىلەرنى دېدىمكىن، ئىشقىلىپ
ئۇنى خاتىرجەم قىلدىم. ئۆزۈمنىڭ بولسا
كېچىچە ئۇيقۇم كەلمىدى.
مەن ئىستانسىغا ئەتىسىمۇ، ئۆگۈنىمۇ
چىقتىم. ئىنىدىنى قايتا تەربىيە ئېلىۋاتقان
يېزىغا يۈرۈپ كەتتىم.
ئارىدىن 15 كۈن ئۆتكەندە، گۇڭشې-
نىڭ كاتىپى مېنى ئېتىزلىقتا ئىزدەپ كەل-
دى. شەھەردىن يۈسۈپ ئىسىملىك بىر كى-
شىدىن تېلېفون كەلگەنلىكىنى ئېيتىۋىدى،
خوشاللىقىمدا قولۇمدىكى كەتمەننى پىرقىرى-
تىپ تاشلاپ، ئۇنى قولىدىن تۇتۇپ قوناق-
لىقتا نەچچە پىرقىرىتىۋەتتىم. ئەتراپىمدىكى
دېھقان ئاياللار ۋاي - ۋايلاپ قېلىشتى. ياغ-
لىقىمنى مىجىقلىغىنىمچە گۇڭشېغا يۈگۈرۈپ
كېتىپ بارىمەن. كۆڭلۈمدە يۈسۈپ مېنى-
ساقلىماي كېتىپ قالارمۇ دېگەن ئەندىشە.
تېلېفونىست ئايال سىرلىق كۈلۈپ قويۇپ،
تېلېفوننى قولۇمغا بەردى. ئۇنىڭدىن يۈسۈپ-
نىڭ ئاۋازى كەلدى. ئۇ خۇددى ئالەمنىڭ
نېرىقى چېتىدە سۆزلەۋاتقاندەك ئىدى.
بىر هازاغىچە ئاۋازىمنىڭ بارىچە ۋارقىراپ
ئۇنىڭ بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئۈرۈم-
چىگە قايتىدىغانلىقىنى، قايتىش ئالدىدا مەن
بىلەن كۆرۈشكىسى بارلىقىنى ئۇقتۇم. خۇ-
شاللىقتىن، ھاياجاندىن قىپقىزىل بولۇپ،
ئاۋازىمنىڭ بارىچە ۋارقىراپ، ئۇنىڭغا:
— ئەتىلا شەھەرگە كىرىمەن، چۈش-
تىن كېيىن ئاپتوبۇس بېكىتىدە ئۇچرىشاي-
لى، — دەپ ۋەدە بەردىم.
تەقدىر مەن بىلەن يەنە بىر قېتىم
قىرىشقانىكەن. تېلېفوننى قويۇشۇمغا،
باياتىن بېرى تېلېفونىست ئايالغا قاراپ
ھىجىيىپ، ئاللىقانداق شەرەتلەرنى قىلىپ
تۇرغان كاتىپ ماڭا بۇرۇلۇپ:
— بىكار ۋەدە بەردىڭىز، چوڭ ئېغىز-
نى كەلكۈن ئېلىپ كېتىپتۇ. ئاپتوبۇسلار ئە-
مەس، ئات - ئۇلاغمۇ قاتنىيالمايۋاتىدۇ، بۇ
ئىشتىن خەۋىرىڭىز يوقمىدى؟ — دېۋىدى، بې-
شىمغا كالتەك بىلەن بىرنى قويغاندەك
لاسسىدە ئولتۇرۇپلا قالدىم. ئىچىمدە،
ئادالەتسىز تەقدىر! دۇنيادىكى پۈتۈن ۋەقە-
لەرى، كەلكۈنلەرنىڭ ھەممىسى ماڭىلا قا-
راپ تۇرغان بولغىيمىدى، دەپ ئاھ ئۇر-
دۇم. شۇ چاغدا مەن تەقدىرىمدىن ئالدى-
راپ ئاغرىنمىسام بوپتىكەن.
بىر ھەپتىنى قەپەستىكى قۇشتەك ئۆ-
زۈمنى ھەريان ئۇرۇپ ئۆتكۈزدۈم. بىر
ھەپتىدىن كېيىن شەھەرگە كىرگەن چې-
غىمدا ئاپام ماڭا يۈسۈپ ئىسىملىك بىر يى-
گىتنىڭ مېنى ئىككى قېتىم ئىزدەپ كەل-
گەنلىكىنى ئېيتتى. بەكمۇ ئارماندا قالدىم.
شۇ كۈنى كەچتىلا ئۇنىڭغا خەت يازدىم:
«ئەڭ ئالىي يولىيورۇق
ئىتتىپاقلىشىپ، تېخىمۇ زور غەلىبىلەر-
نى قولغا كەلتۈرەيلى!
يولداش يۈسۈپ، قانداق ئەھۋالىڭىز؟
ئۆگىنىشىڭىز ئۇتۇقلۇق، تېنىڭىز سالامەتمۇ؟
شۇنداقتۇ دەپ ئويلايمەن ۋە شۇنداق بو-
لۇشىغا تىلەكداشمەن. مەنمۇ ئوبدان تۇرۇ-

www.uyghurkitap.com

ۋاتىمەن. مەقسەتكە كەلسەم، ئۆتكەن قېتىم مەن سىزنى پويىز ئىستانسىسىدا ئۇدا ئۈچ كۈن ساقلاپ، ۋاقتىم توشۇپ قالغىنى ئۈچۈن يېزىغا قايتىپ كەتكەنىدىم. بۇ قېتىم يەنە يول بۇزۇلۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن شەھەرگە كىرەلمەي، سىزنى ساقلىتىپ قويدۇم. ئويلىسام كۈلگۈم كېلىدۇ. خۇددى غايىبانە بىر ئادەم ئىككىمىزنى كۆرۈشتۈزمەسلىكنى نىيەت قىلىپ، تاغلارنى ئۆرۈپ، سۇلارنى باشلاپ، يوللارنى توسۇپ تۇرغاندەك - ھە؟ بوپتۇ. كىم قېرىشسا قېرىشۋەرسۇن، بىزمۇ قېرىشىپ باقايلى. خەت يېرىم دىتدار دەپتىكەن. خەت ئارقىلىق بولسىمۇ، ئەھۋاللىشىپ تۇرايلى، ماڭا خەت يېزىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. ئادرېسىمنى پويىزدا سىزگە ئېيتىپ بەرگەنىدىم، ئېسىڭىزدىمۇ؟...»

كېيىنكى كۈنلىرىم خەت كۈتۈش بىلەن ئۆتتى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئىشقا چىقىشتىن ئاۋۋال ئىككى كىلومېتىر يولنى ئېرىنمەي بېسىپ گوڭشې پوچتىخانىسىنى يوقلايتتىم. پوچتىخانا بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ كىرىۋېتىپ يۈرەكلىرىم دۈپۈلدەپ كېتەتتى. پوچتالىيوننىڭ ئىپادىسىز، مۇزدەك چىرايىنى كۆرگىنىمدە ۋۇجۇدۇمنى بىر خىل ئۈمىدسىزلىك قاپلايتتى. مۇز چىراي پوچتالىيون ئاخىرى ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ قالدى بولغاي: «سىڭلىم، سىز مۇنداق ئاۋارە بولۇپ كۈندە كېلىۋەرمەڭ، خەت كەلسىلا مەن ۋاقتىدىلا ئاپىرىپ بېرىمەن» دېدى. ئەمما مەن پوچتىخانىغا كەلمەي تۇرالمايتتىم. نېمىشقىدۇر پوچتىخانا مېنى يۈسۈپ بىلەن باغلاپ تۇرغاندەك بىلىنەتتى. سەھەر قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرىغا چۆمۈلۈپ ياتقان يېزىنىڭ شەبنەم قورۇمىغان چۆپلۈكلىرىدە تەنھا كېتىۋېتىپ، ئاجايىپ تۇيغۇلار قوينىدا ئۈزەتتىم. خىيالىمدا ئۇنى كۆرۈپ ئۇنىڭ بىلەن پىچىرلىشىپ سۆزلىشەتتىم. كونىلار يۈرەك ھەممىنى سېزىدۇ، دېيىشىدىكەن؛ كىم بىلىدۇ، ئاشىقلارنىڭ يۈرىكىدىمۇ. شۇنداق بىر خىل سېزىم بولىدىغاندۇ، ئۇلار بىر - بىرىدىن نەچچە كۈنلۈك يىراقتا بولسىمۇ، بىرىنىڭ يۈرىكىدە قايناۋاتقان ھېس - تۇيغۇلار يەنە بىرىنىڭ يۈرىكىگە كۆزگە كۆرۈنمەس يوللار ئارقىلىق تەسىر قىلىدىغاندۇ...

ھەش - پەش دېگۈچە ئۆكتەبىر ئايلىرىمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ئارقىدىن نويابىر، دېكابىر، يانۋارلارمۇ ئۆتۈپ كەتتى. مەن كۈتكەن خەتلەرنىڭ ئىز - دېرىكى بولمىدى. بىر كۈنى بىر نەچچە دوستلىرىم بىلەن بىرلىكتە قوشنا ئەترەتتىكى بىر ئۆيگە مېھماندارچىلىققا باردۇق. ئۆي ئىگىلىرى يېڭىلا توي قىلغان ياش ئەر - خوتۇنلار ئىكەن، تېخى ئايالى مەن بىلەن ئىسىمداش ئىكەن. تاماقتىن كېيىن ئۇ بىز بىلەن خالى قالغاندا، ئۆزىنىڭ بىزدەك شەھەرلىك، ئوقۇغان قىزلارغا ھەۋەس قىلىدىغانلىقىنى، ئەگەر ئۆزىنىڭ ئىختىيارىچە بولسا، دۇنيادىن توي قىلماي ئۆتۈشنى خالايدىغانلىقىنى سۆزلەپ قالدى. بىز ئەجەبلەندۇق:

— ئاڭلىساق سىلەر ئەركىن مۇھەببەتلىشىپ توي قىلىپتىكەنسىلەرغۇ؟

— ئەر كىشىنىڭ ياخشىلىقى توي قىلغۇچە، بولۇپمۇ سەھرالىق ئەر خەقلەر شۇنداق، — دېدى چوكان كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ، — كۆيدۈم - پىشتىم دەپ قولىغا كىرگۈزىۋالدى، ئارقىدىن خالىغانچە ئۇرۇپ - سوقىدۇ... ئاتا - ئانام تاك ئېتىپ چېكىپ باقمىغان يالغۇز قىز ئىدىم. توي قى-

لىپ ھەپتە ئۆتكەندە ئۇرۇمچىدىن مېنىڭ
نامىمغا بىر پارچە خەت كەپتۇ. خەتنى ئو-
قۇپ، ئۇرۇمچىدە ئاشنـاڭ بارىكـەن، مېـنى
ئالداپسەن، دەپ ئۇرغىلى تۇرغانىدى، ھـا-
زىرغىچە بېسىققىنى يوق. ئۇنداق ئادەمـنى
تونۇمايمەن، بولمىسا سىزگە تېگـەرمىدىـم،
دېسەم ئىشەنمەيدۇ، ئاچـرىـشـىپ كېتەيـلى
دېسەم تېخى ئۇنىمايدۇ...

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ يۈرى-
كىم قارتىىدە قىلىپ قـالدى. چـانـدۇرماي
كەچكىچە ئولتۇرۇپ، دوستلىرىم بىلەن بىللە
چىقىپ كەتتىم. ئەتىسى ئەتىگەندىـلا ئۆ-
زۈم يالغۇز كېلىپ، ئەر - ئايال ئىكـكىسىگـە
ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ خەتنى ئېلىۋالدىم.
ئۇ راستىنلا يۈسۈپنىڭ ماڭا يـازغان خېتى
ئىكەن! چوكان قايتىدىن ئاللا - تووۋا كۆتۈ-
رۈپ يىغلاشقا، ئېرى ئۆزىنى ئاقلاشقا باشـ
لىۋىدى، قاراپمۇ قويماي ئۆز يولۇمغا كې-
تىۋەردىم. خوپ بولدى ئەخمەقلەر! بىرووۋ-
نىڭ خېتىنى سورۇشتۇرۇپمۇ باقماي پوكـ
نىڭغا بېسىپ يېتىشقاندىكەن، دەيتتىم ئىچىمـ
دە. سەل نېرىراق كېتىشكىمۇ چىـدىـماي
خەتنى ئاچتىم:

«ئەڭ ئالىي يولىورۇق

ئىتتىپاقلىق — غەلىبە قازىنىشىمىزنىڭ
تۈپ كاپالىتى!

يـولداش زۆھرە، خېتىڭىـزنى تاپشۇ-
رۇۋېلىپ خۇرسەن بولدۇم. مەندىن ئەھۋال
سورىغان ئىكەنسىز، ئەھۋالىم ياخشى. سىزگە
بىر خۇش خەۋەرنى ئېيتسام، يېقىندا شاڭخەي
فۇدەن داشۆگە ئىمتىھان بەرگەنىدىم، ئۆتۈپ-
تىمەن. ئوقتۇرۇشىمۇ كەلدى. مۇشـۇ ھەپتە
ئىچىدە يـولغا چىقىمـەن. ئـەسلى ئـۆيدە
چـۈشۈپ قېلىپ ئاتـا - ئانىلار بىلـەن، سىز
بىلەن خوشلىشىۋېلىش ئارزۇيۇم بار ئىدى،
ئۇنداق قىلسام باشقا ھەمراھلىرىمدىن ھەم
ئوقۇتقۇچۇمدىن ئايرىلىپ قـالىدىكـەنمـەن.
يازلىق تەتىلدە ئۆيگە قايتىمەن. شۇ چاغـ
دا كۆرۈشەرمىز. ئۇزۇندىن بۇيان سىزدىن
بىر نەرسىنى سورىۋالغۇم بار ئىدى: ئىككـ
مىزنىڭ مۇناسىۋىتىنى يـەنـىـمـۇ بىر قەدەم
ئىلگىرىلىتىشكە بولامدۇ - يوق؟ ئەگـەر قو-
شۇلسىڭىز ماڭا خەت يېزىۋەتسىڭىز، مېـنىڭ
يېڭى ئادرېسىم:...»

خۇشاللىق، ئۆكۈنۈش ھەم ئەنـدىشـە
ئارىلاش ئاجايىپ بىر خىل ھېسسىيات ئىلـ
كىدە قالدىم. خۇشاللىق — ئۇزۇندىن بۇيان
ئارزۇ قىلغان بەختكە، مۇھەببەتكە ئېرىشكـ
نىمنىڭ خۇشاللىقى ئىدى. ئەمما، تـەقدىـر
مېنى پۇتلاشنى تېخىچە ئۇنتۇپ قالماپتـۇ.
مەن شۇنچە تەشنالىق بىلەن كۈتكەن خەت
مۇشۇ شەھەرگە، مۇشۇ كوچىغا كەپتۇيـۇ،
مېنىڭ قولۇمغا ئەمەس، قوشنا كـەنتتىـكى
بىر ئايالنىڭ قولىغا چۈشۈپتۇ... بۇ جەريانـ
دا يۈسۈپ يېڭى ساۋاقداشلىرى، جۈملىدىن
يېڭى - يېڭى قىزلار بىلەن تونۇشقاندۇ، ئۇ-
لارنىڭ ئارىسىدا ئاجايـىپ قـىزلار بـاردۇر.
ئۇنىڭ ماڭا ئىككىنچىلەپ خەت يازمىغىنىغا
قارىغىنىدا، بەلكىم...

قانداق ئويلاردا بولۇشۇمدىن قەتئىينە-
زەر، ئۇنىڭغا تېزلا جاۋاب خەت يازدىم.

«ئەڭ ئالىي يولىورۇق

كىملەر بىزنىڭ دوستىمىز، كـىمـلـەر
بىزنىڭ دۈشمىنىمىز، بۇ مەسىلە ئىنقىلابـتا
ئەڭ مۇھىم مەسىلە!

يولداش يۈسۈپ، سىزگـە يالقۇنلـۇق
سالام، ئۆگىنىشىڭىز ئوتتۇقلۇقتۇ؟ يېڭى مۇ-
ھىتقا، يېڭى ساۋاقداشلارغا كۆنۈپمـۇ قالـ
غانسىز. خۇدايىم بىزگىمۇ ئاشۇنداق مـەكـ
تەپلەردە ئوقۇشنى نېسىپ قىلغان بولساـھە.

مەن ياخشى تۇردۇم. ھېلىھەم يېزىدا ئىشلەۋاتىمەن. مەقسەتكە كەلسەم، ئۆتكەنبىردە يازغان خېتىڭىزنى دېكابىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تاپشۇرۇۋالدىم. ئادرېس خاتا يېزىلىپ قالغانلىقتىن، خەت بىرنەچچە ئاي باشقا بىرروۋنىڭ گۇناھسىز ئايالنىڭ ناھەق تاياق يېيىشىگە سەۋەبچى بوپتۇ. بۇمۇ ھېلىقى غايىۋانە ئادەمنىڭ چاقچىقى بولسا كېرەك. شۇڭا مېنى ۋاقتىدا خەت يازمىدى، دەپ ئويلاپ قالماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. خېتىڭىزنى ئوقۇپ خۇشال بولدۇم. سىزنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكىڭىز ھەممىمىز ئۈچۈن بەخت. پەقەتلا يۇرتىڭىزنى، بىزنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. قالغان گەپلەرنى كېلەركى خەتتە قىلىشارمىز. خېتىڭىزنى كۈتىمەن. ھە، راس بۇ قېتىم ئادرېسىمنى توغرا يېزىڭ. 2-ئەترەت ئەمەس، 5-ئەترەت، جۇمۇ...»

شۇنىڭدىن كېيىن يۇسۇپتىن خەت كەلمىدى. كېيىن ئۇنىڭ بىر قىز ساۋاقدىشى بىلەن يۈرۈۋاتقانلىقى توغرىلىق گەپ-سۆزلەر يېتىپ كەلدى. شۇنچە زارىقىپ كۈتۈشلىرىم، سېغىنىشلىرىم، ئازابلىرىم-ھەممىسى، ھەممىسى بىھۇدە ئىش بولۇپ قالدى. ئەمما يۈرەككە بۇيرۇق بەرگىلى بولمايدىكەن، يۈرەككە شۇنچە چوڭقۇر ئورنىشىپ كەتكەن، قان-تەنگە، ھەر نەپەسكە سىڭىپ كەتكەن تۇيغۇلاردىن خالاس بولغىلى بولمايدىكەن. شۇ ئاي، شۇ كۈنلەردە بىپەرۋا، خۇش خۇي ئۆتكەن ئىشلارنى ئاسانلا ئۇنتۇپ كېتەلەيدىغان دوستلىرىمغا ھەۋەس قىلىپ يۈردۈم. كۆرۈنۈشتە چاندۇرماسلىققا تىرىشقىنىم بىلەن، دەردنى ئىچىمگە ئېلىپ، ئىچ-ئىچىمدىن ئۆرتەندىم، گېلىمدىن غىزا ئۆتمەيتتى، كېچىلىرى بىرنەچچە سائەت ئۇخلاپلا ئويغىنىپ كېتەتتىم. كېچىلەر شۇنداق ئۇزۇن، مۇدھىش بىلىنەتتى. يېزىدىكى ھاياتىمنىڭ 3-يىلىنى ئۇرۇقلىغان، بەكمۇ روھسىز ھالەتتە كۈتۈۋالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاشۇ قىشتا قايتا تەربىيىگە چۈشكەن ياشلار ئارىسىدا ئۈمىدسىزلىك، ھەممىدىن زېرىكىش كەيپىياتى ئەۋج ئالغانىدى. ھەممىمىزنىڭ خىيالىدا قاچانغىچە مۇشۇنداق يۈرۈۋېرىمىز؟ بىزنى يېزىغا تاشلاپ قويۇشتىيۇ، كارى بولمىدىغۇ، دەيدىغان ئەندىشە، تېگىرقاش كېزىپ يۈرەتتى. يولى بارلار ھەرخىل ئامال-لار بىلەن خىزمەت تېپىپ شەھەرگە يۆتكىلىشكە باشلىدى. مەن دېگەن نەپەققىگە تايىنىپ كۈن كەچۈرىدىغان تۇل خوتۇننىڭ قىزى تۇرسام مېنىڭ نېمە ئامالىم بولسۇن. يېزىدا تىكەندەك يالغۇز قالدىم. ئاپام بىچارىنىڭ يالۋۇرمىغان ئادىمى، بارمىغان ئىدارىسى قالماپتۇ. ئاخىرى بىزنىڭ ئەھۋالىمىزغا ئىچ ئاغرىتقان قوشنىمىز ماڭا بىر لايىق تېپىپتۇ. ئۇ باج ئىدارىسىدە ئىشلەيدىغان، بىر قېتىم ئۆيلەنگەن 30 ياشلاردىكى كىشى ئىكەن. ئۆزى شەھەر ئەتراپىدىكى بىر يېزىدىن بولۇپ، ئائىلە تەركىبى كەمبەغەل ئىكەن، ئاتا-ئانىسى كىچىكىدە ئۆلۈپ كېتىپتىكەن. ئۇنىڭ ئارقىسىدا تارتىشىدىغان ئادىمىنىڭ يوقلۇقى ئاپامغا بەكمۇ ياراپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ ئاپامنى پات-پات سوۋغا-سالاملار بىلەن يوقلاپ تۇرغانلىقى، ئۆينىڭ قاتتىق-يىرىك ئىشلىرىنى قىلىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن بولغۇسى كۈي-

ئوغۇل بىلەن قېيىن ئانا ئوبدانلا ئەپلىشىپ قاپتۇ. بىر قېتىم قايتىپ كەلگىنىمدە، ئاپام بىر تەرەپتىن يالۋۇرسا، بىر تەرەپتىن تىللاپ دېگەندەك مېنى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈردى. ئۇ پاكار، دىقماققىنە كەلگەن ياپما قاپاق ئادەم ئىكەن. توختىماي تاماكا چېكىپ ئولتۇردى. مەن ئۇنىڭ تاماكىدىن سارغىيىپ كەتكەن قارامتۇل كۆتمەك بارماقلىرىغا، ساپسېرىق چىشلىرىغا قاراپ كۆڭلۈمدە بىر يىرگىنىچ ھېس قىلدىم. ئەمما ئاپامغا ياق دېيەلمىدىم. پەقەت تويىنى ئىككى-ئۈچ يىلدىن كېيىن قىلساق دېگەن شەرتىنى قويدۇم. بۇ يىللاردا مەن يەنىلا يۈسۈپنى كۈتتۈم. داۋاملىق ئۇنىڭدىن خەت كېلىپ ياكى ئۇ مېنى ئىزدەپ كېلىپ چۈشەيتتىم. چۈشۈمنىڭ راستقا ئايلىنىشىنى ئارزۇ قىلاتتىم. يۈسۈپنى تونۇيدىغان، ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋىرى بار كىشىلەر بىلەن يېقىنلىشاتتىم ۋە ئۇلاردىن چاندۇرماي يۈسۈپنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە تىرىشاتتىم. گەرچە بۇ خەۋەرلەر مېنى خۇشال قىلمىسىمۇ، ھەتتا قاتتىق ئازابقا سالسىمۇ، بۇ ئىشتىن ئۆزۈمنى تارتالمايتتىم. يەنە بىر تەرەپتىن ئاپام بىلەن ئۇنىڭ بولغۇسى كۈيئوغلىنىڭ تۈرلۈك بېسىملىرىغا قەيسەرلىك بىلەن بەرداشلىق بېرىپ كېلىۋاتاتتىم. ئۇنى دېمىسىمۇ، دوستلىرىم، تەڭتۇشلىرىم كەينى-كەينىدىن توي قىلىپ كېتىشكەندى. مېنى كۆرسە خۇددى پۈتتۈشۈۋالغاندەك ھەممىسىلا: «تويۇڭنى قاچان ئوينايمىز، زۆھرە؟» دەپ سورىشاتتى.

يۈسۈپ ئۈرۈمچىدە توي قىلغان كۈنى ھاڭگىرت كۆلى بويىغا باردىم. بىزنىڭ كۆلىمىز ھەقىقەتەن ئۆزگىرىپ، چاچ-ساقاللىرى شالاڭلاپ كەتكەن قېرى كىشىگە ئوخشاپ قاپتۇ. كۆز ئالدىمدا چاقناپ تۇرغان كۆل سۈيى خۇددى يېشىل ۋادىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلاپ قويۇلغان چوڭ ئەينەكتەك يىراقتىنلا كۆزگە تاشلىناتتى. ئۇنىڭ بويلىرىدا ھاڭگىرت، ياۋا غاز، ئاق قۇلار ئەمەس، توخۇ-ئۆردەك، ئۆي غازلىرى دانلاپ يۈرەتتى، سۇ يۈزىدە ئۈزۈشەتتى. كۆل سۈيى ئىلگىرىدىكىدەك سۈزۈك، مۇزدەك سوغۇق ئىدى. سۇغا ئېڭىشكىنىمدە قەلبىمنى پەقەت يېقىن كىشى بىلەن دىدارلاشقاندىلا پەيدا بولىدىغان بىر خىل ھاياجان قاپلىدى. بۇ ھاياجان خۇددى كۆل يۈزىدىن قەلبىمگە قۇيۇلۇۋاتقاندەك، كۆل مېنى ئىللىق مېھرى، ھاياجىنى بىلەن قارشى ئېلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

— يادىڭدىمۇ كۆلۈم، سۈپ-سۈزۈك سۇلىرىڭدا ئۈزۈپ ئوينايدىغان، قۇملىرىڭدا ئېغىنايدىغان ئاشۇ ئوغۇل بالا بىلەن قىز بالا يادىڭدىمۇ؟ مەن... يادىڭدىمۇ؟

كۆل سان-ساناقسىز كۈمۈش چەمبىرەكلەرنى ھاسىل قىلىپ، خۇددى «يادىمدا، يادىمدا» دېگەندەك شىۋىرلىدى.

— ماڭا قارا كۆلۈم، مەن ئۇنى قايتا تېپىۋالغان، چىن دىلىمدىن ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم. ئەمما ئۇ مېنىڭ بارماقلىرىمنىڭ ئارىسىدىن سىيرىلىپ چىقىپ كەتتى، ئەبەدىي چىقىپ كەتتى. ئۇ ئەمدى ساڭىمۇ، ماڭىمۇ تەۋە ئەمەس، ئاھ، ھىجران ئازابى نەقەدەر يامان-ھە.

كۆل مەيىن شامىلى بىلەن چېكىلىرىمنى سىيلاپ، ماڭا تەسەللى بەرگەندەك قىلدى. مەن ھاياتىمدىكى ئەڭ پاك،

ئوتلۇق تۇنجى مۇھەببىتىمنى ئاشۇ كۆل سۈيىگە كۆمۈۋەتتىم.

ئەمدى مەن ئۈچۈن ھەممە بەرىبىر ئىدى. شۇڭا ئاپام تاللىغان لايىقنى تۈزۈكرەك چۈشەنمەي، نېرى - بېرىسىنى چاملاپ كۆرمەيلا، ئۇنىڭغا تەقدىرىمنى تاپشۇردۇم.

توي قىلغان دەستلەپكى يىللىرىم ئۈزۈلمەيدىغان مېھماندارچىلىق، چايلار، تەكلىپلەر قاتارى بەس - بەستە ئۆي ياساش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تىلغا ئالغۇسىز ئۇششاق - چۈششەك ھەۋەسلەر بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. بالىلىق بولدۇم. بالىلىرىمنىڭ غېمى، تۈگىمەس ئۆي ئىشلىرىنىڭ، كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلاپ كېتىۋاتقان ئاپامنىڭ غېمى بېشىمنى رۇسلىغىلى، خام خىياللارغا بېرىلگىلى قويمايتتى. ئاخىرى ئاپام ئۈچ سىڭلىمنى ماڭا تاشلاپ بۇ دۇنيادىن ئايرىلدى. بىرەر يىلغىچە يىغلاپ - قاقشاپ يۈردۈم. بۇ جەرياندا ئېرىمنىڭ يول مېڭىشى بىلەن چوڭ سىڭلىمنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردۇم. قالغان ئىككىسى تېخى كىچىك، مېھرىبانلىققا، بېقىشقا موھتاج ئىدى. ئاشۇ كۈنلەردە ئېرىم مېنىڭ ئۇنىڭغا كەلتۈرگەن ئېغىرچىلىقلىرىمغا غىڭ قىلىپ قويمىدى. سىڭىللىرىمغا ياخشى قارىدى. مەنمۇ ئۇنىڭ ياخشىلىقىغا ھەسسىلەپ ياخشىلىق قىلىشقا تىرىشتىم. لېكىن، كۆڭلۈمنى ھەرقانچە ئاقتۇرسامۇ، ئۆز ئۆزۈمنى ھەرقانچە ئەيىبلىسەممۇ، كۆڭلۈمدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن مىننەتدارلىقتىن باشقا نەرسە يوق ئىدى. ئۇنىڭ كۈچلۈك مۇھەببىتى، ئەقىدىسى ئالدىدا قەلبىمدىكى سوغۇقلۇق، يىرگىنچنى تىزگىنلىيەلمەي ئازابلىناتتىم، خىجىل بولاتتىم. مېنىڭ روھىي ھالىتىمنى ئۇمۇ سەزمەي قالمىغانىدى. كېچىلىرى كۈلدانىنى ياستۇقنىڭ بېشىغا قويۇۋېلىپ، ئۇخلىماي تاماكا چېكەتتى. بەزى - بەزىدە بوغۇق ئاۋازدا: «مەن بىلىمەن، سەن مېنى ياخشى كۆرمەيسەن، مېنى ياراتمايسەن» دەپ ئۇزاققىچە جىمىپ كېتەتتى. بۇ سۆزلەر مېڭەمگە كىرىۋېلىپ، قايتا - قايتا تەكرارلىنىپ ئارامىمنى بۇزاتتى. ئۆزۈمچە نېمىدىندۇر قورقۇپ، تۈگۈلۈپ، تاڭ ئاتقۇچە يوتقاننى بېشىمغا پۈركەپ ئۈن - تىنسىز يىغلاپ چىقاتتىم.

ئالىي مەكتەپلەرگە بىر تۇتاش ئىمتىھان ئېلىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش باشلانغان يىلى بىرنەچچە دوستۇم ئارقا - ئارقىدىن ئىمتىھان بېرىپ ئوقۇشقا كەتتى. مېنىڭ كۆڭلۈمدىمۇ ئۆچكەن ئۈمىد يۇلتۇزلىرى پاللىدا چاقناپ قالدى. مەن ئەينى يىللاردا مەكتەپتە ئەلاچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى ئىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە كېيىنكى ئىككى يىلدا يېزىدا ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگىنىم ئۈچۈن ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ كېتىشىمگە كۆزۈم يېتەتتى. ئەمما بالىلىرىم، ئۆيۈمنى كىمگە تاشلايمەن؟! بۇلارنى ئويلىسام كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشاتتى، قىسقىسى، ئويلاشنىمۇ خالىمايتتىم. شۇنداقتىمۇ ۋاقتى كەلگەندە كۆرەرمەن، دەپ ئوغرىلىقچە تەييارلىق قىلىۋەردىم، ئىمتىھانغىمۇ قاتناشتىم. يازنىڭ ئاخىرىدا تىببىي ئىنستىتۇتتىن چاقىرىق قەغىزى كەلدى. قەغەزنى ئىشكاپنىڭ بىر بۇلۇڭىغا تىقىپ قويۇپ بىر نەچچە كېچە ئويلاندىم، ئانامنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدا ئىككى سىڭلىمنىڭ قولىنى ماڭا تۇتقۇزۇپ قويغان

چاغدىكى يېلىنىش، ئۈمىد ئەكس ئېتىپ
تۇرغان كۆزلىرى، كىچىك ئوغلۇمنىڭ
باغرىمغا مەھكەم يېپىشىپ، كۆكسۈمنى
قاتتىق - قاتتىق تارتىپ ئېمىشلىرى، بىر
دەم يوق بولۇپ كەتسەم قىرقىراپ، بوغۇ-
لۇپ كېتىشلىرى كۆز ئالدىمغا كېلەتتى.
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتىلا نەپسىمنى
بوغىدىغان بىر سوئال رەھىمسىزلىك بى-
لەن ئالدىمغا تاشلىناتتى: سېنىڭ بولغۇ-
نۇڭ مۇشۇمۇ؟ مەڭگۈلۈك ئۆي ئايالى،
قازان - چۆمۈچنىڭ قۇلى بولۇپ ئۆتەمسەن؟
ئېسىڭدىدۇ، نى - نى ئارزۇ - ئارمانلىرىڭ
بار ئىدىغۇ؟

ئۈمىد بىلەن ئۈمىدسىزلىكنىڭ،
ئارزۇ بىلەن رېئاللىقنىڭ قاينىمىدا ئۇزاق
تىپچەكلىگەندىن كېيىن، ئاخىرى ئوقۇشقا
بېرىش نىيىتىدىن ۋاز كەچتىم. قەلب
ئاسمىنىدا پىلىلداپ يېنىپ تۇرغان ئاخىر-
قى بىر تال يۇلتۇزمۇ ئۆچتى. مەن ئەم-
دى ئەتىدىن كەچكىچە بىر ئېغىز سۆز
قىلمايدىغان، كۈلمەيدىغان، ھېچنەرسىگە
قىزىقمايدىغان، ئىنتىلمەيدىغان، ئۇچامدىن
ياغلىشىپ كەتكەن يوپكا، پۇتۇمدىن ئۆك-
چىسى مىجىلىپ كەتكەن كونا ئاياغ
چۈشمەيدىغان ھەقىقىي ئائىلە ئايالىغا ئاي-
لاندىم. ئاندا - ساندا ئەينەككە قاراپ
قالغانلىرىمدا چاچلىرى پاخپايغان، كۆز-
لىرى ئولتۇرۇشقان موماي سىنىدىكى ئا-
يالنى كۆرەتتىم. تېخى مەن ئاران 26
ياشتا ئىدىم.

9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئەخمەتنى ئى-
دارىسىگە، سىڭىللىرىمنى مەكتەپكە يولغا
سېلىۋەتكەندىن كېيىن، ئىشكاپتىن چاقى-
رىق قەغىزىنى ئېلىپ، ئۇزاققىچە سىيلاپ
ئولتۇردۇم. ھەرقانچە قىلساممۇ ئۇنى
يىرتىۋەتكۈم، كۆيدۈرۈۋەتكۈم كەلمىدى.
نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ بۇ دۇنيادا مېنىڭ
كۈچۈمنى، ئىقتىدارىمنى، مېنىڭمۇ ئالىي
مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن بىردىنلا
كاتتىلىشىپ كەتكەن دوستلىرىم، ساۋاق-
داشلىرىم بىلەن باراۋەر، ھەتتا ئۇلارنىڭ
بەزىلىرىدىن ئارتۇقراق ئادەم ئىكەنلىكىمنى
ئىسپاتلايدىغان بىردىنبىر نەرسە - دە.
ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىر ۋاقىتلاردا مۇشۇنداق
بىر پارچە قەغەزگە ئېرىشىشنى ئويغۇمدا
ئويلاپ باقمىغان، چۈشۈمدە كۆرۈپ باقمى-
غانىدىم. شۇنداق خىياللارغا چۆكۈپ ئول-
تۇرسام، سىرتتا كىچىك بالىنىڭ قىرقىراپ
ئاچچىق يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. چوڭ
ئوغلۇم ئۇكىسىنى ئويناتقىلى ئەپچىقىپ
كەتكەنىدى. شۇلارغا بىر ئىش بولغانمىدۇ،
دەپ ئەنسىرەپ تالاغا يۈگۈرۈپ چىقتىم.
ئۇ يەردىن چوڭ يولغا، باللىرىم ئويناي-
دىغان بۇلۇڭ - پۇچقاقلارنىڭ ھەممىسىگە
باردىم. تاپالماي پۇت - قولۇم تىترىگەن
ھالدا قايتىپ كەلسەم، ئىككىسى ئىشىك
ئالدىدا ئويناپ ئولتۇرۇپتۇ. ئەخمەتمۇ
قايتىپ كەلگەنىكەن، ئۇ شىرەنىڭ ئالدىدا
تۇرىدۇ، قولىدا ھېلىقى چاقىرىق قەغەز.
يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلدى. ئىشىككە يۆ-
لەنگىنىمچە ئۇنىڭ بىرنىمە دەپ ئىنكاس
قايتۇرۇشىنى كۈتۈپ جىمىدە تۇردۇم. ئۇ
ماڭا بۇرۇلۇپ قارىدى. كۆزلىرىدە ھەيران-
لىق، چۆچۈش، سەل - پەل نارازىلىقمۇ
بار ئىدى.

— قاچان كەلدى؟
— خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى...
— نېمىشقا ماڭا دېمىدىڭ؟
— ھامان بارمىغاندىكىن...

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ توغرىدا پاراڭ-

www.uyghurkitap.com

لاشمىدۇق. ئەمما ئۇنىڭ چىڭ تۈرۈلگەن قوشۇمىسىدىن ئاشۇ ئىشنىڭ خىيالىدىن كەتمىگەنلىكىنى سېزىپ تۇردۇم. ئاخشىمى ئۇ تۇيۇقسىز ئېغىز ئېچىپ قالدى:

— زۆھرە، مېنىڭچە سەن بېرىپ ئوقۇپ كەلگىن، مۇنداق... ئىمتىھاندىن ئۆتمەك ئاسان ئىش ئەمەس... ھەم كېيىنلىكىڭنى ئويلىغاندا...

— ئۆيچۇ؟ باللارچۇ؟ — مەن دەرھال سورىدىم.

— مەنمۇ ئويلاندىم، — دېدى ئالدىرىماي، — سەھەردىكى كىچىك ئاپامنى ئۆيگە ئەكىلىۋالايلى، ئۆزىمۇ بالا - چاقىسى يوق قىينىلىپ قېلىۋاتقان. ئۇنىڭدىن باشقا، سەن پات - پات كېلىپ باللارنى يوقلاپ تۇرساڭ بولار...

— سىز نېمىدېگەن ياخشى ئادەم!

مەن تۇنجى قېتىم ئۆزلۈكىمدىن ئۇنىڭ باغرىغا ئۆزۈمنى ئاتتىم. ئۇنىڭغا مەھكەم يېپىشىۋېلىپ، خىرقىلداپ يىغلاپ، كۆڭلىكىنىڭ ئالدىنى چىپپىدە ھۆل قىلىۋەتتىم.

مەن ئاشۇ ئوقۇشنى ئەخمەتنىڭ ماڭا قىلغان ئىنئامى دەپ بىلدىم. شۇنداق ئەمەسمۇ، ئۇنىڭ ياردىمى بولمىغان بولسا ماڭا ئوقۇش نەددى!

... دەرسلىرىمىز ئېغىر ئىدى. بەش يىلنى سىنىپ، ياتاق، ئاشخانىدىن باشقا يەرگە بارماي، ئۆگىنىشتىن باشقىنى ئويلىماي دېگۈدەك ئۆتكۈزدۈم. گاھى گاھىدا بىر يۇرتلۇق ساۋاقداشلىرىم يۈسۈپ توغرىلىق ئېغىز ئېچىپ قېلىشاتتى، مېنى ئۆيگە بېرىپ مېھمان بولۇپ كېتىشكە تەكلىپ قىلغانلىقىنى يەتكۈزۈشەتتى. مەن مۇنداق پاراڭلاردىن ئۆزۈمنى قاچۇراتتىم.

مېنىڭ نەزىرىمدە يۈسۈپ باشقا بىر دۇنياغا تەۋە ئادەم ئىدى. مەنمۇ بۇرۇنقى زۆھرە ئەمەس، ئەخمەت مېنىلا ئەمەس، سىڭىللىرىمنىمۇ بېقىۋاتىدۇ، مەن ئۇنىڭغا قەرزدار، ئۇنىڭدىن باشقا ئادەمنى ئويلىسام بەكمۇ ۋىجدانسىزلىق قىلغان بولىمەن، دەپ ئويلايتتىم. پۇرسەت بولسىلا ئۆيگە - باللىرىمنى كۆرۈشكە ئالدىرايتتىم. شۇنداقتىمۇ بەزى - بەزىدە كوچىلاردا جۈپ - جۈپ يېتىلىشىپ يۈرىدىغان ئاشىق - مەشۇقلار، بەختلىك ياش ئەر - خوتۇنلار، ئۆزئارا مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەن ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئوتلۇق بېقىشلىرى، ئويۇلۇپ قىپقىزىل بولۇپ كېتىشلىرى، ئىزتىراپلىرى... مېنى بەكمۇ ئۇزاقتا قالغان ئاشۇ ئىشلارنىڭ ئەسلىمىسىگە غەرق قىلاتتى. مۇنداق چاغلاردا يۈرىكىم ئاغرىسىغاندەك بولاتتى. يۈرىكىمنى مۇجۇپ ئاغرىتىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇمغا تارقىلىۋاتقان ئاجايىپ بىر خىل ھېسسىياتنى كۈچۈمنىڭ بارىچە تىزگىنلەشكە ئۇرۇنۇپ، بېشىمنى سىلكىپ - سىلكىۋېتىپ، قولۇمغا كىتاب ئېلىۋالاتتىم.

بەش يىلمۇ ئۆتۈپ كەتتى. چوڭ ئوغلۇم 4 - سىنىپقا كۆچتى، كىچىكىمۇ مەكتەپكە كىردى. مەن ئوقۇش پۈتتۈرگەن يازدا ئىككىنچى سىڭلىم ئالىي مەكتەپكە چىقتى. ماڭا پەقەت ئەخمەتلا ئۆزگەرمىگەندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ ھېلىھەم بۇرۇنقىدەك ئاددىي كىيىنىپ، ئەتىدىن - كەچكىچە ئۆينىڭ ئۇششاق - چۈششەك ئىشلىرىنىڭ ئارقىسىدىن يۈرەتتى، ھېلى ئۆيدە بىرنېمىنى تۈزەشتۈرسە، ھېلى ھويلىدا بىرنېمىنى جۆندەيتتى. ئۇنىڭغا قاراپ ئىچىمدە: ھەي، بۇ بىچارە ئۆمرىدە تۇرمۇشتىن خۇشلۇق كۆرمىگەن، بىرەر ئايال-

نىڭ پۈتۈن قەلبى بىلەن ياخشى كۆرۈ-
شىگە ئېرىشەلمىگەن ئادەمغۇ، دەپ ئويلاپ
كېتەتتىم، ئۆمۈرۋايەت ئۇنى ھۆرمەتلەپ،
ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ ئۆتسەمەن دەپ
ئەھدە قىلاتتىم.

ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا تەقسىم
قىلىنىپ، تۇنجى مائاشىمنى ئالغان كۈنى
ئۇنىڭغا بىر قۇر شىم - كاستۇم سېتىۋال -
دىم. ئەمما شۇنچە زورلاپمۇ كىيگۈزەل -
مىدىم. ئۇ بۇ كىيىمنى كىيىۋالسام قاتۇ -
رۇپ قويغاندەك يۈرسەم بولىدىكەن، ھېچ
ئىش قىلالمايدىكەنمەن، دەپ ساندۇققا
بىر سېلىپ قويغان پېتى ئالمىدى. شۇ
كۈنلەردە ئۇلارنىڭ ئىدارىسىدىكىلەردىن
كەسپىي ئىمتىھان ئېلىنىۋاتاتتى. مەن ئۇ -
نىڭغا زۆرۈر ماتېرىياللارنى تېپىپ ئەكە -
لىپ بەردىم ھەم ئۇنى ئۆينىڭ ئىشىنى
ئويلىماي ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىشقا
دەۋەت قىلدىم، ئەمما ئۇ: «كىتابقا قارى-
سام كۆزۈم تورلىشىدىكەن» دەپ قولىغا
كىتاب ئېلىشنى خالىمىدى، ئىمتىھاندىن
ئۆتەلمىسەم كەسپىمنى ئۆزگەرتىپ ياغاچ -
چى بولىمەن، ماڭا شۇ ئاسان، دەپ يۈر -
دى. دېمىسىمۇ مەن ئەزەلدىن ئۇنىڭ كى -
تاب ياكى گېزىت ئوقۇغىنىنى كۆرمىگەند -
دىم. ئۇ مېنىڭ كىتابلىرىمغا ھۆرمەت،
ئەيمىنىش بىلەن قارايتتى، ئەمما زادىلا
قولىغا ئالمايتتى. مۇنداق ئادەمگە نىسبە -
تەن بىر كۈچەپلا نەچچە يۈز سوئالنى
تەكرارلىماق، يادلىماق ئوڭاي ئەمەس - تە.
دېگەندەك ئۇ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەنلىكى
ئۈچۈن كەسپىي ئۇنۋان ئالالمىدى، يا -
غاچچىمۇ بولمىدى. ئەمما بۇرۇنقىدىنمۇ
ئۆتە يەككە - يېگانە، جىمغۇر بولۇپ كەت-
تى. مەن گاھى - گاھىدا ئۇنى ئۆيگە ئىز-
دەپ كېلىدىغان خىزمەتداشلىرىنىڭ سۆز
ئۇرامىدىن ئۇلارنىڭ ئۇنى سەل كەمسىتى-
ۋاتقانلىقىنى سېزەتتىم. ئۇلار ئىلگىرىمۇ
ئەخمەتكە شۇنداق مۇئامىلە قىلىشاتتى.
ئۇ چاغدا ئانچە كۆڭلۈمگە ئېلىپ كەت -
مەيتتىم. ئەمما ھازىر ئۇلارنىڭ بۇنداق
مۇئامىلىسىنى ھار ئالاتتىم. ئەكسىچە، ئەخ-
مەتنىڭ ھېچ ئىش بولمىغاندەك ھىجىيىپ
ئولتارغانلىقىنى كۆرگىنىمدە بېشىمغا بىر
قاپاق سۇ قۇيۇلغاندەك بولۇپ كېتەتتىم.

مەن يېڭى خىزمەتكە تېزلا ئۆزلى-
شىپ كەتتىم. مەندىن ئىلگىرى دوختۇر-
خانىمىزدا يۈرەك قان تومۇرى كېسەللىك-
لىرى بويىچە مىللى دوختۇر يوق ئىكەن.
يېزا - قىشلاقلاردىن كەلگەن كېسەللەر بى-
لەن خەنزۇ دوختۇرلار ئوتتۇرىسىدا تىل
ئۇقۇشماسلىق سەۋەبىدىن بىر مۇنچە كۆ-
ڭۈلسىزلىكلەر، چۈشىنىشمەسلىكلەر، ھەتتا
ئاجايىپ كۈلكىلىك ئىشلار بوپتىكەن.
شۇڭا مېنىڭ بۇ ساھەگە كىرىپ كېلىشىمگە
ھەممە كىشى ئۈمىد بىلەن قاراشتى. مەن
بۇ ئۈمىد زىممەمگە ئارتقان مەسئۇلى-
يەتنىڭ ئېغىرلىقىنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بى-
لەن ھېس قىلغان ھالدا ئىشقا، توغرىرا-
قى ئۆگىنىشكە كىرىشتىم. ئەمەلىيەت جەر-
ياندا ئۆگىنىپلا قالماي، ئاخشاملىرى بىر
ۋاقىتلارغىچە كىتاب ۋاراقلاپ، خاتىرە
يېزىپ ئولتۇراتتىم. دوختۇرخانىدا ئېچىل-
غان كۇرسلاردا ئوقۇپ ئىنگلىزچىنىمۇ
ئانچە - مۇنچە يامىدايدىغان بولدۇم. بارا-
بارا سىڭدۈرگەن ئەجرىمنىڭ نەتىجىسى
كۆرۈلۈشكە باشلىدى. بىرنەچچە خىل يې-
ڭىچە داۋالاش ئۇسۇلى ئۈستىدىكى سىناق-
لىرىم نەتىجە قازىنىپ، دوختۇرخانا بويى-
چە كېڭەيتىلدى. مەن ئەمدى كېسەللەر-

www.uyghurkitap.com

نىڭ كۆزلىرىدىنلا ئەمەس، ئىشداشلىرىمنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ ئىشەنچ ۋە ھۆرمەتنى سېزەتتىم. بۇ ساھەدىكى بەزى پېشقەدەملەر ماڭا ناھايىتى يۇقىرى باھالارنى بېرىشتى. مەن ئاشۇ باھالاردىن شۇنداقلا بەزىلەرنىڭ ھەسەتلىرىدىن ئۆز قەدىر - قىممىتىمنى، كۈچۈمنى، ھاياتتىكى تېگىشلىك ئورنۇمنى تونۇپ يەتكەنىدىم. ئۆتكەندىكى جاپالىق يىللار چۈشتەك بىلىنەتتى. كىچىك سىڭلىم بىلەن چوڭ ئوغلۇمنى ئارقا - ئارقىدىن يۇقىرى مەكتەپلەرگە ئۇزىتىپ، زىممەمدىكى ئېغىر يۈكتىن خالاس بولغانىدىم. قىسقىسى، ھەممە ئىشىم ئوڭشىلىپ، تۇرمۇشۇم ئىزىغا چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. پەقەتلا ئەخمەت بىلەن ئارىمىزنىڭ يىراقلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى كۆڭلۈمنى غەش قىلاتتى. ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ يىراقلىشىش قاچان باشلانغاندىكىن، بەلكىم مەن ئالىي مەكتەپكە كىرگەن كۈندىن ئارتىپ باشلانغاندۇ. مەن خىزمەتكە، كىتابلىرىمغا قانچە ئۆزۈمنى ئۇرسام، ئۇ ھاراققا ئۆزىنى شۇنچە ئۇراتتى. مەن ئۇنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشۇمغا گۇمانىي نەزەردە قارايدىغانلىقىنى، گەپلىرىمگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي قۇلاق سالىدىغانلىقىنى سېزەتتىم. ھاراققا بېرىلگەندىن بېرى بىر تۈپ ئۇزۇن - قىسقا كىشىلەر بىلەن ئۇلپەتلىشىۋالغانىدى. پات - پاتلا ئاشۇلارنى ئۆيگە باشلاپ كېلەتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا باشقىچە كۆرەڭلىگەن ئاھاڭدا مېنى سەي قورۇشقا، تاماق ئېتىشكە بۇيرۇيتتى. بىر قېتىم تېخى ئاغىنىلىرىگە كۆزىنى قىسىپ قويۇپ: «چوڭ دوختۇر بولسا ئۆزىگە، مەن دوختۇرنى تونۇمايمەن، خوتۇننى تونۇيمەن. مەن خوتۇننى كىرىمنى يۇيىدۇ، تاماقنى ئېتىدۇ دەپ ئالغان. شۇ تاپتا غىدىڭ - پىدىڭ قىلىپ باقسۇنچۇ، ھەرقايسىڭلارنىڭ ئالدىدا گېلىغا دەسسىمەي قويمايمەن» دېگىنىنىمۇ ئاڭلىدىم. بىر كۈنى چۈشتە بىر ئېغىر كېسەل بىلەن بولۇپ قېلىپ ئۆيگە ۋاقتىدا قايتالمىدىم. بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن ئىشنى تۈگىتىپ ھېرىپ - ئېچىپ ئۆيگە كەلسەم، بىر چۆگۈن چايمۇ قاينىتىپ قويماي ئۇخلاپ يېتىپتۇ. مېنىڭ ئاچچىقىم كېلىپ:

— سىزمۇ ئادەمغۇ، ھېچ بولمىسا باللار بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ ئولتۇرسىڭىز بولماسمىدى؟ — دېيىشىمگە سەكرەپ قوپتى:

— ھە، ئەمدى كاتتا ئادەم بولۇپ كەتتىڭمۇ؟ سەن پىتىلىقنى، سىڭىللىرىڭنى مەن باقمىدىممۇ؟ ئوقۇتمىدىممۇ؟ ئەمدى ئاشپەزلىكىڭنى قىلىش قالدىمۇ ماڭا؟

ئارىمىزدىكى ئۆزئارا ھۆرمەتنىڭ ئاخىرقى بىرقات پەردىسىمۇ ئەنە شۇنداق يىرتىپ تاشلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەدېسىلا ئۇرۇش - جېدەل، «مەن سېنى ئوقۇتمىدىممۇ؟ سىڭىللىرىڭنى باقمىدىممۇ؟» دەيدىغان تاپا - تەنە ... بەزىدە قاپاقلىرىم يېرىلىپ، يۈزلىرىم قان ئۇيۇپ قىزىرىپ كەتكەنلىكتىن ھەپتىلەپ ئىشقا بارالمايدىغان چاغلىرىممۇ بولاتتى. ھېچكىم مېنى چۈشەنمەيتتى. ھەممىلا ئادەم «راست ئەمەسمۇ، ئەخمەت سىزگە كۆپ ياخشىلىق قىلغان، بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ ئېغىرىنى سىز كۆتۈرۈشىڭىز كېرەك، ئۇنىڭ ئالدىدا كەمتەررەك بولۇڭ» دېيىشەتتى. بۇنداق سۆزلەردىن غىڭقىدە بولۇپ كېتەتتىم. مۇنداق مىننەت قىلىدىغان ئادەم ياخشىلىق قىلىپ نېمە قىلىدۇ، قۇرۇپ كەتسۇن ئۇ ياخشىلىقلىرى! ئەخمەت بولمىغان بولسىمۇ

ئاچا ـ سىڭىل تۆتىمىز ئـۆلۈپ قالمايتتۇق،
دەپ ئويلايتتىم. راست ئەمەسـمۇ، ھەمـمە
ئادەم ئەخمەتنىڭلا تەرىپىنى قىلىدۇ، مېنى
ھېچكىم ئويلاپ قـويمايـدۇ. مۇشۇ كـۈنگە
قەدەر بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئـۆزۈمنى ئوي-
لاپ بېقىپتىمەنمۇ؟ مەنمۇ باشقىلاردەك ياخ-
شى كـۆرگەن ئادىـمىمگە تېگەلـگەن، بىر
كۈن بولسىمۇ ھەقىقىي مۇھەببەتـتىن بەھ-
رىمەن بولالىغان بولسام ئۆلۈمگىمۇ خۇشال-
لىق بىلەن رازى بولالماسىدىم.

ئايال خىزمەتداشلىرىم بەس ـ بەسـتە
ياسىنىشاتتى. ئويۇن ـ تاماشىدىن قالمايتتى.
ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆز ئىقتىدارىغا تايىنىپ
جان باقىدىغانلىرىمۇ، ئايالLiقىغا، چىرايىغا،
ناز ـ خۇلقىغا تايىنىپ جان باقىدىغانلىرىمۇ
بارئىدى. بىر نەچچىسى ھەتتا باشقىلارنىڭ
ئەرلىرى بىلەن خېلى ئاشكارا يېقىن ئۆتتۇ-
شەتتى. بەزىلىرىنىڭ ھېلى ئۇنىڭ بىلەن،
ھېلى بۇنىڭ بىلەن گېپى چىقاتتى. ئەمما
ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئەرلىرى بىلەن ئەپ-ئىناق
ئىدى. ئەرلىرى بىلەن چىرايلىق ياسىنى-
شىپ توي ـ تۆكۈنلەرگە بېرىشاتتى. شۇنچە
ئىجىل ـ ئىناق كۆرۈنگەن ئەر ـ خوتۇنـلار-
نىڭ ئارىسىدا شۇنداق ئىشلارنىڭمۇ بولىدى-
غانلىقىغا كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەي قالاتتى.
بەزى ئەرلەر مېنىڭ تومۇرۇمىنىمۇ تۇتۇپ
بېقىشقا ئۇرۇنۇشاتتى. مەن مۇنداق شاللاق
ئەرلەرنى ياقتۇرمايتتىم. توغرىسى، ھېچبىر
ئەركىشى مېنىڭ كۆڭلۈمدە مۇھەببەت ئوي-
غىتالمىغانىدى. مەن ئەتراپىمدىكى رومانتىك
ئىشلارغا سوغۇققانلىق بىلەن قارايتتىم.
بەزىلەرنىڭ مېنى ھېسسىياتسىز، ئىچى قۇ-
رۇق ئايال دېيىشلىرىگە پەرۋا قىلمايتتىم.
مۇشۇنداق قىلغىنىمغا قارىماي ئەخمەتنىڭ
مېنى چۈشەنمەسلىكى، گۇمانىي قاراشلىرى
خورلۇقۇمنى كەلتۈرەتتى. ئۇنىڭغا: «ماڭا
قارىغىنا ئەخمەت، مۇشۇ كـۈنلەردە سەن
نېمە بولۇپ كېتىۋاتىسەن؟ سەن مېنى نې-
مىشقا بۇنچە قىيىنايسەن؟ ئىككىلىمىزنىڭ
يېشى بىر يەرگە بارغاندا، بالىلارمۇ چوڭ
بولۇپ قالغاندا مۇنداق يـۈرۈش ئۇيات
ئەمەسمۇ؟» دېيىشنى ئويلايتتىم، ئەمما مۇن-
داق سۆزلەرنى قىلىشىدىغان پۇرسەت ئۇ-
زاققىچە كەلمىدى.

بىر كۈنى ئاخشىمى بالىلار ئۇخلىغان-
دىن كېيىن، يوتقاننى پۇتۇمغا يېپىپ ئول-
تۇرۇپ كىتاب كـۆرۈۋاتاتتىم. تۇيۇقسىز
دېرىزە قاپقىقى تىرىقلاپ قالدى. ئارقىدىن
بوش ئەمما خېلى ئېنىق قىلىپ ئۈچ قېتىم
چېكىلدى. قارىغاندا بۇ خۇددى بىرسىنىڭ
شەرتلىك بەلگىسىگە ئوخشايتتى. مەن بىرەر-
سىنىڭ چاقچىقى ياكى ئەخمەتنىڭ چالا-
مەس ئاغىنىلىرىنىڭ قىلىقى بولسا كېرەك،
دەپ ئويلىدىم. ئارىدىن 15 مىنۇتلار
ئۆتكەندە ئەخمەت كىرىپ كەلدى. تۇرقى-
دىن مەستەك قىلاتتى. ئۇ دەلدەڭشىپ ئال-
دىمغا كەلدى:

— ھە، دوختۇر خانىم، ماڭا گەپ
قىلغۇلىرىمۇ كەلمەيدىغان بولۇپ قالدىمۇ؟
تۇرسىلا ئورۇنلىرىدىن، پۇتۇمنى يۇيىدىغان
ئىسسىق سۇ ئەكەلسىلە، ماۋۇ كىتابىنى...
ماۋۇ كىتابىنى...

ئۇ قولۇمدىكى كىتابنى تارتىۋېلىپ يەر-
گە ئاتتى، ئارقىدىن ئۇنى دەسسەشكە باش-
لىدى. ئاچچىقىمدىن تىترەيتتىم. ئەمما گەپ
قىلالمايتتىم. ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تۇرسام زى-
يانىنى ئۆزۈم تارتىمەن. يۈز ـ كۆزلۈرۈمنى
كـۆكەرتىپ، نەچـچە كـۈنلەپ كارىۋاتتىن
قـوپالماي ياتىمەن. قىيا ـ چىيانى تولا
ئاڭلاپ قوشنىلىرىمنىڭ قۇلىقى پىشىپ كەتتى

كەن، كىمنىڭمۇ ئىسسىق يوتقاندىن چىقىپ، خەقنىڭ يوقلاڭ ئىشىغا ئارىلاشقىسى كەلسۇن. ئارىلاشقان تەقدىردىمۇ، نېمە دەيدىغىنىنى ئوبدان بىلىمەن: «ۋـويۇڭ، زۆھرە، ئايال كىشىنىڭ ئەر كىشى بىلەن تەڭ بولغىنى نەدە بار، ئېغىرلىق قىلىڭ ... ئەخمەت سىزنىڭ ئېغىرلىقىڭىزنى كۆتۈرگەن، ئەمدى سىز...». گەپ سۆز قىلماي ئورنۇمدىن تۇرۇپ داسقا سۇ تەگشىدىم. سۇنى ئالدىغا ئەكەلسەم، سوزۇلۇپ ياتقان يېرىدە ۋارقىرىدى:

— ئايىغىمنى سالدۇرۇۋەت، پۇتۇمنى يۇ!

كۆز ياشلىرىم تارامىلاپ ئېقىپ داستىكى سۇغا تاماتتى، مەڭزىلىرىمنى بويىلاپ ئاغزىمغا قۇيۇلاتتى. گۈپۈلداپ تەر پۇراپ تۇرىدىغان پايپاقلىرىنى تارتىپ سالدۇرۇۋېتىپ، كۈچۈم يەتسە تاياقىنىڭ تەممىنى مەنمۇ ئۇنىڭغا تازا بىر تېتىتىپ باقسام، دەپ ئويلاپ كەتتىم.

ئەتىسى ئاخشىمىمۇ دېرىزىنى بىرسى چەكتى، ئارقىدىنلا بىرسىنىڭ پالاق - بۇلۇق قىلىپ يۈگۈرگىنى ئاڭلاندى. ئەخمەت تالادىن ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ كىرىپ كەلگەنچە مېنىڭ ئالدىمغا دىۋەيلەپ كەلدى:

— دېرىزىنى چەككەن كىم؟ راستىڭنى ئېيت، بۇزۇق! ئېيتە، ئاشناڭ زادى كىم؟ مېنىڭ كەلگىنىمنى كۆرۈپلا قاچتىمۇ، ھە، كىم ئۇ قاچقان؟

— مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرۇۋەردىم. ئۇ قاراشلىرىمغا چىدىماي مەڭزىمگە مۇشت بىلەن بىرنى سالدى، مەن دەلدەڭشىپ بېرىپ كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ قالدىم. مەڭزىم كۆيۈشۈپ ئېچىشىپ كەتتى، پەرۋا قىلمىدىم. قولۇم بىلەن سىلاپمۇ قويمىدىم. ئەتىسى ئاخشىمى مەن دېرىزىنى بوشلا چېكىپ قويدۇم. ئەپچىل كالتەكتىن بىرنىمۇ تەييارلىدىم. ئەمما بۈگۈن «مېھمان» ئۇزاققىچە كەلمىدى. بەلكىم ئاخشام قورقۇپ قالغاندۇ. ياكى بىرەر كەپسىز بالا باشلىغان ئىشنى ئۇنتۇپ قالغاندۇ. ئۇخلاشقا تەمشەلگەنىدىم، دېرىزىنىڭ ئارقىسىدىن بىلىنەر - بىلىنمەس قەدەم تىۋىشى كەلدى. تاك - تاك قىلغان ئاۋاز بىلەنلا دېرىزىنى شارتتىدە ئېچىۋەتتىم ۋە ھەيرانلىقتىن قېتىپ قالدىم. كەلتەك تۇتقان قولۇم بوشلۇقتا ئېسىلىپ قالدى. ئاينىڭ قىيپاش چۈشكەن نۇرى ئەخمەتنىڭ چىرايىنى ئوپ - ئوچۇق يورۇتۇپ تۇراتتى. ئاشۇ بىر دەقىقە ئىچىدە مەن ئۇنىڭ غەلىتە بىر ھەۋەسنىڭ ھاياجانلاندۇرۇشىدا پارقىراپ كەتكەن كۆزلىرىنى، شالاڭ، قىسقا بۇرۇتلىرىنىڭ، مەنىسىز ھىجايغان لەۋلىرىنىڭ تىترىشىنى كۆردۈم. ھاياتىمدا مۇنداق رەزىل چىرايىنى زادىلا كۆرمىگەنىدىم. ئۇ ھى - ھى لاپ كۈلۈپ بىرنېمىلەرنى دېدى، نېمە دېگىنىنى چۈشىنەلمىدىم. چۈشىنىشنىمۇ خالىمايتتىم. دېرىزىنى قانداق قاتتىق ئاچقان بولسام، شۇنداق يېپىۋېتىپ، يوتقانغا پۈركىنىپ يېتىۋالدىم. شۇندىن كېيىن ئۇ لاسسىدە بوشاپ، خېلىلا ياۋىشىپ قالدى. بىر ئاخشىمى غەرق مەست ھالدا بېشىمغا كېلىپ:

— زۆھرە، جېنىم خوتۇن، مەن سېنى خاپا قىلدىم، سېنى خارلىدىم، مەن مانا مۇشۇنداق ئادەم. گۇناھىمدىن ئۆتەمسەن؟ ئۆتمىسەڭمۇ مەيلىڭ، مەن ئەسلىدىنلا سېنىڭ لايىقىڭ ئەمەس، توي قىلغان كۈنىمىزدىن تارتىپلا لايىقىڭ ئەمەس ئىدىم. ھازىر تېخىمۇ شۇنداق ... شۇڭا ... شۇڭا مەن سەندىن ئەنسىرەيمەن ... خەقلەر خوتۇنۇڭ پالان - پۈكۈن دەپ قالامدىكىن دەپ ...

ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى تۈگەتمەيلا

تۇرغان يېرىگە موك چۈشۈپ، خورەك تارتىشقا باشلىدى. كىيىملىرى، چالا ئاقارغان چاچلىرى پاتقاق، قۇسۇق بىلەن بۇلغانغانىدى. ھەددى - ھېسابسىز ئىچىلگەن ھاراق، تەرتىپسىز: تۇرمۇش ئۇنىڭ چىرايىنى بۇزۇپ، پېشانىسىدە، كۆزلىرىنىڭ ئەتراپىدا، جاۋغايلىرىدا قات - قات قورۇقلار پەيدا بولغانىدى. مانا ئۇ مېنىڭ ئېرىم، باللىرىمنىڭ دادىسى. قانچە زامانلار بولدى ئىككىمىز يۈزمۇ يۈز ئولتۇرۇپ چىرايلىقچە مۇڭدىشىپ باقمىغىلى، بىر - بىرىمىزگە ئەھۋالىك قانداق دېمىگىلى، ئەجەبا ئۇ بۇنىڭغا ئېھتىياجلىق ئەمەسمۇ؟ مەنچۇ، مەن ئېھتىياجلىق ئەمەسمۇ؟ بىر ۋاقىتلاردا ئاجىز، تايانچىسىز ۋاقىتلىرىمدا ئۇ ماڭا كۆپ مېھرىبانلىق، خەيرخاھلىق قىلغان، ھېسابسىز ياخشىلىقلارنى قىلغان. بەلكىم ماڭا ۋە سىڭىللىرىمغا باشپاناھ بولۇش ئۇنىڭ ئەرلىك غۇرۇرىنى ئۇرغۇتقان، ئۇنىڭغا ئۆز كۈچىنى، قەدىر قىممىتىنى تونۇتقان، ئۇنىڭ روھىدا ئەنە شۇنداق ئالىيجاناب پەزىلەتلەرنى چاقناتقان بولغىيدى. كېيىن ئىككىمىزنىڭ ئورنىدا ئۆزگىرىش بولدى. ئۇ خىزمەتتە ئىلگىرى باسالمىدى. ئائىلىدىمۇ ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ ئائىلىدىكى ۋەزىيەتنى ئۆزى توغرا دەپ قارىغان ئۇسۇل بويىچە ئوڭشاشقا ئورۇنۇپ كۆردى - يۇ، ئىشنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى تونۇپ يېتىپ، ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالدى. ئىنسان ئۈچۈن ئۈمىدسىزلىك ئۆلۈمدىنمۇ قورقۇنچلۇق بولسا كېرەك. ئاشۇ ئۈمىدسىزلىك تۈپەيلى ئۇنىڭدىكى ئەركىشىلەرگە خاس غۇرۇر - روھى تۈۋرۈك پاچاقلاندى. ئۇنىڭ ئورنىغا تەرسالىق، غەزەپ ۋە ھەسەت باش كۆتۈردى ... مەنچۇ؟ مەن ئۇنى راستىنلا ياراتمايدىغان بولۇپ قالدىممۇ؟ ئۇنىڭغا بېرىشكە تېگىشلىك ياردىمىنى بېرەلمىدىممۇ؟ مەن ئۆزۈمنى ئۇنداق ئەيىبلىيەلمەيمەن. بەزىدە مەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمىغان بولىسام بۇ بەختسىزلىكلەرمۇ يۈز بەرمەسمىدىكىن، دەپ ئويلاپ قالىمەن. ياق، گەپ بۇ يەردىمۇ ئەمەس، مۇھىمى ئىككىمىزنىڭ تەربىيىلىنىش، ئەقىل - پاراسەت، مىجەزخۇلق، ھەۋەس - قىزىقىش قاتارلىق كۆپ جەھەتلەردە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ئادەم ئىكەنلىكىمىزدە. ئەسلى ئىككىمىزنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى ئىنتايىن زور خاتالىق بولغان ئىكەن. شۇنچە يىللار ئۆتتى، ئىككىلىمىز تېخىچە روھىي ۋەيرانچىلىقتىن قۇتۇلالماي كەلدۇق. ئۆمۈر ئاتقان ئوق. ئۇنى كەينىگە قايتۇرۇش مۇمكىنمۇ؟! ئەمدى مۇندىن كېيىنكى چەكلىك ئۆمرىمىزنى بىر ئامال قىلىپ ئۆتكۈزەرمىز، ئەپلىشەلمۇ قالارمىز، بىرلىكتە ئوغۇللىرىمىزنى ئۆيلەرمىز، بولۇشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسى بولار. ئەمما مۇھەببەتلا بولمايدۇ. مېنىڭ پېشانەمگە شۇنداق پۈتۈلگەن. تەقدىر ماڭا ئاجايىپ يۈرەكنى بەرگەنۇ، مۇھەببەت بەرمىگەن، ئامال قانچە.

بىر كۈنى ئاخشىمى ئەخمەت بالدۇرلا قايتىپ كەلدى. ئۇ مېھمان باشلاپ كەلگەنىدى.

— خوتۇن، بۇياققا چىق، مانا بۇ مېھمان بىلەن كۆرۈشۈپ قوي، ئۇ سېنى تونۇيدىكەن!

يۇيۇۋاتقان كىرىمنى تاشلاپ تاشقىرقى ئۆيگە چىقتىم - يۇ، گويا خىيالى بىر مەنزىرە ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك بولدۇم.

كۆزلىرىمدىن ئۇچقۇنلار چاقناپ ئۆي پىرقىراۋاتقاندەك تۇيۇلدى. يىقىلىپ چۈشمەي دەپ ئىشىك كېشىكىگە يۆلىنىۋالدىم. ئاھ، خۇدا، قايسى كۆزۈم بىلەن كۆ-

www.uyghurkitap.com

رەي! ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۇسۇپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. چوڭ شەھەر پاسونىدا رەتلىك، ئازادە كىيىنگەن بولۇپ، ئاقىرىپ تېخىمۇ سالاپەتلىك بولۇپ كەتكەن يۇسۇپ ئالدىمدا تۇراتتى. خۇشامەتلىك كۈلۈمسىرەپ ئۇنى تۆرگە تەكلىپ قىلىۋاتقان مېنىڭ ئېرىم ئۇنىڭ ئالدىدا باشقىچىلا ۋىجىك، بىچارە كۆرۈنەتتى.

— ۋۇي، زۆھرەمۇسىز، قانداق ئەھۋالىڭىز؟ مېنى تونۇيالمىدىڭىزمۇ نېمە؟

يۇسۇپنىڭ ئاغزىدىن گۈپپىدە ھاراق پۇرىقى كەلدى. مەن دەرھال ئۆزۈمنى قوتۇۋالدىم.

— ھە، سىز يۇسۇپقۇ ... تېنىڭىز تازىمۇ، ئۆي - ئىچىڭىز تىنچ - ئامانلىقمۇ؟

خىيالىمدا تالاي قېتىم ئاجايىپ قىياپەتتە كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگەن بۇ كۆرۈشۈش ئەنە شۇنداق ئاددىي ئۆتتى. ئۇ يۇقىرىغا ئۆتۈپ ئولتۇردى. بىردەم ھال - ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن، مەن ئۆزرە سوراپ ئاشخانىغا كىرىپ كەتتىم. بۇ قىسقىغىنا ئارىلىقتا ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ مەندىن بىر پەسمۇ ئايرىلمىغانلىقىنى سېزىپ تۇردۇم. چالا كەيىپ بولۇشىۋالغان ئىككى ئەركىشى قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشتى. مەن ئاشخانىدا تاماققا تۇتۇش قىلدىم. كۆڭلۈمدە سەي - تاماقنى تازا ئوخشىتىپ ئېتىپ، ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىۋېلىشنى ئويلايتتىم. بۇ ئىستەك شۇنچىلىك كۈچلۈك ئىدىكىن، قوللىرىم تىترەيتتى. ھېلى قويغان نەرسەمنى ھېلى تاپالماي ئاۋارە بولاتتىم، ئەزەلدىن بەك ھاياجانلانغان ياكى بىر ئىشقا خاپا بولۇپ تۇرغان ۋاقتىمدا قولۇمدىن قاچا - قۇچا چۈشۈپ كېتىدىغان ئادىتىم بار ئىدى. مانا بۈگۈن ھەش - پەش دېگۈچە تەخسىدىن ئىككىنى چېقىپ بولدۇم. ئەخمەت قاچا - قۇچا چېقىلسا بەك خاپا بولاتتى. بايىتىن بېرى بىر قانچە قېتىم ئاشخانىنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ، ماڭا نارازىلىق بىلەن قاراپ قويدى. بۇ قاراشلار بۈگۈن ماڭا تەسىر قىلمايتتى.

سەيلەرنى داستىخانغا تىزىپ، پىيالىلەرنى تولدۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، جوۋاۋغا تۇتۇش قىلدىم. ئولتۇرىمەن. نېمە قىلىۋاتقىنىمنى بىلمەيمەن. قۇلىقىم تۈۋىدە پويىز چاقلىرىنىڭ بىر خىل تاراقلىغان ئاۋازى. يۇسۇپ ماڭا يىراقتىن تىكىلىپ قاراپ ئولتۇرىدۇ. ئەنە ئۇ ئالدىمغا كەلدى. ئۇ مۆرۋايەت يادىمدىن چىقمايدىغان ئاشۇ كۈلۈمسىرىشى بىلەن: «مەن تېخى سىزنى ئاخشام پويىزدىن چۈشۈپ قالدىمىكىن دېگەندىم ... قارىغاندا يولىمىز بىر ئوخشايدۇ - ھە؟» دېدى. مەن ئورنۇمدىن قوپۇپ «ھەئە، يولىمىز بىر، مەن سىزنى بىلىمەن، ھاڭگىرت كۆلىنىمۇ بىلىمەن» دەيتتىم ... قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا كۆمۈلگەن ئاشۇ قىممەتلىك خاتىرىلەر ئاستا - ئاستا، ئۇجۇر - بۇجۇرلىرىغىچە روشەنلىشىپ جانلانماقتا ئىدى.

ئەخمەت ئىشىكتىن بېشىنى تىقتى:

— زۆھرە، بىر بوتۇلكا ھاراق ئەكىرىۋالاي، ماۋۇ يۇسۇپنى يالغۇز تاشلاپ قويما جۇمۇ. ئۇ دېگەن مېنىڭ جان - جىگەر دوستۇم دېگىنە...

ئۇ تالانىڭ ئىشىكىنى گۈپپىدە يېپىپ يىراقلاپ كەتتى. يۈرىكىم ئېتىلىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك سوقۇشقا باشلىدى، پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى تىترەك قاپلىدى. مۇزدەك سۇ بىلەن قىزىپ تۇرغان يۈزۈمنى، چېكىلىرىمنى يۇيۇپ، كۈچ بىلەن ئۆزۈمنى باستىم.

قولدىرىمنىڭ تىترىشىنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن، پەرتۇقۇمنىڭ ئاستىغا تىقىپ مېھمانخانىغا چىققىنىم ۋە يۈسۈپكە ئېلىك - بېقىلىك، دېگەچ بىر چەتتە ئولتۇردۇم.

يۈسۈپ بىر پىيالىنى ئويناپ ئولتۇراتتى. ئۇنى ھېلى دوم كۆمتۈرسە، ھېلى پىرقىرىتاتتى، گاھ تومۇرلىرى كۆپۈپ تۇرغان قارا قىزىل بارماقلىرى بىلەن شىرەنى بوش چېكىپ قوياتتى. بىر پەس قولايسىز سۈكۈتتىن كېيىن، ئۇ بىردىنلا ئېغىز ئاچتى:

— مەن ئەھۋالىڭىزدىن خەۋەر تاپتىم، زۆھرە، سىز بەختسىز بولۇپ قاپسىز... كۆردىڭىزمۇ، بۇ دۇنيا شۇنداق ۋاپاسىز ئىكەن ...

— سىز بىزگە ئوخشىمايسىز ... سىز بەلكىم بەختلىكتۇرسىز ...

— نېمىسىنى ئېيتىسىز ... بەختسىز دېيىشكە توغرا كەلسە، ئەمەلىيەتتە، مەن ئەڭ بەختسىزدۇرمەن. ئېيتىپ كەلسەم گەپ تولا ... قىسقىسى، مەن تەقدىرىمدىن رازى ئەمەس. مۇشۇ يىللار داۋامىدا مەن سىزنى ئۇنتۇپ كېتەلمىدىم. داۋاملىق ... تۇرمۇشتىن، ئۇششاق - چۈششەك كۆڭۈلسىزلىكلەردىن بىزار بولغان ۋاقىتلىرىمدا سىزنى ئەسلەپ تۇردۇم، بەلكىم ئىككىمىزنىڭ باشتىكى ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشقان بولسا، ئىككىلىمىزلا بەختلىك بولار ئىدۇق - ھە؟

— ئەمدى ئۇ سۆزگە ئورۇن بارمۇ، يۈسۈپ؟ قانداق قىلىمىز، تەقدىر - قىسمەت ئالدىدا ئىنسان ئاجىز ئىكەن ...

— مەن سىزنىڭ ھېلىقى سۆزلىرىڭىزنى بەك ياخشى كۆرەتتىم ... ئېسىڭىزدىمۇ... بوپتۇ، تەقدىر بىز بىلەن قېرىشسا - قېرىشۋەرسۇن بىزمۇ قېرىشىپ باقايلى ...

ئۇ بېشىنى كۆتۈرمىدى. مەنمۇ كۆتۈرمىدىم. بىر - بىرىمىزنىڭ كۆزىگە قاراشتىن، ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتتىن قورقاتتۇق. ئەخمەت قايتىپ كەلگۈچە شۇ ھالەتتە ئولتۇردۇق.

شۇ كۈنى يۈسۈپ كېچە سائەت 12 لەرگىچە ئولتۇرۇپ قايتتى. ئۈرۈمچىگە قايتقۇچە يەنە بىر كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى، ئەمما كېلەلمىدى. ئۈرۈمچىدىن خېتى كەلدى. خەتتە ئۈرۈمچىگە قايتىپ بېرىپلا خىزمەتكە چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى، سالامەتلىكىنى يېزىپتۇ. بىزدىن ھال سوراپتۇ، ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈپتۇ.

خەتنى ئېلىۋېلىپ يوشۇرۇنچە ساقلاپ قويدۇم. پات - پاتلا ئۇنى تىقىپ قويغان يېرىمدىن ئېلىپ سىيلاپ كېتەتتىم، مەڭزىمگە، لەۋلىرىمگە ياقاتتىم. خەتتىن يۈسۈپنىڭ ھىدىنى پۇرىغاندەك بولاتتىم.

دېمەك، شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى قەلبىمدە تۇنجۇقۇپ كەلگەن ھېسسىيات بىردىنلا توغان ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىنكى سۇدەك شىددەت بىلەن ۋۇجۇدۇمنى قايتا ئىگىلىگەنىدى. ئەمدى ئۇنى توسۇشقا مەن قادىر ئەمەس ئىدىم. كېيىنكى ئىشلارنى تامامەن تەقدىرىمگە، قىسمەتكە تاشلىدىم. بەختسىز ئەخلاقلىق ئايال بولۇشتىن، بەختلىك ئەخلاقسىز ئايال بولۇشنى ئەۋزەل كۆردۈم. مۇشۇ يېشىمغا كەلگۈچە ئۆزۈمنى، ئۆز بەختىمنى ھېسابقا ئالمىغانىدىم، ئىككىلىنىپ ئولتۇرماي قۇربان قىلىۋەرگەن ئىدىم. ئەمدى ئېشىپ قالغان ئازغىنا بەختىمنى، ۋەيرانە مۇھەببىتىمنى يەنە قۇربان قىلىۋېتىشكە چىدىمىدىم، زادىلا چىدىمىدىم، گويا سۇغا غەرق بولۇپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان ئادەم ئاخىرقى بىر تال ياغاچقا جېپ-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

نىڭ بارچە يېپىشقاندەك، مەنمۇ ئۇنىڭغا مەھكەم يېپىشتىم.

يۈسۈپكە جاۋاب خەتنى ئۆزۈم يازدىم. ئەخمەتنىڭ نامىدا سېغىنىشلىرىم، ئارمانلىرىمنى ئىزھار قىلدىم. ئۇ مېنىڭ خېتىمنى تونۇيدۇ، دېمەك مېنى چۈشىنىدۇ، دەپ ئويلايتتىم. دەرۋەقە ئۇنىڭ جاۋاب خېتى ئىدارەمگە، مېنىڭ نامىمغا كەلدى. ئۇمۇ ئەخمەت ئىككىمىزنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ئۇنتۇلغۇسىز قەدىردان كىشىلىرى ئىكەنلىكىمىزنى، ئوتتۇرىمىزدىكى پاك، قىممەتلىك دوستلۇقنىڭ گويا ئوقۇپ تۈگىتەلمىگەن ئېسىل كىتابتەك، يىراقتىن ئاڭلاپ تۇرىدىغان يېقىملىق ناخشىدەك ئۇنى داۋاملىق مەپتۇن قىلىدىغانلىقى، سېغىندۇرىدىغانلىقىنى يېزىپتۇ. ئەمدىكى جاۋاب خېتىمدە نىقابنى يىرتىپ تاشلاپ، باتۇرلۇق بىلەن راست گەپ قىلىش قارارىغا كەلدىم. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان گويا يەر ئاستىغا كۆمۈپ ساقلانغان ئېسىل شارابتەك كۈچلەنگەن، ۋايىغا يەتكەن ساپ ھېسسىياتىمنى، قەلبىمگە يىغىلغان قانچە-قانچە سۆزلىرىمنى، ئېيتىشقا ئادەم تاپالمىغان مۇڭ-زارىمنى، كۆز ياشلىرىمنى، ئاشۇ خەتكە قالدۇرماي تۆكتۇم. خەت نەتىجىسىز بولۇپ قالسىمۇ، قەلبىمدىكى ئاشۇنداق ئۇلۇغ مۇھەببەتنى سۆيگەن ئادىمىمگە باتۇرلۇق بىلەن ئاشكارىلىيالىغىنىم ئۈچۈن ئارمانسىز كەتكەن بولاتتىم. ئەپسۇس... خېتىم ئەخمەتنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. مەن ئۇنىڭ داۋاملىق يانچۇقلىرىمنى ئاختۇرۇپ تۇرىدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي. مەن ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچنەرسىدىن تانمىدىم. ھەممە ئىش خۇددى سەن ئوقۇپ بىلگەندەك، دەپ قاراپ تۇردۇم. ئۇ خېتىمنى كۆتۈرۈپ بارىدىغانلىكى يەرنىڭ ھەممىسىگە باردى، ئۇنى كۆرسەتمىگەن ئادىمىمۇ قالمىدى. بەزى خىزمەتداشلىرىم: «پاھ، بۇ ئايالنى ھېسسىيات دېگەننىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىكەن دېسەك بالاكەنغۇ، بالا!» دېيىشىپتۇ. بالىلىرىم بىردىنلا مەندىن يىراقلاپ كېتىشتى. ئىچىمدە «ئاھ، جان-جىگەرلىرىم، تېخى سىلەر كىچىك، كېيىن بىلىسىلەر، خۇدا ساقلىسۇن، سىلەر ماڭا ئوخشاش بەختسىز بولۇپ قالماڭلار» دەيتتىم. قوشنىلىرىمۇ ئۆيۈمگە يولىماس بولۇشتى. كوچىدا كېتىۋېتىپ تاسادىپىي كەينىمگە قاراپ سالسام، بەش-ئالتە خوتۇننىڭ بېشىنى بىر يەرگە قىلىپ كۇسۇرلىشىۋاتقانلىقىنى، ئاغزىلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ كۈلۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم.

بىر كۈنى دوختۇرخانا باشلىقى ئىشخانىسىغا چاقىردى. كىرسەم ئۈستەل ئۈستىدە مېنىڭ خېتىم يېيىقلىق تۇرۇپتۇ. باشلىق خۇددى ناتونۇش بىرسىگە قارىغاندەك بېشىمدىن ئايىغىمغىچە بىر قارىۋېتىپ، ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلدى. ئولتۇردۇم. ئۇ قولىدىكى تاماكىسىنىڭ ئىسىنى ئالدىرىماي پۈۋلىگەچ سورىدى:

— خەتتىكى ئىشلار راستمۇ؟

— راست، — دېدىم.

ئۇ يەنە بىر قېتىم بېشىمدىن ئايىغىمغىچە قارىدى.

— دېمەك... شۇنچە يىلدىن بېرى ئاراڭلاردا مۇھەببەت يوق... شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق.

— چوڭ بولۇپ قالغان بالىلىرىڭلار بارغۇ؟ مۇھەببەت بولمىسا...

مەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتىم:

— ھايۋانلاردىمۇ مۇھەببەت يوق، ئەمما ئۇلار ئەۋلاد قالدۇرىدىغۇ.

سۆزۈمنى تۈگىتىپلا ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتىم.

كەچتە ئۆيگە قايتىپ كەلسەم ئىشىككە يوغان قۇلۇپ سېلىنىپتۇ. بۇ ئەخمەتنىڭ مېنى قوغلىغانلىقى ئىدى. دېمەك، بۇ ئۆيدە ئەمدى ماڭا ئورۇن قالمىغانىدى. شۇكۈنى چوڭ سىڭلىمنىڭكىدە قونۇپ قالدىم. سىڭلىم كېچىچە ئوغرىلىقچە يىغلاپ چىقتى. خوش بولغىنىم، ئۇ مېنى يۈزۈمدىن - يۈزۈمگە ئەيىبلىمىدى، ئۇ مېنى چۈشەنسە كېرەك. مەنمۇ كېچىچە ئۇخلىماي ئويلاندىم. ئۇيان ئويلا، بۇيان ئويلا، ئۈرۈمچىگە بېرىش قارارىغا كەلدىم.

مەن ئۈرۈمچىگە بارىمەن. يۈسۈپنى ئىزدەپ تېپىپ ئۇنىڭغا ھېلىقى ھېكايىنى — ھاڭگىرت كۆلىدىكى بىر ئوغۇل بالا بىلەن بىر قىز بالىنىڭ ھېكايىسىنى ۋە يەنە نۇرغۇن ھېكايىلارنى ئېيتىپ بېرىمەن. ئۇنىڭ ھەممىسى بولغان ئىشلار، يۈسۈپ بىلەن ئىككىمىزنىڭ ھېكايىسى. ئەگەر ئۇمۇ بۇ ھېكايىلارنى ماڭا ئوخشاش يۈرىكىنىڭ قېتىدا ساقلاپ كەلگەن بولسا، ئۇنىڭ كۆڭلىدىمۇ ئارمان بولسا، يوقاتقان بەختىمىزنى تېپىۋالىمىز. بۇ بەخت مەڭگۈلۈك بولامدۇ، بىر كۈن، بىر سائەتلىك بولامدۇ، ماڭا بەرىبىر. مەن ھاياتىمدا ئاشۇ بەختكە، ئاشۇنداق ئاجايىپ مۇھەببەتكە بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئېرىشسەم، بولدى. بۇ دۇنيادىن ئارمانسىز كېتىمەن.

شۇنداق قىلىپ ئەتىسى كەچتە مەن پويىزغا ئولتۇردۇم. يولۇمدا نېمە كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى، ئاقىۋىتىمنى، ھېچنېمىنى ئويلىمىدىم. خۇددى ئوت - يالقۇنغا ئۆزىنى ئاتقان پەرۋانىدەك، كۈن نۇرىغا تەلپۈنگەن ئەمادەك يوقاتقان مۇھەببىتىمنى ئىزدەپ كەتتىم...

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم

# ئىككى ھېكايە

## ھېساب ۋە ھېسابچىلار

سادىر ساقى ئەمدىلا قولىغا ئالغان تاماق قاچىسىنى ئۈستەلگە دوققىدە قويۇپ قويدى-دە، ئىشىككە ماڭدى. ئۇنىڭ شەپىلىك قەدەم تاشلاپ مېڭىشىدىن، ئىشىك تۇتقۇچىنى زەردە بىلەن تارتىشىدىن ناقولاي چاغدا كېلىپ قالغان مېھمانغا بولغان دوق ۋە نارازىلىق چىقىپ تۇراتتى.

ئۇ ئىشىكنى ئېچىپلا يوغان بىر بوغچىنى قولتۇقىغا قىستۇرغان ھالدا تۇزاقتىن ھۈركىگەن قۇشتەك قورقۇمسىراپ تۇرغان ئەنۋەرنى كۆردى-دە، ئۇنىڭغا قېنى كىرمەمسەن، دېگەندەك ئىشارەت قىلدى. بۇ ئىشارەتنىڭ ئاشۇ بوغچىنىڭ يۈزى بىلەنلا بېرىلىۋاتقىنى ئەنۋەرگە ئايان ئىدى.

— قېنى سىلە خوتۇن، ئەنۋەرجانغا تاماقىڭلار بارمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، ئەنۋەر توڭلاتقۇ يېنىغا قويۇپ قويغان بوغجىمىدىن ئەتەي كۆزىنى قاچۇرۇپ.

كەڭ پېشانىسىدىكى تېيىز قورۇقلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا 24 - 25 لەردە كۆرۈنىدىغان بۇ مېھمان قورۇنۇپ، تارتىنىپ دېگۈدەك مەخسۇس خانىغا كىرىپ كەلدى-دە، خۇجايىن كۆرسەتكەن ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى.

ئەپتىدىن قارىغاندا ئەنۋەر بەك ياۋاش، مۇلايىم كۆرۈنەتتى. ئۈستۈن قاراشقىمۇ پېتىنالماي ھەدەپ قوللىرىنى ئۇۋۇلايتتى، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتمەكچى بولاتتى-يۇ، ئەپلەشتۈرەلمەيتتى، ئورۇقلۇقى چىقىپ تۇرغان يۈزلىرى دەم قىزىراتتى، دەم تاتىراتتى. ئۇ تارتىنغان ھالدا چوكىنى قولىغا ئالدى-دە، بىرتال چۆپنى تەسلىكتە ئاغزىغا سالدى.

— ھە، ئەنۋەرجان، بالا-چاقىلار ساقتۇ؟

— ئۆزلىرىنىڭ رەھبەرلىكى بىلەن كۆڭۈلدىكىدەك ياشاۋاتىمىز.

— شۇنداقمۇ؟ پات-پات ئەھۋالىڭلىنى سوراپ تۇرايلى دېسەك، بىزدەكلەرنىڭ ئىشى چاچتىنمۇ تولا بولىدىكەن، ئىشخانىغا مۇئاۋىن بولدۇم دەپ بېشىمغا پىت سالغان ئوخشايمەن، ھېلى بىرى ئۆي دەپ كېلىدۇ، ھېلى بىرى پۇل دەپ كېلىدۇ، ئىشقىلىپ بېشىمنى تاتىلىغۇدەكمۇ ئارامچىلىق يوق.

— توغرا ئېيتتىلا، توغرا ئېيتتىلا.

— ھە، سورايمەن دەپ ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن، ئۆيۈڭلىدىن ئەتىياز كۈنلىرى تامچە ئۆتمەيدىغاندۇ؟

ئۆينىڭ سالقىنلىقىغا قارىماي ئۈستى-

دىن بىر چۈگۈن سۇ تۆكۈۋەتكەندەك تەرلەپ كەتكەن ئەنۋەر ئۆينىڭ گېپى چىقىشى بىلەن تەڭ بېشىنى لىككىدە كۆتۈردى ۋە كۆزىگە چۈشۈۋالغان چېچىنى قايرىۋېتىپ:

— تامچە ئۆتكەندىمۇ، ئۆتمىگەندىمۇ ئوخشاشلا زەي، قىشۇ-ياز كۈن نۇرىنى كۆرمەيمىز، بالىمىزمۇ راخىت بولۇپ قاپتۇ، — دەپ جاۋاب بەردى پەس ئەمما تورلۇق ئاۋازدا.

— شۇنداقمۇ، — دېدى سادىر ساقى ئىچ ئاغرىتقاندەك قىلىپ، — مەن تېخى ئۇنچىۋالا ئەمەستۇ دەپ ئويلاپتىمەن، لېكىن-زە ئىدارىدە ئۆينىڭ قىسلىقىدىن سىرلىمدەك زىيالىيلاردىن ئون نەچچە ئائىلە تېخىچىلا بىر ئېغىزلىق كونا ئۆيدە ئولتۇرۇۋاتىدۇ. گىزى كېلىپ قالسا بىرۋاراقى ھەل قىلارمىز دېگەن ئويدىمەن.

— سىلىچە قاچانراق ھەل بولۇپ قالار، سادىركا؟

ئەنۋەرنىڭ ئەمەلىنى ئاتاپ خىتاپ قىلمىغىنىغا ئاچچىقى كەلدىمۇ، ئۆي ئىگىسى قوشۇمىسىنى تۈرۈپ قويدى ۋە توڭلا جاۋاب بەردى:

— خۇدا خالىسا يەنە بىر ئىككى يىلغىچە ھەل بولۇپ قالار دەيمەن.

— بىر ئىككى يىلغىچە؟...

ئەنۋەر يوغان بىر تىنىپ قويۇپ بېشىنى سالدى. ئۇ بېشىنى بىلىپ يەرتېگىدىن قارىۋېتىپ، توڭلاتقۇنىڭ يېنىدا خۇددى زۇلمەت كېچىدىكى ئۇممىد چىرىغىدەك چاقناپ تۇرغان ھېلىقى بوغچىغا كۆزى چۈشتى. ساددىلىق قىلىپ، يادىدىن چىقىرىپ قويغىلى تاس-تاماس قالغان بۇ بوغچا ئۇنىڭغا مېنى ئال-دە، پارىخورنىڭ پوكونىغا تىق، دېگەندەك قىلاتتى.

راست، ئەنۋەر تۆت يىلدىن بېرى ئولتۇرۇۋاتقان زەي ئۆيدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنلا سادىر ساقىغا ئىسسىق ئۆتكۈزۈش قارارىغا كەلگەن ۋە ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا بۇ يولنى تاللىۋالغانىدى.

— سا جۇرېن، — دېدى ئۇ تىترەۋاتقان قوللىرىنى بىر پارچە چوغدەك كۆيدۈرۈپ تۇرغان بوغچىنى ئۈستەلگە قويۇپ تۇرۇپ، — بۇ ئايالىمنىڭ ئىدارىسىدىن تارقاتقان گۆش ئىكەن، قارىسام يامان ئەمەستەك قىلىدۇ، لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ ئېلىپ كېلىۋېدىم...

سادىر ساقى ئېچىلغان داستىخاندا ئاقىرىپ تۇرغان سېمىز بىر سان گۆشنى كۆردى. گۆش پەقەت بىر سانلا بولسىمۇ كېلەر شەنبىدىكى مېھماندارچىلىققا ئەسقىتىپ قالار دەپ ئويلىدى-دە، چاپىنىنىڭ تۆۋەنكى تۈگمىسىنى ئويناپ تۇرغان ئەنۋەرگە:

— ئۇنداق قىلمىساڭلارمۇ بولاتتى ئۇكا، ھېلىمۇ ھەم ئېلىپ قالسام قالاي، بۇنچىلىك گۆشنىڭ پارە ھېسابلانمايدىغانلىقى ئېنىق-قۇ، ھە، — دېدى ۋە ئەنۋەرنى ئۇزىتىپ چىقىۋېتىپ، — زىيالىيلارغا كۆڭۈل بۆلۈش دېگەن سىياسەت بار ئەمەسمۇ، ئۆي ئىشىنى ئويلىشىپ كۆرۈپ باقايلى، بولامدۇ؟ — دەپ قوشۇپ قويدى.

تازا بولسا 50 — 60 كويغا توختايدىغان گۆشكە بىر يۈرۈش-ئۆينى تېگىشىۋەتكىلى مېنى ساراڭ دەپ ئويلاپ قالدىڭمۇ ئەخمەق؟ — سادىر ساقى يەرگە چىرتىتىدە تۈكۈرۈپ، ئەنۋەر چىقىپ كەتكەن ئىشىككە قاراپ ھومايغاچ، غودۇڭشىپ قويدى-دە، تاماكىسىنى چىشلىگىنىچە كارىۋاتقا تاشلاندى. ئۇ ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇ-

www.uyghurkitap.com

يان ئۆرۈلۈپ زادىلا ياتالمىدى. يېشىنىپ يوتقانغا كىرىپ بېشىنى چۈمكىدى. يېقىندىن بۇيان قىزىپ كېتىۋاتقان پاك - دىيانەتلىك بولۇش توغرىسىدىكى ئۆگىنىشلەر، قىزىل خەتلىك ھۆججەتلەر كۆز ئالدىغا كەلدى، ئويلا - ئويلا ئاخىرى خىيال ئېكرانىدا ئاجايىپ ئەقىل پەيدا بولدى. سېكۇنتىغا مىليون قېتىملاپ ھېسابلىيالايدىغان ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ ئىقتىدارىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغان مېڭىسى بىر سان گۆشنىڭ قىممىتى ۋە پاك - دىيانەتلىك بولۇشنىڭ شان - شەرىپى ئېلىپ كېلىدىغان پايدىنىڭ سېلىشتۇرمىسىنى قانچە ئون قېتىملاپ ھېسابلاپ چىقتى. تۆت ئەمەل بەلگىسى ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ، بىر قاتار سانلارنى ئۇنىڭ ئالدىغا يايدى...

سادىر ساقى بۈگۈن تولىمۇ ئەتىگەن ئويغىنىپ كەتتى. ياق، ئۇ ئۇستەلدە تۇرغان ئەينەككە قاراپلا كۆز ئېقىدىكى ئىماش - چىرماش قان تومۇرلىرىنىڭ گىجەكلىشىپ كەتكەن قىزىل يىپتەك قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى - دە، ئۇزۇن قىش كېچىسىنى تۆت ئەمەل ئالامەتلىرى بىلەن ھەپىلىشىپ ئۆتكۈزۈۋەتكىنىنى تۇيدى. ئۇ ئالدىراپ كىيىندى. تۇرۇبىنى بولۇشىغا ئېچىپ، يۈزىنى بېشى بىلەن قوشۇپ يۇيۇۋەتكەندىن كېيىن پىكرى خېلى ئېچىلىپ قالدى. ئۇ ئادىتى بويىچە بىر نوگاي سوغۇق سۇنى گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋېتىپ، ناشتىغا تۇتۇش قىلدى. سېرىق مايغا مىلاپ ئاغزىغا سالغان بىر بۇردا ناننى ئىرەڭسىزلىك بىلەن چاينىغاچ تۈن بويى ئويلىغانلىرىنى يەنە بىر قېتىم دەڭسەپ چىقىپ، بۇ مۇرەككەپ ھېسابدا قىلچە ئازمىغانلىقىغا تەمەننا قىلىپ، ئىككىنچى قەدەمنى ھېچ كېچىكمەي بېسىش قارارىغا كەلدى.

سادىر ساقى كەسكىن جەڭگە ئاتلانماقچى بولغان جەڭچىدەك، كۆرپە ياقىلىق جۇۋىسىنى كىيىپ، تۈگمىلىرىنى راۋۇرۇس ئەتتى. ئەينەككە قاراپ چىرايىدىن ئۇرغۇپ تۇرغان تەبەسسۇمي جىددىيلىكتىن قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، مورىسىگە بىر پارچە كونا گېزىتنى سېلىپ ھېلىمۇ ئوتۇندەك قېتىپ تۇرغان ھېلىقى گۆشنى گېزىت ئۈستىگە قويغىنىچە بىسمىللا دەپ بوسۇغىدىن ئاتلىدى. بۇ چاغدا جىمىكى سائەتلەرنىڭ ستىرېلكىسى چارەك كەم سەككىزنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. بەش قەۋەتلىك ئاددىي ئۆيلەردىن خۇددى ئۇۋىسىغا سۇ كىرىپ كەتكەن چۈمۈلىلەردەك چۇۋۇلۇپ چىقىشقان كىشىلەر ۋېلىسىپىتلىك، پىيادە دېڭىزدەك ئىش ئورۇنلىرىغا قاراپ ئاقماقتا ئىدى. ئىشقا ماڭغانلارنىڭ بەزىسى بىر سان گۆشنى بەئەينى شاگىرت قاسساپلاردەك مورىسىگە سېلىپ سالماق قەدەم، سورلۇق قىياپەت بىلەن كېتىۋاتقان سادىر ساقىنى ھويلىدىلا كۆرۈپ ئۈلگۈردى. بەزىلەر كوچىدا كۆردى. كۆرگەنلىكى كىشىلەر بۇ ھالدىن قىزىقسىنىش ۋە غەيرىلىك ھېس قىلماي قالمىدى.

— ھوي سادىركا، ئەمدى قاسساپلىق قىلاي دېدىڭىزمۇ نېمە؟ گۆشنى تاغارغا سېلىپ كۆتۈرسىڭىزچۇ؟

ھەزىلكەش سېلىم سايىت سادىر ساقىنى يانداپ ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ۋېلىسىپىتنىڭ قوڭغۇرىقىنى قەستەن جىرىڭلىتىپ چاقچاق بىلەن سوئال قويدى. سادىر ساقى سوئالغا چىرايىنى بۇزماي تۇرۇپ

جاۋاب بەردى:

— چاتچىقىنى قوي ئۇكا، ھۆكۈمەت خادىملىرى پاك، دىيانەتلىك بولۇڭلار دەپ چاقىرىق قىلىنىۋاتىمادۇ، بىراق، دەرەخ جىم تۇرىمەن دېسىمۇ شامال جىم تۇرغۇزمايدىكەن، مۇرەممەدىكى بۇ گۆش ئىدارىمىزدىكى مەلۇم يولداشنىڭ ماڭا سۇڭغۇتقان پارىسى، شۇڭا بۇنى ئومۇمغا تاپشۇرغىلى ئېلىپ كېتىۋاتىمەن!

— مەلۇم يولداش دېگەن كىم ئەكەن ئۇ، — دېدى بالىسىنى سۆرەپ يېتىلەپ يەسلىگە ئېلىپ كېتىۋاتقان زۆھرە گەپ كوچىلاپ، — يوشۇرماي ئوچۇق دەۋەرسىڭىز بولىدۇ، بۇنداق بىنومۇس ئىپلاسلارنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يېيىش كېرەكتە!

سادىر ساقى كەينىگە ئەگىشىۋالغان بىر توپ كىشىگە قاراپ ئۇھ تارتىپ قويۇپ، بېشىنى چايقىدى:

— ياش زىيالىيلارنىڭ ئىناۋىتىگە تەسىر يەتكۈزۈشنى خالىمايمەن، بىراق، مۇشۇنچىۋالا كۆپ گۆشنى پارە بېرىپ ئۆي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا ئۇرۇنۇشى ئۇنىڭ چۈشى، يىگىرمە يىللىق پارتىيە ستاژى بار مەندەك بىر پاك ئادەم ئاسانلىقچە قاپقانغا چۈشىدۇ دەمسىلەر؟

سادىر ساقى جىنايەتلىك بىر سان گۆشنى ئوغلاق تارتىش ئويۇنىنىڭ غالىبلىرىدەك مۈرىسىگە ئېلىۋېلىپ سازايى قىلغان پېتى ئىدارىگە كېلىپ بولغۇچە، ئەنۋەر سادىر ساقىغا پارە بەرگەن ئىكەن، ئۇ پارىنى ئومۇمنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرغىلى ئېلىپ كېلىۋېتىپتۇ دېگەن خەۋەر ئىشخانىمۇ-ئىشخانا تارىلىپ كەتتى.

ئاشۇ كۈنى پۈتكۈل ئىدارە زىلزىلىگە كەلگەن بىر كۈن بولدى. بۇ پەۋقۇلئاددە خەۋەر ماھىر توپچىلار ئارىسىدا قاڭقىپ يۈرگەن توپقا ئوخشاش قۇلاقتىن-قۇلاققا، ئېغىزدىن-ئېغىزغا يۆتكىلىپ يۈردى. سىرلىق پىچىرلاشلار ئاشكارا داۋراڭغا ئايلاندى. خۇشاللىق، يىرگىنىش، نەپرەت. ئۇچقۇنلىرى چاچراۋاتقان كۆزلەر ئاخىرى بېرىپ بىچارە ئەنۋەرنىڭ قۇلىقىغا يەتتى.

بىر كېچىنى ئوخشاشلا گادىرماش خىياللار، قىياسەن پال سېلىشلار بىلەن ئۆتكۈزگەن، ئەمدىلىكتە ئىشخانىغا كىرىپ غەمگە پاتقان ھالدا بېشىنى چاڭگاللاپ ئولتۇرغان ئەنۋەر كۈتۈلمىگەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ پىچاق تەگكەن ئۆچكىدەك تىپىرلاپ قالدى. ئاۋۋال يۈرىكى رىتىمىدىن ئازدى، ئاندىن كېيىن يۈزى بىردىنلا سۇيۇق سىمابقا ئايلىنىپ، پەسكە قاراپ ئېغىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى. تىترىگەن لەۋلىرى ئارىسىدىن ئېچىنىشلىق بىر نادامەت ئېتىلىپ چىقتى: ئاھ، خۇدا، ئاشۇ گۆرگە ئوخشايدىغان ئۆيدە بىر ئۆمۈر ئۆتۈپ كەتسەمچۇ، ئەمدى بۇ يۈزۈمنى نەگىمۇ قويارمەن؟

«باخشىنىڭ دېپى يېرىلسا گەردىشى مايمۇنغا ئويۇنچۇق بوپتۇ» دېگەن گەپ راست ئوخشايدۇ. ۋەقەنىڭ ئۆتمۈشىنى تۈنجى قېتىم پارىنى رەت قىلغان شەخسىيەتسىز، پاك-دىيانەتلىك ئەزىمەتنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىغان ئىدارە باشلىقى بەئەينى گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ سادىر ساقىنى يۈز تۇرانە تۇرۇپ بىرھازا ماختاپ چىققاندىن كېيىن، كاتىپىنى چاقىردى-دە، ھەر قايسى چوڭ-كىچىك گېزىتلەرگە، رادىئو ئىستانسىلىرىغا ۋاقىتدىلا ماقالە يېزىپ ئەۋەتىش، چۈشتىن كېيىنلا چوڭ زالدا

پاك ـ دىيانەتلىك بولۇش توغرىسىدا دوكلات بىرىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئېلان چاپلىنىپتىش ئىشىنى ئورۇنلاشتۇردى.

ئىدارە باشلىقىنىڭ پىلانى بىرمۇبىر ئورۇنلاندى. بۇ شۆھرەتلىك، كەمدىن ـ كەم تېپىلىدىغان مۇھىم تېپىنىڭ داڭقى ئىدارىدىن ھالقىپ چىقىپ، پۈتكۈل شەھەرگە، پۈتكۈل جەمئىيەتكە پۇر كەتتى. ئىككى ـ ئۈچ قېتىملىق تەنتەنىلىك دوكلات يىغىنلىرىغا ئىشتىراك قىلىپ، پالاق تۇخۇمدەك بەد بۇي تارقاتقىلى تۇرغان بىر سان گۆش ئاخىرى قىممەتلىك ئولجا تەرىقىسىدە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئاشخانىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى.

ئەنۋەرنىڭ بولسا شۇ تۆپىلى تەييار بولۇپ قالغان تەشكىلىي مەسىلىسى يەتتە قات ئاسماننىڭ قەرىگە چۆرۈپ تاشلاندى. بىرمەزگىلدىن كېيىن بولسا سادىر ساقىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقتىن، مۇدىرلىققا ئۆستۈرۈلگەنلىكى، مۇناسىپ ھالدا ئايلىق مائاشىنىڭ ئىككى دەرىجە كۆتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە تەستىق چۈشتى. ئىدارە باشلىقىمۇ تېپىنى چىڭ تۇتۇپ، ئومۇمىي دائىرىنى يېتەكلىگىنى ئۈچۈن ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش بىلەن تەقدىرلەندى.

كۈنلەر ئۆتتى، تۇيۇقسىز كەلگەن زەربىدىن خۇدىنى يوقاتقان ئەنۋەر ئەقلىدىن ئازغىلى تۇردى. يۈز نەچچە كويلۇق پارىنى دەسمايە قىلىپ مۇدىر بولۇپ قالغان، مۇھىمى ئېيىغا ئىككى دەرىجە مائاشقا ئېرىشكەن سادىر ساقىمۇ خۇشاللىقتا بەس كېلەلمەي ئالاجوقا سۆزلىگىلى تۇردى.

## ھەي، ئادەملەر...

ھاۋا قاتنىشى تەرەققىي تاپقان بۈگۈنكى كۈندە، دۇنيانىڭ ئۇچىتى بىلەن بۇ چېتى ئارىسىدىكى مۇساپىنى «قوغۇنلۇق بولى» دەپ ئاتىساقمۇ بولغۇدەك. سەۋەبى، بۇ دورەمقى شاڭخەيگە قىلغان سەپىرىمگە ئاران تۆت سائەتلا ۋاقىت كەتتى. توغرىسىنى ئېيتسام، ئايروپىلان بىلەن يەڭگىلگىنە كۆتۈرۈلۈپ، بۇلۇتلار ئۈستىدە پەيدەك لەيلەپ يۈرگۈنۈملا ئېسىمدە، خۇڭچياۋ ئايرودرومىغا قانداق قونغىنىمنىمۇ تۇيماي قاپتىمەن.

مانا شاڭخەيدە تۇرغان بىر ھەپتە ئىچىدە يۇقىرى ئاقسىللىق غىزا بىلەن كۈتۈندۈم، يېقىن ئارىلىقلىرىدا تۆۋىنى باغدا، يۇقىرىسى تاغدا دېگەندەك تاماشا قىلىپ، دېڭىز سۈيىدە يۇيۇندۇم. ئۇزۇقلۇقى مول ئېچىملىكلەرنى ئىچتىم، يۇمشاق كارىۋاتلىق سالقىن ئۆيدە قانغۇچە ئۇخلىدىم، ئاخىرقى كۈنلەردە ئۆزۈمنى سەمرىپ قالغاندەكلا ھېس قىلىشقا باشلىدىم.

«شۇنداق قىلىپ، راستىنلا سەمرىگەندىمەنمۇ؟»

يۈرىكىمدە مەۋج ئۇرۇۋاتقان ھاياجان ئىلكىدە بىلىمىنى سىلاپ باقتىم. «ئەركەكلەرنىڭ سەمرىشى بەلدىن باشلىنىدۇ» دەپ ئاڭلىغىنىم ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم، سىلاپ بېقىۋىدىم، يوتامىمۇ، پاقالچاقلىرىمۇ تومىلىشىپ، بولجۇڭ گۆشلىرى ئېغىرلاپ قالغاندەك، كىندىكىم ئىچكىرىلەپ قورسىقىم تومپايغاندەك تۇيۇلدى.

«مەن راستىنلا سەمرىگەن ئوخشايمەن!»

قايتىش سەپىرىگە ئاتلىنىدىغان كۈنى ئايرودرومنىڭ يۇك - تاق زالىدا رەسمىيەت بىجىرىۋېتىپ، بىر ئاپتوماتىك گېزىتنى كۆ- رۈپ قالدىم - دە، گېزىت تەخسىسىگە چىقىپ قانچە كىلوگرام سەمىرىگىنىمنى بىلىپ باقماقچى بولدۇم.

گېزىتنىڭ قىزىل ستىرېلكىسى بىر سىلكىنىپ، «57» نى كۆرسەتتى، ئۈستى- بېشىمنى ئىختىيارسىز يوسۇندا بىر قۇر تەكشۈرۈپ چىقتىم، ئۇرۇمچىدە ئېغىرلى- قىمنى ئۆلچەتكۈزگەنىدە كىيگەن ئاشۇ كۆڭلەك، ئاشۇ دوپپا، ئەشۇ ئاياغ، ئاشۇ ئىشتان، ھەتتا پايپاقمۇ ئاشۇ پايپاق!

ماڭا «تۇرغان ئاۋاق» دەپ لەقەم قويۇۋالغانلارغا، ئورۇقلىقىمنى ئەرمەك بىلىپ، مازاق قىلىدىغانلارغا ئەمدى پولات- تەك پاكىت بىلەن جاۋاب بېرىشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ تۇرغاندا ئايان بولغان رەھىمسىز رەقەم مېنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويدى. سۇغا تاشلانغان قەغەزدەك بوشاپ- لا قالدىم. ئەمەلىيەتتە، بۇرۇنقىغا قارىغان- دا تۇپتوغرا بىر كىلوگرام يېنىكلەپ كەتكەن ئىدىم.

ئۇرۇمچىگە قايتىپ كەلگىنىمنىڭ ئىككىنچى كۈنى، ئەتىگەندە ئىشقا چۈ- شۈش ۋاقتىنى توپتوغرا قىرىق مىنۇت ئۆتكۈزۈۋېتىپ، ئاندىن ئىشقا باردىم، ئىشخانىغا مەندىن بۇرۇن يېتىپ كېلىپ، بىر - بىرىگە خۇددى ئىشقىۋاز يىگىت - قىز- لاردەك تىكىلىشىپ، كۆزلىرى بىلەن سۆز- لىشىۋاتقان ئىشداشلىرىم ئىشىكتىن كىرىپ كەلگىنىمنى كۆرۈپ خۇددى ئاستىغا قوپاز- غۇ سالغان تۆگىمەن تېشىدەك لىككىدە ئاياغقا تۇرۇشتى - دە، ماڭا ئادەتتىكىدىن

تاشقىرى ئىللىق چىراي بىلەن سالام بەردى.

مەن ئىشداشلىرىمنىڭ ھۆرمەتلىك نەزەرلىرىدىن سەل - پەل قىسىلغان پېتى ئورنۇمغا بېرىپ ئولتۇرغۇچە، ھېچكىممۇ مەن- دىن ئاۋۋال ئولتۇرۇۋېلىشقا جۈرئەت قىلمىدى.

ئۇدۇلىمدىكى ئۈستەلدە ئولتۇرىدىغان ئالدىمدىمۇ، كەينىمدىمۇ ھېچ تەپ - تارت- ماستىن كوتۇلداۋېرىدىغان شاكىرجان دېگەن چوڭ ياشلىق كىشى كۆزەينىكىنى تاقاپ، چوققامدىن تاپىنىمغىچە كۆزدىتىپ چىققاندىن كېيىن چىرايى پۈرلىشىپ كەتكۈچە كۈلۈمسىرىدى - دە، چىشلىرى- نىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ:

— تۇرغانجان ئۇكا، سىزگە سەپەر يارىشىدىكەن جۇمۇ، ئوبدانلا سەمىرىپ قاپسىز، سەمىرىپ قاپسىز، — دېدى.

ئىشخانىغا كىرىشىمۇ، چىقىشىمۇ، كۆك- سىنى دىك تۇتۇپ، بېشىنى تاڭشۇرۇلغان ئارغىماقتەك كۆتۈرۈپ يۈرۈيدىغان، ماڭا «تۇرغان ئاۋاق» دېگەن لەقەمنى تۇنجى بولۇپ ئىنئام قىلغان ئايشەممۇ شاكىر- جاننىڭ ھۆكمىنى تەستىقلىدى:

— تۇرغانجان ئاكا، راستىنلا سەمى- رىپ قېلىپسىز، تېرىڭىزمۇ سۈزۈلۈپ، پارقى- راپ كېتىپتۇ، سىزگە نېمە پايدا قىلدى، ئېيتىپ بېرىڭا بىزگە...

— شۇنى دېمەمدىغان، سەمىرىپ قالغىنىڭىزنى تۇيدىڭىزمۇ؟ پېشانىڭىزدىكى قورۇقمۇ يوقۇلۇپتۇ، چېچىڭىز قارىداپ قالغانمۇ نېمە؟

— ئەمدى كېچىكمەي بۇرۇت قويۇ- ۋالسىڭىز بولغۇدەك تۇرغانجان، قاڭشارلىق، قامەتلىك، ئۆڭى ئاق كىشىلەرگە بۇرۇت بەكمۇ يارىشىدۇ. بۇرۇت قويۇۋالسىڭىز كىنو ئارتىستلىرىغا ئوخشاپلا كېتىسىز جۇمۇ!

ئىشخانىدىكى ئالتە ئادەمنىڭ ھەممىسى سەمىرىپ قالغىنىمنى تەستىقلاپ، بوي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەستىمنى بىر ئېغىزدىن ماختاپ چىقتى. بۇنداق ماختاش ھەتتا بىرەر سائەتكىچە داۋاملاشتى.

سەمىرىپ قالغىنىمغا ئەمدى تىرناقچە گۇمانىم قالمىدى. ئېغىرلىقىمنى يېنىك، سېمىزلىكىمنى ئورۇق كۆرسەتكەن ھېلىقى چاتاق گىرنى ئىچىمدە مىڭنى تىللىدىمدە، باشقىلار دىققەت قىلمىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىشخانىدىن «غىپپىدە» تىكىۋەتتىم، سەمىرىگىنىمنى ئىسپاتلاش ئەمەس يېلىكىم قانچە كىلوگرام سەمىرىگىنىمنى ئېنىقلاش مەقسىتىدە كوچىغا چاپتىم.

بىرىنچى گىرغا دەسسەپلا گىرچى بىلەن «گىرىڭ بۇزۇقكەن» دەپ تاكاللاشتىم. ئىككىنچى گىرچىنى «گىرىڭ ئۆلچەملىك ئەمەسكەن» دەپ تىللىدىم، ئۈچىنچى گىرچىنى «بۇنداق قاشاڭ گىرنى تۇتقىنىڭ ئۈچۈن ئۆلچەم ئىدارىسىگە ئەرز قىلىمەن» دەپ قورقۇتتۇم. تۆتىنچى گىرغا چۈشۈپلا ئۈششۈك تەگكەن يۇمران يوپۇرماقتەك سولاشتىم.

چۈنكى، تۆت گىرنىڭ ھەممىسىلا «54.5» رەقىمىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. سەمىرىش تۇگۇل، ئەسلىدىكى ئېغىرلىقىدىن بىرىپىردىم كىلوگرام چۈشۈپ كەتكەن ئىدىم.

مەن خىيالغا پاتتىم.

«ئەمسە، مېنى ياخشى دەيدىغان، يامانمۇ دەيدىغان ئالتە نەپەر ئىشدىشىمنىڭ كۆرۈش سەزگۈسى تامامەن كېرەكتىن چىققانمۇ، ئۇلار نېمە ئۈچۈن سەمىرىپ قالغىنىمغا ئىختىيارەن بىردەك گۇۋاھلىق بېرىشىدۇ، بۇنىڭغا نېمە زۆرۈرىيەت سەۋەب بولغاندۇ؟»

ئەتىسى ئەتىگەندە يەنە ئادەتتىكىدەك ئىشقا كەلدىم، تۈنۈگۈنكى كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايلارمۇ، سەمىرىپ قالغانلىقىم ھەققىدىكى گەپ-سۆزلەرمۇ نەلەرگىدۇ يوقالغان، يەنە شۇ ئارغىماقتەك غادىيىش، كۆزەينەكنىڭ ئاستىدىن قاراپ ھەر بىر ھەرىكىتىمنى كۆزىتىپ تۇرغان چېقىر كۆزلەر، يەنە شۇ «تۇرغان ئاۋاق» دېگەن خىتاپ بىلەن تەڭ نۆۋەتچىلىك تاختىيىمنىڭ ئۈستىلىم ئۈستىگە زەرب بىلەن قويۇلۇشى...

بىردىنلا سەمىرىپ، بىردىنلا «جىن ئۇرغان ئاۋاق» قا ئايلىنىپ قالغىنىمنىڭ سىرىنى ئاردىن ئىككى ھەپتە ئۆتكەندە ئاندىن بىلدىم. ماڭا ئۆزىنى خېلى يېقىن تۇتىدىغان بىر كىشىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، مەن شاڭخەيدىن قايتىپ كېلىپ ئىشقا چۈشكەن ئەتىگىنى مېنىڭ باشقارما باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلمەكچى بولغانلىقىم ھەققىدىكى «ئىشەنچىلىك» بىر مەلۇمات ئىشخانىمىزغا يېتىپ كەلگەن ۋە شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىنلا ئۆزلۈكىدىن يوق بولغان ئىكەن.

يۇقىرى قاتلامغا ئۆستۈرۈلىدىغانلىقىم توغرىسىدا راستىنلا ئاشۇنداق مۇزاكىرىلەر بولغانمۇ يوقمۇ، كېيىن نېمە سەۋەبتىن ئۆستۈرۈلمەيدىغان بولدۇم، دېگەنلەرنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرمىدىم، خۇداغا شۈكرى، ھېلىمۇ ئۆستۈرۈلمەپتىمەن، ئۆستۈرۈلىدىكەن دېگەن گەپ بىلەن مۇشۇنداق سەمىرىپ كەتكەن يەردە، راستىنلا ئۆستۈرۈلىدىغان بولسام تېرەمگە پاتماي پارتلاپ كەتكۈدەكمەن!

ھەي، ئادەملەر، ھەي، ئادەملەر!؟...

مەسئۇل مۇھەررىر تۇرسۇن كامىل

ئابدۇرېشىت بارات

## نەزمىلەر باھارغا كېلەر قۇت تىلەپ

زېمىنگە لەۋ يېقىپ باھار شامىلى
بىر تاتلىق ھېس بىلەن پىچىرلار نازلىق.
ئۈمىدكە جور بولۇپ ۋىسال ساھىلى،
چۈمپەردە قايرىدى كۈلۈپ چىرايلىق.

قەدەملەر بەختكە بولۇپ ھامىلە،
لەۋلەردىن بۇلدۇقلاپ تۆكۈلەر كۈلكە.
چېچەكنى سۆيمەكتە كېپىنەك ئەنە،
بۇلبۇللار ئىشقىنى بەرمەكتە گۈلگە.

بۇلۇتلار كۆكسى چاك، پاكلاندى دۇنيا،
تۇمانلار يىغىشتى يىرتىق تورىنى:
سۈبھىدە بىر قۇياش كۈلمەكتە ھامان،
تاغ - دەريا بىرلىكتە ئېيتار خورىنى.

سەھەردە ھېسلىرىم قونۇپ شەبنەمگە،
يېڭى كۈي ئوقۇدى «ۋىسال يېشى» دەپ —
ھەر نىگاھ جان بەردى مېنىڭ نەزمەمگە،
ھەر نەزمەم باھارغا كېلەر قۇت تىلەپ.

قۇربان ئەمەت

## قارىچۇقۇمدىن تۆكۈلگەن يوللار

1

چىغىر يولدىن باشلانغان كۆزۈم،
تۇمانلارنى ئۆتىدۇ سۈرۈپ.
لەيلەپ يۈرسە ئۇپۇقتا قۇياش،
كىرپىكلىرىم ئېپكېلەر سۈزۈپ.

زەنگەر يوپۇق يېپىنسا قارىچۇق،
چىغىر يولنى ئۇخلىتار چۈشەك.
قېلىچلىشار كىرپىكلەر ئارتۇق،
خۇپىيانە سۆيۈشسە جىيەك.

بوغۇزلىنىپ كۆزۈمدە ئۇپۇق،
قېلىچلاردىن تامچىلايدۇ قان.
قارىچۇقۇمدىن تۆكۈلگەن يوللار،
گەك ئۇپۇقتا سالىدۇ چۇقان.

2

قارىچۇقۇمدىن تۆكۈلگەن يوللار
دەردلىرىمنى ئېپكېتەر يۇدۇپ.
ساخاۋەتتىن سوزۇلغان قوللار
كۆلەڭگەمنى يۈرىدۇ كۆتۈپ.

غەمكىن ئۇچقان سەرسانە كۆزۈم
شەپەق بولۇپ قالار ئارتىلىپ.
خانىسىگە كىرگەندە قۇياش،
تۈن چۈمبەلى چۈشەر تارتىلىپ.

كۆچكىنىدە كۆزۈمدىن يۇلتۇز،
كىرپىكلىرىم ئالىدۇ نىشان...
چىغىر يولۇم بوسۇغىسىدا
ئاي بىچارە تېنەيدۇ سەرسان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

3

قارىچۇقۇمدىن تۆكۈلگەن قۇياش
يۇمىلايدۇ چىغىر يول تامان.
يۇتۇۋالار يەنە ئالدىراش،
ئاھ، تويمىغۇر ئۇپۇق بىزۇۋان.

چىغىر يوللار تېنەيدۇ ھەريان،
ئەرك بەرمەي قۇياشىغا تۈن.
پۇرسەت قۇشى قاناتسىز، ئاقساق،
مۇدرەپ يۈرەر بىچارە بۈگۈن.

قېلىچلىشىپ كىرىشكەن كىرپىك
جىمىكلەرنى ئاچىدۇ تىلىپ.
چىقىرىدۇ كۆزۈم دېڭىزى
قۇياشىنى ئۇلۇغ بىر تىنىپ.

تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم

## قىز كۈلەر، يىگىت يىغلار

1

بولدى توي، چېلىك ياڭرىدى ناغرا-
سۇناي،
نازۇ نېمەتلەر بىلەن تارتىلدى چاي.
پارچە مېھمان قالدى شادلىق ئىلكىدە،
پاھ، تاپالماي ئۆزىنى قويماقا جاي.
كۈلۈشەر قىزلار كېلىن ھوجرىسىدا،
چۆرىدەپ ماختار كېلىننى توختىماي.
بىرسى دەر: «قوش - قوش ئىكەن تويـ
لۇق ئېسىل»
بىرسى دەر: «ئالتۇن بىلەيزۈك، ھالقا...
ۋاي!»
بىرسى دەر: «يىگىت بېزەپتۇ ئۆيىنى بەس،
كۆپ سەرەمجانلارنى، ئاھ، قانداق
ساناي؟!»
بىرسى دەر: «سەندەك سەتەڭگە ئاز
تېخى!»
بىرسى دەر: «يىگىت ئىكەن بۇ يۇرتتا
باي!...»
بىرلىرى دەر: -«بەخت دېگەن شۇ، جان
ئاداش،
بولسا پۇل، ھەركىم ساڭا بولغاي مالاي...»
ھەممە قىزنىڭ كۆزلىرى بەك پارقىرار،
توختىماي سۆزلەيدۇ شۇنداق ئويلىماي.
ماختىنار شۇندا كېلىنمۇ ناز بىلەن،
شادلىنىپ كۈلەر قاقاقلاپ توختىماي...

2

مەن ئىدىم قولداش، يىگىتكە توي ئارا،
تېز شاراب ئايلاندۇراتتى ساقىيا.
ياندۇرار چاقچاق يىگىتلەر شاد - خۇرام،
ئەمما دوستۇم ئولتۇرار كۆڭلى يارا.
خالىمايتتى كۈلكە - چاقچاقنى پەقەت،
دوستلىرىم، ھەيران بولۇپ قالماڭ ئاڭا.
پارتىلغاچ توي ئالدىدا تويلۇق «جېڭى»،
«ئوق» تېگىپ بولدى كېسەلگە مۇپتىلا.
نە كېسەل، سالدى سېلىقنى قىز تەرەپ،
دوستىمىزدىن پۇل - بىسات ئەيلەپ تەما.
دوستىمىزغا شەرت قويۇپ ھەم دەپتۇ قىز:
«مەرد بولۇڭ، جان، دوست ۋە دۈشـ
مەن ئالدىدا.»
كۆپ سېلىق - شەرتنى ئورۇنداپ، ئاخىرى
قاتمۇ قات قەرزگە بوغۇلدى ئۇ راسا.
تارقىسا توي، قىز كۈلەر، يىغلار يىگىت،
سۆيگۈ تۇپراقىغا ئۈنگەچ شۇمبۇيا.

مۇھەممەتسىدىق تۆەۋرى

## ھېسسىياتىم شاۋقۇنلۇق دېڭىز

### تاڭ جىلۋىسى

مىلىيونلىغان نۇر ئوقياسى ئېتىلدى
تاغ كەينىدىن ئۆرلىگەندە زەر قۇياش.
تۈن لىباسى يىراق قاچتى، يار كۆلدى،
كۆلۈپ كەتتى جىمى شەيئىي گۈل ئوخشاش.

سۈزۈك شەبنەم مەرۋايىتتەك يالتىراپ،
كۆكۈللەرنى جەلىپ قىلدى قەترىلەر.
قەترىلەردە ئۆز ئەكسىنى كۆرگەندە،
كۆلدى يارنىڭ لەۋلىرىدە لالىلەر.

تاڭ پەيزىدە ئۆركەشلىنىپ شارقىراپ
دەريا سۈيى سۆيۈشىدۇ نۇر بىلەن.
ياڭرار تىنىماي يىراقلارغا شوخ ئاھاڭ
دولقۇنلاردىن ئۆرلەپ چىققان خور بىلەن.

تاڭ جىلۋىسى، گۈزەل تاڭنىڭ جىلۋىسى
مىلىيون دىلغا ئۈمىد بولۇپ قۇيۇلار.
ھەربىر تاڭنىڭ خاسىيىتى ئۆزگىچە،
ھەر يېڭى تاڭ يېڭى بايرام تۇيۇلار...

### ھېسسىياتىم شاۋقۇنلۇق دېڭىز

ھېسلىرىم دولقۇنلۇق دېڭىزدەك ئۆرلەپ،
ۋۇجۇدۇمنى تامام سالار لەرزىگە.
مېۋىلىك باغ كەبى ياشىرىپ - گۈللەپ،
جاسارەت بېغىشلار يۈرەكلىرىمگە.

ھېسلىرىم شاۋقۇنلاپ تاشىدۇ تىنىماي،
ئارزۇ - ئۈمىدىمنى كۆلدۈرۈپ ئوماق.
شېئىرىم گۈلىنى تۇتاي مەن ھارماي،
تۆھپىكار مەردلەرگە قۇچاق ۋە قۇچاق...

نەزمەمنىڭ سۆزلىرى خۇددى يۇلتۇزدەك،
قەلبىم ئاسمىنىدا چاراقلاپ يانار.
باتۇر قۇرغۇچلارنى كۆيلەپ بۇلبۇلدەك
دەۋرىمنىڭ روھىنى قىلىدۇ ئىزھار.

چۈنكى مەن خەلقىمنىڭ سادىق ئوغلانى،
خەلقىمگە نەپەسداش ھەربىر تىنىقىم.
ئاقلايمەن خەلقىمنىڭ كۆتكەنلىرىنى،
تەسەددۇق ئۇنىڭغا ئۆمرۈم، شادلىقىم...

### ئۆرتەنمەكتە ياش قەلبىم

جىمجىت ئورمان، تىنچ كۆل،
مەن تۇرىمەن قىرغاقتا.
شىلدىرلىشىپ ياپراقلار
بېرەر ماڭا تەسەللا.

گۈزەل جۇۋان چېچىدەك
مەجنۇن تاللار ساڭگىلاپ.
قومۇشلارنىڭ پۆپۈكى
«كەتمە!» دەيدۇ ئىغاڭلاپ.

غېرىبانە كۆز تىكىپ،
مەن تۇرىمەن يېگانە.
قىرغاقلارغا ئۇرۇلار
غەم دېڭىزى قەلبىمدە...

ئۇزۇن يىللار جۇپ ئىدىم،
يالغۇز قالدىم نېمىشقا؟
بۈگۈن تەنھا، . . .
مۆكلىنىپ
يىغلاپ سالدىم نېمىشقا؟

خۇشال ئۆتكەن كۈنلىرىم
قالدى ئەمدى يىراقتا.
ئۆرتىنىدۇ ياش قەلبىم
ئاچچىق ھەسرەت، پىراقتا.

www.uyghurkitap.com

سىنىماستىن ئالدىراپ،
كۆكۆل بەرگەچ يارىم، دەپ،
تەقدىم قىلىپ بارىمنى
نازۇك كۆكۆل تارىم، دەپ.

بىۋاپالىق قىلچى
كەستى ئىشىق يىپىنى،
ھەم بۇزۇلدى شادىمان
يۈرىكىمنىڭ رىتىمى...

*

جىمجىت ئورمان، تىنچ كۆل،
مەن تۇرىمەن قىرغاقتا.
ھەسرەت تولغان پاك قەلبىم
ئۆرتىنىدۇ يىراقتا...

**توختىمايدۇ بىردەممۇ ناۋا**

تەبىئەتنىڭ ناۋاسى تولا،
كۆي ياڭرىتار تۇرماي بىردەم جىم.
قۇلاق سېلىپ ئۇنىڭغا كۈن - تۈن،
دولقۇنلىنار بىغۇبار قەلبىم.

باغ ئىچىنى ئارىلاپ شامال،
چېچەكلەرنى ئاچىمەن، دەيدۇ.
ھىدلىرىنى ئەپقېچىپ ھەريان،
يۇرت - يۇرتلارغا چاچىمەن، دەيدۇ.

دەريالاردىن كېلەر بىر سادا،
مەن زېمىننىڭ ئەركە ئوغلى، دەپ، —
بەھرىم بىلەن ياشارىدى دالا،
گۈل - چىمەنزار بولدى ھەر تەرەپ.

خەندە ئۇرار نەغمىچى قۇشلار
بوستانلاردا ۋىچىرلاپ، تىنماي.
شارقىرايدۇ چېلىپ مۇزىكا
ئېقىنلارغا يول بەرگەن كەڭ ساي.

ئېكىنزارنىڭ پىچىرلىشىدىن
گويا لىرىك داستانىنى سەزدىم.
سىرلىق كۈيگە تولغان ئاجايىپ
تاغۇ دالا، بوستاننى كەزدىم.

توختىمايدۇ بىردەممۇ ناۋا،
ئاڭلاپ - ئاڭلاپ، بولدۇم مەھلىيا.
چۈنكى گۈزەل دىيار ئىشقىدا
بەس - بەس بىلەن ياڭرايدۇ ناخشا...

**ئىبراھىم ئىزاقى**

## غەزەللەر

### بولغۇسى

تەرسە پاكلىقتىن ئۇرۇق، دىللارمۇ شادمان بولغۇسى،
ئەيلىسە پەرۋىش ئۇنى ھوسۇلى ئاسمان بولغۇسى.
ھەر كۆكۆلدە كۈلسە تەڭ سەممىيەتتىن بىر پورەك،
مىڭ كۆكۆلنىڭ چۆللىرى گۈللەپ گۈلىستان بولغۇسى.
قان كەبىي سەممىيەت ئاقسا تومۇرلاردا تولۇپ،
ئۆچ، ئارازلىقلار تۈگەپ، ياتلارمۇ تۇغقان بولغۇسى.
دىل بىلەن تىل بولسا بىردەك سۆز ۋە ھەرىكەتتە ھامان،
ئۆز ئارا ئىشەنچ، ۋاپا، ئەقىدە چەندان بولغۇسى.
چىڭ چېتىلسا دىلغا دىل سەممىيەتنىڭ يىپىدا،

مېھرىبانلىق دەرىخى كۆكلەپ باراقسان بولغۇسى،
جەمئىيەت ئالسا نەپەس سەمىمىيەت ھاۋاسىدىن،
خەلقىمىزدە يۈكسىلىش - ئۆرلەشمۇ چاپسان بولغۇسى.

## يېقىن

تۈز كۆڭۈل، ئاپئاق كۆڭۈل ھەردەم يۈرەكلەرگە يېقىن،
ھەر كىشىنىڭ كۆڭلى، بىل، ئوتتەك تىلەكلەرگە يېقىن.
قىلسا جىلۋە بۇ كۆڭۈل باغىدا دائىم نەۋ باھار،
دىل دالاسىدا ئېچىلغان گۈل چېچەكلەرگە يېقىن.
باسمىغاي قەلب ئېتىزىنى ھېچقاچاندا شۇمبۇيا،
چۈنكى پەزىلەت بېغى يۇمران پىلەكلەرگە يېقىن.
قۇترىغان قىسمەت قۇيۇنىدا توزۇپ كەتمىسە گۈل،
بەرگۈسى مېۋە پىشىپ تاتلىق، خەمەكلەرگە يېقىن.

## بىراق

دىققىتىمنى تارتتى «تارىم» دا غەزەللەردىن بىرى،
نە غەزەلكى، نەزمە كۆكىدە زۇھەللەردىن بىرى.
زوق ھەۋەس بىرلە ئەقىل كۆزۈمدە تويماي ئوقۇدۇم،
ئىشتىياقىم قوزغىدى ئۇزلۇقتا تەللەردىن بىرى.
بولدى ئالدىمدا نامايان بىر گۈزەللىك ئالەمى،
ئابىھايات لىپمۇ لىق ساماۋى كۆللەردىن بىرى.
بۇنچىلىك قاندۇرمىغان ئەردى قەلب تەشنالىقىم،
ھېچقاچان بەھرى ھەجەز، بەھرى رەمەللەردىن بىرى.
يېڭىچە پىكرۇ، تەپەككۇر، شوخ، گۈزەل تىل ئارقىلىق،
سايراپتۇ ژۇرنال باغىدا بۇلبۇل مەسەللەردىن بىرى.
مۇددىئاسىنى چۈشەنسەم بولغىدەك مەڭگۈگە يار،
تەرىدىن ئايلانسا باغ - بوستانغا چۆللەردىن بىرى.
قارىسام قايتا تەپەككۇر ئىلكىدە ئىمزاسىغا،
پاھ! يېزىپتۇ شائىرە — قەلبى گۈزەللەردىن بىرى.
«شېئىر — شائىرنىڭ ئۆزى» دېمەك غەزەل يۈرەك سۆزى،
ئالدى قەلبىم تۆرىدىن ئورۇن، چېچەنلەردىن بىرى.
شەرتىگە سېلىشتۇرۇپ كۆردۈم ئۆزۈمنى شۇ مىنۇت،
بولمىغاچ مەنمۇ ھۇرۇن ھەم لايىغەزەللەردىن بىرى.
شۇ ئۈمىد - ئىلھام بىلەن يازدىم مۇشۇ ئەشئارنى مەن،
نە ئەجەب ياقسا ئاڭا تۇتقان بۇ گۈللەردىن بىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكتى www.uyghurkitap.com

ئابلىز قۇربان

## شائىر قەلبى

شائىر قەلبى ئويغاقتۇر، شائىر قەلبى سېزىمچان،
مېھرى، ۋاپا ھەققىدە بېرەر ئۇچۇر ئالەمگە.
رازى قىلار خەلقىمنى ئىجاد، مېھنەت، ئەجرىدە،
بولۇپ ئورتاق ھەممىشە شادلىق، قايغۇ، ماتەمگە.

شائىر قەلبى تولغاندۇر، مۇھەببەت ھەم نەپرەتكە،
مۇھەببىتى بوپ شەربەت مىليون دىلغا ئاقىدۇ.
نەپرىتىدۇر ئۇنىڭكى جان قاقشاتقۇچ بىر نەشتەر،
نەدە قوزغۇن، ھۇقۇش بار، دەرھال بېرىپ چاقىدۇ.

شائىر قەلبى ئوخشايدۇ خۇددى ئەزىم دەرياغا،
دولقۇنلايدۇ بەزىدە ئۆركەش ياساپ ئاققاندەك.
كەلسە ئىلھام قايسى چاغ، شادلىنىدۇ ئۇ شۇنچە،
ئاشق - مەشۇق جۈپ بولۇپ، لەۋنى لەۋگە ياققاندەك.

شائىر قەلبى تەلپۈنەر يېڭى - يېڭى شەيئىگە،
يېزىش ئويى ئۇنىڭدا قوزغىغاچقا ئىشتىياق.
قولدا قەلەم تاپمايدۇ كېچە - كۈندۈز ھېچ تىنىم،
ئۇنچە، مەرۋايىت تىزىپ، مىسرالارغا ھەممەۋاق.

شائىر قەلبى بىغۇبار، شائىر قەلبى پاك شۇنچە،
سىغدۇرالماس قىلچىلىك، نا پاكلىقنى، يالغاننى.
ئۇ مىننەتدار ئاققۇزغان قان تەرىدىن، ئەجرىدىن،
شۆھرەت، تەمە قەستىدە، ئاچماس ئەسلا ئالقاننى.

شائىر قەلبى ئىنتىلەر يۈكسەكلەرگە دەممۇ دەم،
كۆزلەپ ماڭغاچ سەپەردە ئەڭ ئۇلۇغۋار پەللىنى.
چاسارىتى، غەيرىتى تولۇپ، تاشقاچ ھەر قاچان،
قۇچۇپ ماڭار جەڭلەردە شانۇ - زەپەر، غەلىبىنى.

پەرھات مۇھەممەت

## يوشۇرۇن كۆيۈشلەر نەقەدەر ئازاب

### خارلىمىغىن سۆيگۈمنى

خارلىمىغىن سۆيگۈمنى جانان،
سۆيگۈ ماڭا مۇقەددەس ھامان.
بەرمىسەڭمۇ كۆڭلۈڭنى مەيلى،
سۆيگۈمنى سەن قىلمىغىن خازان.

سۆيگۈ بىلەن ياشايمەن پەقەت،
سۆيگۈ بىلەن تاپىمەن قۇدرەت.
يارىتىمەن سۆيگۈدىن بەخت،
سۆيگۈمنى خار قىلمايمەن ئەبەد.

### سۆزلەتتەر يۈرىكىڭ ئاخىر تىلىڭنى

يوشۇرۇن كۆيۈشلەر نەقەدەر ئازاب،
ئازابلار ئىگاندا سېنى بىر كۆرمەك.

مۇبادا مەندە بار دېيىلسە ئارزۇ،
يوشۇرماي ئېيتىمەن «سېنى بىر سۆيمەك»

تۈنلىرى خىيالەن سۆزلەيمەن ساڭا
قەلبىمگە پۈكۈلگەن سۆزلەرنى بىر - بىر.
كۈندۈزى ئېسىمنى ئالىدۇ چۇلغاپ
خۇمالىق كۆزۈڭدە قارىشىڭ ھەر بىر.

بەزىدە ئۇچراشساق قۇرۇيدۇ ئېسىم،
پۈكۈلگەن سۆزلەرگە كەلمەستىن تىلىم.
تىلىمنى بەنت قىلىپ قويسىمۇ كۆزۈڭ
ۋە لېكىن پىچىرلار ساڭا يۈرىكىم.

مەيلى سەن تىڭشىغىن ياكى تىڭشىما،
يۈرىكىم سوقۇشى ئۇۋلار دىلىڭنى.
مەيلى سەن خالىغىن، مەيلى خالىما،
سۆزلىتەر يۈرىكىڭ ئاخىر تىلىڭنى.

ھوشۇر ئىبراھىم

## پارچىلار

ئادەمنىڭ قىممىتىن ئۆلچەيدۇ ۋىجدان،
مۇشتۇمدەك يۈرەكتە قۇياشتەك زىيا.
ئالەمنىڭ چۈلۋۈرى ئادەم قولىدا،
ئادەمسىز ھاياتلىق مەنىسىز گويا.

* *

ئەقىلدۇر ئادەمنىڭ كۆركى - زىننىتى،
ئەرنى ئەر قىلغانمۇ زېھنى - مېھنىتى.
ئەر بەختى ئەل بەختى بىلەن قوشكېزەك،
ئەل بىلەن ئاشىدۇ ئەرنىڭ قىممىتى.

* *

بىلىم ئۇ، ھاياتلىق تومۇرىدا قان،
بىلىمدىن گۈللەيدۇ پۈتۈن يەر - جاھان.
بىلىمسىز تىرىكلىك ئەرگە نە كېرەك؟
بىلىملىك ئۆلسىمۇ تىرىكتۇر ھامان.

* *

تاغچە زور بولساڭمۇ سەن ئەل تامچىسى،
تەرىڭدىن گۈللەنسۇن يۇرتىڭ باغچىسى.
تاج كىيىپ، ئۇنۇتساڭ ئەلنىڭ غېمىنى،
جازالار تارىخنىڭ ئادىل قامچىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىنى www.uyghurkitap.com

* *

«جەننەتنىڭ ئىشىكى مۆمىنگە ئوچۇق»
جادىگەر سۆزى بۇ، بار ئۇندا يوچۇق.
جۈرئەتسىز مۆمىن بوپ جەننەتكە كىرىش
جەھەننەم ئوتىدا كۆيگەندىن ئوشۇق.

* *

خۇشاللىق - ئىنسانغا ئازادە يۈرمەك،
خورلۇقتۇر - دۈشمەنگە يالۋۇرۇپ كۈلمەك.
خارلىنىش چۆلگە باشلايدۇ سېنى
خۇشامەت ئىلكىدە خام - خىيال سۈرمەك.

* *

ساداقەت ھەم ۋاپا مەردلەرنىڭ ئىشى،
نامەردنىڭ ھېچقاچان پاتمايدۇ چىشى.
سەنەمنىڭ ۋەسلىگە يەتمەكلىك ئۈچۈن،
ساناقسىز مۈشكۈلنى يېڭىدۇ كىشى.

* *

ھاۋايى - ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرسەڭ،
ھاكاۋۇر - مەنمەنلىك ئورۇقىن تەرسەڭ؛
ياخشى نام قولۇڭدىن كېتىدۇ بىر كۈن،
ھەمسەپەر دوستلارغا تەرگىنى تۈرسەڭ.

* *

ئىجادلىق ئىزدىسەڭ بولمىغىن نادان،
نىيەتتە ئاددىلىق باتۇرلۇق ھامان.
ئەپسىگە بېرىلگەن تاپىدۇ زاۋال،
نومۇسسىز، نەيرەڭۋاز ھەممىدىن يامان.

* *

ئۇياتنى بىلمەيدۇ نومۇسسىز ئىنسان.
ئۇلاشماق يولىدا پايدىغا ھەرئان
ئۇستىلىق ئىشلىتىپ قىلار رەڭۋازلىق
ئۇپرىتىش كويىدا باشقىنى ھامان.

* *

ئۆزلەيدۇ كىملەر چەكسىز دېڭىزدا،
ئۆملەر سازاڭلار پاتقاق سېغىزدا.
ئەل يۈكىن كۆتۈرۈپ يۈرسە گەر ئادەم،
ئۆلمەيدۇ ساقلىنىپ دىلدا، ئېغىزدا...

* *

ئۆگدەيدۇ غەم يېمەس باغرى قاتقانلار،
ئۇنۇمسىز ئىشلەيدۇ ئەقلى قاچقانلار.
ئۈندىسەڭ ئىقبالغا رەنجىيدۇ سەندىن،
ئۈمىدسىز، غار ئىچرە ئۇخلاپ ياتقانلار.

* *

ۋەتىنىم، ئانامدۇر، جېنىم، جانانىم،
ۋەسلى ئۈز، مەڭگۈلۈك نۇرلۇق باھارىم.
ۋەدەم شۇ: ئاقلاشتا ئۈمىد، ئەجرىنى
ۋاپادار ئوغۇلمەن، باردۇر قارارىم.

* *

ئىدىتلىق ئىش قىلساڭ باسماس پالاكەت،
ئېرىنمەي ئۆگەنسەڭ كۈتەر سائادەت.
ئېسەنلىك ئىزدىسەڭ ھەر چاغ بۇرادەر،
ئېھتىيات ئەيلىگىن، چىقماس مالامەت.

*　　*

ئىشقۋاز بۇلبۇلمەن بەختىمدىن كۈلگەن،
ئىلىم - پەن ئىشقىدا ئوت بولۇپ كۆيگەن.
ئىستىقبال - نىشانغا ئىنتىزار بولۇپ،
ئىزدىنىش يولىنى يۈرەكتىن سۆيگەن.

*　　*

يۈرەكتىن يالقۇنلاپ يانىدۇ گۈلخان،
يار ئۈچۈن قەلبىمدۇر ياپيېشىل بوستان.
يۈزسىزلىك قىلمايمەن ۋاپادارىمغا
يۈرسەممۇ جاھاننىڭ چېتىدە ھەرئان!

نەيىم يۈسۈپ

## شېئىرلار

### ئەسسالام تۇرپان

ئەسسالام، تۇرپان، مېنىڭ كىندىك قېنىم تامغان دىيار،
ئىشقى - مېھرى يۈرىكىمدە ئوت بولۇپ يانغان دىيار.

تارىخى تىللاردا داستان تەڭدىشى كەم بىر قامۇس،
شۇ قەدىم يىپەك يولىدا چاقنىغان چولپان دىيار.

ئىلمۇ ھېكمەت كانىدۇر يارغول، بېزەكلىك، ئىدىقۇت...
شانۇ شەۋكەت بابىدا تۆردىن ئورۇن ئالغان دىيار.

بەك ھۇزۇر دىلغا ھاۋاسى، سۇلىرى ئابى ھايات،
تىل يارار قوغۇن، ئۈزۈمى، پاختىسى ئاپئاق بولۇت.

ئاڭا ھەر ياندىن كېلەر ئالىم ۋە سەييياھ ھەر كۈنى،
خەلقىمۇ ئالام دەر ئۇنى: «ھېكمەتكە لىق تولغان دىيار»

ئېخ، بۈگۈن ياشناپ زامانغا خاس يېڭى تۈسكە كىرىپ،
بوپ يېتىشكەن دىلنى مەپتۇن قىلغۇدەك بوستان دىيار.

### دوستۇمغا

شىجائەتنى يار تۇتقانلار سەپەردە،
تاغ داۋانغا دۇچ كەلسىمۇ دات دېمەس.
چوققىلارغا ئۆرلەيدىغان زامان بۇ،
بىغەم يېتىپ ئۇخلايدىغان پەيت ئەمەس.

پەندە خەقەر ئىگىلىگەن چوققىلار
سېنىڭ بىلەن بىز ئۈچۈنمۇ يات ئەمەس.

ئاي شارىدا كارۋان ساراي قۇرغانلار،
بىزدەك ئادەم، ئۆزگىچە بىر زات ئەمەس.

ئايرىماقتا تاسقاپ زامان غەلۋىرى
قارىمۇقنى ئالتۇن داندىن جىدەللەپ،
دان ئالدىدا قارىمۇقتا نە قىممەت؟
دان بولايلى پەننى بىزمۇ ئىگىلەپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

### تۈيۈقلار

كەتتى ھەر يىل ياشتىن بىرنى قوشۇپ ياشقا،
پەرۋا قىلماي كۆزلىرىمدىن ئاققان ياشقا،
دېدى تېخى ئاگاھ بېرىپ: ئۆمۈر چەكلىك،
ياقماس ئەجەل تا ئەزەلدىن قېرى-ياشقا.

* *

ئۈزدۈم سۆيگۈ دەرياسىدا قاشتىن قاشقا،
يېتىشمەكچۈن بىر گۈزەلگە — قارا قاشقا.
شۇ تەرىقە ئۆتتى ياشلىق، قالدىم داغدا،
گۈزەللىككە چىرايىنىلا قىلغاچ قاشقا.

* *

پۇشايماندىن كىردى ئەقىل مىسكىن باشقا،
ئەمدى بىلدىم چىراي باشقا، گۈزەل باشقا.
ئۆلچىسە كىم گۈزەللىكنى كۆز-قاش بىلەن،
ئۇنىڭ سۆيگۈ ئىشى چىقماس ھەرگىز باشقا.

**تۇراپ ساۋۇت**

## گۈل خۇمارمەن

### سۆيگۈ دېگەن شۇنداقمىكىن بىلمىدىم...

سۆيگۈ دېگەن شۇنداقمىكىن بىلمىدىم،
ھەسرىتى كۆپ، شادلىقى يوق ھېچقاچان.
سېغىنىش ۋە ئازاب بىلەن ۋۇجۇدۇم
ئۆرتىنىدۇ كېچە - كۈندۈز، ئاھ، پىنھان.
دىلدا ئازاب، يۈرەك تۇرغاچ تىپىرلاپ،
بولۇپ قالدىم شۇڭلاشقىمۇ خىيالچان.

### غىل - پال يېنىپ تۇرار كوچا چىرىغى

يېرىم كېچە، ئىنتىزارلىق ئۇخلاتماي،
چىقىپ كەتتىم مۇڭ قاپلىغان كۈلبەمدىن.
غىل - پال يېنىپ تۇرار كوچا چىرىغى،
قۇتۇلۇشقا ئىمكان بەرمەي سايەمدىن.
يۇلتۇزلارمۇ شۇنچە خىرە، ئايمۇ يوق،
رەنجىدىمۇ غۇۋغالىق بۇ ئالەمدىن.

يارنى ئويلاپ ئايلىنىمەن، تۈن قوينى
بېرەلمەيدۇ يۈرىكىمگە ئاراملىق.
شاھ تەختىدەك ئۆز كۆرۈنەر يار بىلەن
باللىقتا ئويناپ يۈرگەن سامانلىق.
ئەجەب كويغا سالدى مېنى ئاھ بۈگۈن،
سۆيگۈ دېگەن ياشلىقتىكى ساراڭلىق.

### ئالبومىڭغا قاراپ بىلدىم گۈزەللىم...

ئالبومىڭغا قاراپ بىلدىم، گۈزەللىم،
ئەسلىدىنلا شوخ ئىكەنسەن شۇنچىلىك.
سۆيگۈ تېمىپ تۇرغان كۆزۈڭ دىلىمدا
پەيدا قىلدى ئۆتمۈشۈڭگە كۈنچىلىك.
ئۇنى ئاز دەپ ئەمدى ماڭا كەلگەندە
شوخلۇق قېنى؟ مۇڭلىنامسەن بۇنچىلىك؟

بىلمىسەڭمۇ ئۆزۈم ياۋاش، ئەكسىچە
شوخلۇق ئۈچۈن ئىنتىلەتتى يۈرىكىم.
تۈيغۇلىرىم قانىتىغا تايىنىپ
كېلەر ئىدى كۆك قەرىگە ئۆرلىگىم.
شوخ ياشلاردەك كۈلكە - چاقچاق قىلىشىپ
كېلەر ئىدى توختىماستىن سۆزلىگىم.

ئەپسۇس، قەلبىم يالغۇزلۇقتا قۇل بولۇپ
بېرەلمىدى ۋۇجۇدۇمغا ھارارەت.
بىلمەيتمەن، ياشلىق سۆيگۈ بابىدا
كەم ئىكەندۇق مەندە بۇنداق ماھارەت.
تۇنجى ئىشقىم مەغلۇپ بولۇپ نەچچە يىل
مۇشۇ يولدا چەكتىم ئاھـۇ نادامەت.

يېڭى سۆيگۈ ماڭا بېرىپ شاراپلار،
شوخلۇقىمغا ئورۇن بەردى مۇڭلىرىم.

شوخ كۈلكەڭنى يوشۇرامسەن مېنىڭدىن،
باغرىڭ شۇنچە تاشمىدى ئەي گۈزىلىم.
شوخلۇقىڭغا تەشنا بولدۇم، ئېيتقىنا،
سامان كەبى سارغايسۇنمۇ يۈزلىرىم؟!

## گۈل خۇمارمەن

گۈل خۇمارمەن، گۈلنى كۆيلەپ قەلىمىم
نەزمە پۈتۈپ، نەزمە تۈزۈپ تالمىدى.
دالا كېزىپ، گۈللەر ئىزدەپ ۋۇجۇدۇم،
توقايلاردا چارچىمىدى، هارمىدى،
نى گۈلزارلىق، نى چىمەنلىك، گۈل تولا،
ئەپسۇس، دىلىم هېچقاچاندا قانمىدى.

تۈن خۇمارمەن، تۈن كېچىدە ئايلىنىپ،
ئاي - يۇلتۇزدىن ئۈمىد كۈتسەم ئاقمىدى.
ئايمۇ دەردلىك، يۇلتۇز يىراق، هېچبىرى
شوخ تەبەسسۇم قىلىپ قاراپ باقمىدى.
ئۈزۈم غەمكىن، يەنە غەمكىن شۇ چىراي...
قانداق قىلاي، يۈرىكىمگە ياقمىدى.

ئاشۇ هالدا يۈرگەن ئىدىم تەمتىرەپ،
ئۈمىدلىرىم، ئارزۇيۇمغا يېتەلمەي.
تۈيۇقسىزلا ئۇچراپ قالدى تەنها گۈل،
پىرقىرىدىم، ئەتراپىدىن كېتەلمەي،
تۈن - كېچىدە چاقناپ كەتتى شوخ يۇلتۇز،
قاراپ قالدىم، كۆزلىرىمنى ئۈزەلمەي.

ئاشۇ گۈل سەن - جانان مېنى باغلىغان،
يۇلتۇز ئۆزۈڭ تۈن كۆكىدە پارلىغان.
ئەمەسمىدى گۈل - يۇلتۇز دەپ ئامرىقلىك،
ۋۇجۇدىدا تاقەتتىن كۈچ قالمىغان.
ئىخ...! ئېرىشتىم ساڭا ئەمدى، بۇلبۇل بوپ
ئەتراپىڭدا سايرىغىنىم - سايرىغان.

ئىدرىس ئېلى

## دوختۇرغا ئاپىرىن

ياتقاندا ئورۇن تۇتۇپ ئېغىر كېسەل،
بىلىنەر بۆلەكچە جانىنىڭ تاتلىقى.
دۇنيادا كىشىگە هەممىدىن ئەۋزەل
بولغىنى ئەڭ ئاۋۋال تەنىنىڭ ساقلىقى.

جان دوستۇم ئۇشتۇمتۇت يىقىلىپ، بەلىنىڭ
ئىچىگە سۆڭەكى كەتكەندى سۇنۇپ.
مىڭ ئۆلۈپ تىرىلىپ ئاچتى بۈگۈن كۆز،
مىسلىسىز ئازابتىن ئاران قۇتۇلۇپ.

قۇتقۇزۇپ دوستۇمنى شىپالىق قوللار،
ساقايتىپ كېسەلدىن بەردى قايتا جان.
دوختۇرغا ئاپىرىن دېدۇق هەممەيلەن،
ئەل ئۈچۈن ئۇلار زەپ بولغاچ مېهرىبان.

جۇرئەت نۇرۇللا

## يۇرەكلەردە ئىزگۈ ئارمانلار

### سۆيگۈ جاھانى

يۇر سۆيگۈسى قۇچقان تىك تاغلار
نۇر ئىچىدە ياتار يانپاشلاپ.
خۇش ھىدىنى تارقىتىپ باغلار،
يەنە نۇرلى سۆيەر باغاشلاپ.

بوۋىقىنى ئۇلۇغ ئانىلار
مېھرى بىلەن سۆيۈپ قويىدۇ.
زەنجىرسىمان سەپ بوپ تۇرنىلار
باھار ئىزدەپ لەرزان ئۇچىدۇ.

باققانىمىدۇ سۆيگۈ ئىلاھى،
سۆيگۈ بىلەن تولغان بۇ زېمىن.
پەراق ئوتى كۆيسىمۇ گاھى،
ئۇندا سۆيگۈ تاپمايدۇ ئىمىن.

شەپەق سۆيگەن چىرايلاردا ھەم
ناز قىلىشىپ تولغىنار كۆلكە.
كۆلكە بىلەن تولغاندا ئالەم،
گۈندىن سۆيگۈ ئالغانمۇ ئۆلگە؟!

### ئوتۇنچى

تاغ يولىدا باردۇ ئېشەكە
ئوتۇنچى بار ئۇنىڭ ئۈستىدە.
ئوتۇنچىدا باردۇر بىر تىلەك،
شۇڭا ماڭدى ئۇ تۈن - كېچىدە.

ناخشا ئېيتىپ ماڭار ئۇ دائىم،
سادا پەيدا بولىدۇ تاغدا:
ئوقۇپ ئالسا جىگىردىم - ئوغلۇم،
يېتەر ئىدىم ئارزۇ - ئارمانغا.

ئوتۇن يىغىش ۋە يۈكسەك ئارزۇ،
ئىشقى بىلەن كەلدى بۇ ياشقا.
يەنە قانداق ئارزۇيى باردۇر
ئوتۇنچىنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا؟!

ئوتۇن ئىزدەپ بارار ئوتۇنچى،
تاغ يولىدا يېگانە - خۇشۋاق.
ئۇ ئۆزىگە ئۆزىدۇر كۈيچى،
كېتەر كۈيدىن جاراڭلاپ ھەر ياق.



ئابدۇرېھىم ئابدۇللا

# داۋانلىق يوللار

(پوۋېست)*

9

ئىلىكلەرنى قۇرۇتۇپ ئەتىياز كەلدى.

كاڭغا سالغان تېرىق پالىكىنى سىلكىپ، قېقىشتۇرۇپ يازلىق يۆتكەۋاتقان مۇرات خۇددى تامنىڭ ئۇلىدىن ئالتۇن تېپىۋالغاندەك شادلىنىپ ۋارقىراپ كەتتى:

— ئاتا، ئاتا! ئۆيگە كىرىڭا!

بىردىنبىر بىساتى بولغان كونا كىگىزنى ئاپتاپلىقتا ئولتۇرۇپ ياماۋاتقان بوۋاي ئۆيگە ئالدىراپ كىردى.

— بىر ئىش بولدىمۇ بالام؟

— بۇنى قاراڭ! — مۇرات پالاكىنىڭ قۇچاقا چىقماي قالغان توپانلىرىنى قايرىپ كۆرسەتتى.

سامانلىق لايدا سۇۋالغان كاڭنىڭ ئۈستىدە ساپسېرىق تېرىق دانلىرى يالتىراپ تۇراتتى. بۇ دانلار كۈزدە ئەترەتنىڭ خامنىدىن ئېلىپ كىرىپ كاڭغا سالغان پالاكدىن ئىككىيلەننىڭ ئەتىسى ئاخشىمى دەسسەپ، ئېغىناشلىرىدا تۆكۈلۈپ قالغاندى.

— ئاھ، خۇدا! — دېدى بوۋاي ساقاللىرىنى تۇتاملاپ كۈلگىنىچە، — كەچ قويسام قوپارمەن، ئاچ قويماسمەن دېگەن خۇدا!

---

*بېشى ئۆتكەن ساندا

— ئۇنتۇماڭ، ئاتا! — دېدى مۇرات ئەركىلىگەندەك قىلىپ، — شۇنداق دېگەن خۇدا بىزنى كەچكىنىغۇ تولا قويىدى، نەچچە - نەچچە قېتىم ئاچمۇ قويمىدىمۇ؟

— ئۇنداق دېمەڭ، يامان بولىدۇ، بالام. بۇ كەلىمىشلەرنى خۇدادىن كۆرسەك بەرھەق ئاسىي بولىمىز، ئاسىي! ماۋۇ نەقنىڭ گېپىنى قىلشايلى. چامىڭىزدا بىر چارەك كېلەرمۇ؟

— خېلى قېلىن چۈشۈپتۇ، ئۇنىڭدىن جىقراق كېلەرمىكىن دەيمىنا!

— هەي ي ي، — بوۋاي بېشىنى ئىرغىتىپ، نېمىنىدۇر مەسخىرە قىلغاندەك كۈلدى، — ئىش ئىگىسى بىلەن، قۇش مېگىسى بىلەن. كوللېكتىپنىڭ خامىنىدىن ئېلىپ كىرگەن پالاڭ ئەمەسمىدى؟ چالا تېپىلىپتىكەن - دە. تازا چاغدا ئەسقاتىدىغان بولىدى بۇ! بۇگۈنلا قوروپ تالقان قىلايلى، بالام.

— تالقان قىلساقمىغۇ بولاتتى ئاتا، لېكىن، مېنىڭ باشقىچىرەك بىر نېمە قىلغۇم تۇرىدۇ.

— نېمە قىلاي دەيسىز بۇنى؟

— شاخ ① قىلايلىمىكىن، دەيمەن.

— بىز شاخنى نېمە قىلارمىز؟

— ئۆيدىكى پىيازدىن خىللاپ بىرەر غەلۋىر، يەنە بەش - ئالتە بولاق يۇڭ بوياپ دىغان رەڭ قوشۇپ، تاغدىكى قىرغىزلارغا ئېلىپ چىقاي دەيمەن. ئۆيدە بىرەر قاپ ياكى بىرەر غۇلاچ چۇلۇۋۇرمۇ قالمىدى. تاغقا ئېلىپ چىقسام قىرغىزلار بىلەن يۇڭ، تېرە ياكى ئارغامچا بولامدۇ، بىر نېمىگە تېگىشكىلى بولارمىكىن، دەيمىنا. ئېپى كېلىپ قالسا بىرەر ئوغلاق پۈتۈپ قالسىمۇ ئەجەب ئەمەس.

بوۋاي شۇئان ياشلىقىدىكى قەشقەر، ئۈرۈمچىلەردە قىلغان چاقماقتەك سودىلىرىنى ئەسلىدى. تىكەندەك يالغۇز، ئامراق ئوغلىنىڭ هازىرقى هالىغا ئېچىندى، ئۇنىڭ ياشاش ئۈچۈن كۆرسىتىۋاتقان غەيرىتىدىن سۆيۈندى. ئىچ - ئىچىدىن يىغا تۇتۇپ، بوۋاقتەك ئۆمچەيدى. لېكىن كىچىككىنە توڭلۇكلۇق قاراڭغۇ ئۆيدە مۇرات ئاتىسىنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى بايقىمىدى.

بوۋاي گېلىغا قاپلاشقان يىغىنى زورىغا يۇتۇۋەتتى - دە:

— ئۇنداقتىغۇ كارامەت بىر ئىش بولاتتى. ئېشەكىمىز بولمىسا تاغقا يۈدۈپ چىقامسىز بۇنى بالام؟ - دېدى.

— ماۋۇ قادىر ئاكام بىر كۈنىسى ئازراق ماتالىرىم بار ئىدى، هەمراھ تاپالىسام تاغقا چىقاتتىم، دېگەندەك قىلىۋىدى، شۇ قادىر ئاكامغا هەمراھ بولسام بىرەر چارەك مېلىمنى ئېشىكىگە ئارتىۋالىدۇ، ئاتا. ئۆزىنى ئېشەككە مىندۇرۇپ بىر ئاخشىمى چىقىپ كەتمەمدۇق؟ — دېدى مۇرات ئىشەنچ بىلەن.

— قىرغىز بار تاغقا ئۈچ كۈندىن كەم بېرىپ كەلگىلى بولمايدۇ، بالام. شامۇت رۇخسەت بېرەرمۇ؟

---

① شاخ - قىرۇلمىغان تېرىق ئۇنى، قىرغىزلار بوزا، ئاق يارما ئىشلەيدۇ.

— ئاتا، يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن ھېيت كېلىدۇ. ھېيت دېگەن مۇسۇلماننىڭ باغلاقتىكى ئىتلىرىمۇ ئۈچ كۈن ئازاد بولىدۇ، دېگەن گەپ! شۇ ھېيتتا چىقىپ كەلمەمدىم.

— پىيادە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايىغىڭىز يوق، يالىڭاياق قانداق ماڭالارسىز بالام؟ تاغ يولىنىڭ تاشلىرى بەك قىرلىق بولىدىغان.

مۇرات كۈلدى.

— تاپىنىمغا ھازىر سايىنىڭ تېشى ئەمەس، پىچاقمۇ ئۆتمەيدۇ، ئاتا.

ئاتا - بالا پالاڭنىڭ ئاستىدىن چىققان توپان ئارىلاش تېرىقنى يەلپۈپ، سورۇپ بېقىۋىدى، بىر چارەكتىن ئارتۇقراق دان چىقتى. مۇرات ئۇنى بىر ئاخشىمى بېرىپ توڭمەندە تارتىپ كەلدى. ھەممە كىشى ئەتىكى ھېيت خۇشاللىقىغا چۆمۈلگەن ئاخشىمى مۇرات قادىر باپكانى ئىشەككە مىندۈرۈپ، مەھەللىدىن چىقىپ كەتتى.

قادىر باپكا ئاتا مىراس كاسىپ بولۇپ، يېشى يەتمىشلەردىكى ساقالسىز، چىرايى قانسىز بوۋاي ئىدى. باپكا دۈكىنىدا بىر ئۆمۈر مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ مۈكا تاشلىغاچقىمۇ، كۆكرىكى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن، ئالدى تەرەپكە ئېگىلىپ، يىغىلىپ قالغان مۈرىلىرىگە بېشى ۋە بوينى قىسىلىپ قالغاندەك تۇرىدىغان بۇ دۆك بوۋاي ھازىر ئىشەكنىڭ ئۈستىدە خۇددى ئۇن ياشلىق بالىدەك دۈگدىيىپ ئولتۇراتتى.

كېچە تۇمانلىرى ئاستىدا ئاقۇش بولۇپ كۆرۈنگەن يىلان باغرى ساي يولىدا بۇلار جىمجىت كەلمەكتە ئىدى. بىر كۈنلۈك ھاياتتىن كېيىن ھالسىرىغان ساي سوزۇلۇپ مۈگدىمەكتە؛ ئىشەك ئۈستىدىكى كىشىنى بىر خىل تەۋرىتىپ، سىلىق يورغىلىماقتا؛ ئۇششاق تاشلىنىۋاتقان تۇياقلارنىڭ ئاستىدىكى شېغىل يىقىملىق شىرىقلىماقتا ئىدى. يول بويىدىكى قۇرۇپ، غۇژمەكلىشىپ قالغان ئادىراسمان ۋە قوي كۆرۈكلىرى ئاستىدىن ئۈركىگەن تورغايلار گويا پۇشتەك چالغاندەك چۇرۇلدىشىپ، پۇر - پۇر كۆتۈرۈلگىنىچە كېچە قوينىدا قاياقلارغىدۇ غايىپ بولۇشاتتى. ساپ تاغ شامىلى غۇر - غۇر ئۇرۇپ تۇرغان جىمجىت كەڭرى سايدا، يۇلتۇزلار چەت - چەتلەردىن چوغدەك چېچەكلەپ كەتكەن پايانسىز ئاسمان ئاستىدا مۇرات ئۆزىنى خۇددى تۇپتۈز دالىدا قېيغىتىپ يۈرگەن كېيىكتەك ئازاد ھەم يەڭگىل سېزەتتى. ئۇ مۇشۇ مىنۇتىدا جاھاننىڭ ئۇ بېشىغا كەتسىمۇ چارچايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ تاشلاپ چىققىنى ئەتە پۈتۈن يۇرت جانلىنىپ، قېرىلارمۇ ئۇن ياش ياشىرىپ ئوينايدىغان ھېيت ئىدىغۇ؟ ئەمما ئۇ ھېيتنى تاشلاپ ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن قېچىپ چىقتى. چۈنكى بۇ كۈنلەردە ھېيت مۇرات ئۈچۈن چەكسىز ئازاب ئىدى. ئۇ بۇنداق ھېيت ئازابلىرىدىن ئىككى قېتىم شامۇتنىڭ «ياردىمى» بىلەن مەجبۇردي ئەمگەككە تۇتۇلۇپ قۇتۇلدى. بىر قېتىم ئوتتۇن ئۈچۈن ئۆزلۈكىدىن جاڭگالغا كېتىۋالدى. ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى، ئوغلىغا ھېيتلىق بىرەر كۆڭلەك، ياكى بىرەر كوي پۇل بېرەلمىگەن ئاتىسىنى ھېيت كۈنى ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا دۈم يېتىپ يىغلاش ئازابىدىن قۇتقۇزدى. ئەمدى بۇ قېتىم ھېيتنى تاغلار ئارىسىدا، چۆلدەرەپ كەتكەن تاقىر سايلاردا، توغرا كەلسە يات قىرغىز ئاۋۇللىرىدا ئۆتكۈزىدۇ. راست ئەمەسمۇ؟

مۇراتنىڭ ھېيت دېگۈدەك ئالالايدىغان ھېيتلىقى بارمىدى؟ ھېچ بولمىسا رەڭمۇ رەڭ بويالغان تۇخۇملىرىنى چىشلىرىغا ئۇرۇشۇپ، تۇتە، ھە، تۇتە...بۇدا سەن تۇت! دەپ چېكىشىۋاتقانلارنىڭ ئارىسىغا كىرەلىگۈدەك بىر نەچچە تۇخۇمى بارمىدى؟ ياكى تەڭتۇشلىرى بىلەن باشلىشىپ ھېيتلىشالامتى؟ ئەگەر توپقا قېتىلىپ باشقىلارنىڭكىگە كىرىپ قېلىپ، نۆۋەت ئۆز ئۆيىگە كەلگەندە داستىخانغا ئالغۇدەك ساڭزا بولمىغاندىمۇ پوشكىلى بارمىدى؟ ئاپىسى رەھمەتى بولغان بولسا...ھەر قانچە غۇربەتچىلىك، قولى قىسقا بولغاندىمۇ ھېيتتا چاندۇرماس ئىدى. كەتمەن تۇتۇپ ئاتاڭ قالغۇچە، ئويماق تۇتۇپ ئاپاڭ قالسۇن دېگەن شۇكەندە.

— ھاي ئۇستىكا! — (بوۋاينىڭ قولىقى ئېغىر ئىدى) چاقچاق ئارىلاش ۋارقىرىدى مۇرات، — جىمپىلا كەتتىڭىزغۇ؟ ئۇخلاپ قالدىڭىزمۇيا؟

— كۆزگە ئۇيقۇ كېلەمدۇ، بالام؟ — خىرىلدىدى بوۋاي، — يىلدا بىر كېلىدىغان ھېيتتا سايدا مۇساپىر بولدۇق — ھە؟!

— مۇساپىر دېگىنىڭىز نېمىسى؟ سەيلىگە چىقمىدۇقمۇ، سەيلىگە؟

— قويە، سەيلەڭنى! بىر پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىغاندا سەپەر، سەيلە ياراشاتتىمۇ ماڭا؟ توۋا! خۇدايىمغا نېمە قىلغان بولغىيتتىم؟ ئالتە بالامدىن بىرىنى بەرمەي ھەممىسىنى قىزىلنى باھانە قىلىپ دەرگاھىغا ئېلىپ كەتتى. چوڭلىرىغۇ قىز ئىدى، قولغا ئالغۇدەك بولغۇچە تۈگىدى، ئۇنتۇلدى، كەنجى بالامزە...ئوغۇل ئىدى، تازا سەندەك يوغان باش، توقماقتەك ئوغۇل ئىدى. كۆڭلۈمگە تۈگكەن ھەممە تۈگۈچنى، ھەممە ئۈمىد-ئارمىنىمنى شۇ ئوغلۇمغا ئاتىغانتىم. خۇدا قاقشاتتى...ئەجەل تۈڭلۈكتىن كىرىدىمۇ، بىلەلمىدىم. شۇ ئوغلۇم بەش ياشقا كىرگەندە خۇددى ئانىسىنىڭ ئالدىدىن چۈجىسىنى تىرىپ ماڭغان سادەك ئېلىپ كەتتى. ئەگەر...شۇ بالام ئالدىمدا بولغان بولسا بۇ چاقچا ئاللىقاچان دۇكانغا چۈشۈپ قولۇمدىن موكىنى ئالماسمىدى؟ مۇشۇنداق سەپەرلەرگە مېنى دۈقۇلداتماي، قوغۇنلۇققا بېرىپ كەلگەننىڭ ئورنىدا ئۆزى بېرىپ كەلمەسمىدى؟ ئوغلى يوقنىڭ جېنى يوقكەن، ماڭا نېمە كۈن بۇ؟! سەنغۇ ئارال يورغىسىدەك لىكىلداپ كېلىۋاتىسەن، مەنچۇ؟ ئېشەكنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپمۇ قوۋۇرغىلىرىم ئۆتۈشۈپ، ئۇستىخانلىرىم ھازىرلا چۇۋۇلۇپ كېتىدىغاندەك ئاغرىۋاتامدۇ؟

مۇرات ھەمراھىنىڭ ئاغزىنى كوچىلىغانغا پۇشايمان قىلدى. كۆپىنى كۆرگەن بۇ بوۋايدىن سەپەر يارىشىغىدىراق، يول ئاۋۇتىدىغان پاراڭ كۈتكەنىدى. بىراق، ئۆمۈرلۈك قايغۇ-ھەسرىتىنى تۆكۈپ، كېچىنى تېخىمۇ قاراڭغۇ قىلىۋەتتى. ئەنە، قاچان توختايدۇ ئەمدى؟ ئېشەكنىڭ ئۈستىدە دۆكىنى قالتىرىتىپ ئۈنسىز يىغلىغىلى تۇردى...

ناھىيىگە كېلىدىغان سۇ تاغ جىلغىلىرىدىكى يىلاندەك تولغىماچ يولنىڭ بىردەم ئۇ يېقىدا، بىردەم بۇ يېقىدا ئاققاچقا، ئۇلار ھە دېگەندە سۇغا دۈچ كېلىۋاتاتتى، مۇرات تاڭ ئاتقۇچە قادىر باپكانى شارقىراپ ئېقىۋاتقان نەچچە ئېقىندىن ئېشەككە مىندۈرۈپ كېچىپ ئۆتتى. ئەتىياز كېچىسىدىكى مۇزدەك سوغۇق سۇ ئۇنىڭ يېرىلىپ، قاناپ كەتكەن تاپانلىرىنى ۋىژىلدىتىپ ئېچىشتۇردى. بۇ سىياھدەك قاراڭغۇ كېچىدە يول بەزىدە

ساڭگىلاپ تۇرغان ھاك تاشلارنىڭ ئاستىدىن ئۆتسە، تۇرۇپلا ئاسمان پەلەك تىك تاغلار ئارىسىغا قىسىلغان تار جىلغىلارغا كىرىپ كېتەتتى. بۇنداق چاغدا ئۇلار خۇددى قاپقاراڭغۇ، ئۇزۇن غار ئىچىدە كېتىۋاتقاندەك تەنلىرى شۈركىنەتتى. باشلىرىنىڭ ئۈستىدىكى تاش كامارلىرىدىن تۇيۇقسىز ھوقۇش ياكى مۆشۈك ياپىلاق ئەنسىز چىرىلدايتتى. ئارىلاپ - ئارىلاپ يىراق - يېقىندىن چىل بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلاشلىرى ئاڭلىناتتى. ئېشەك ماڭغىلى ئۇنىماستىن قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ، خارتىلداپ مۇدۇرەتتى. ئېشەكنىڭ ئۈستىدە دۇم يېتىۋالغان باپكا يىغلامسىراپ دۇرۇت ئوقۇيتتى.

لېكىن مۇرات شۇنچە قورقۇنچلۇق تاغ يولىدا يەنىلا ئەتىكى سودىنىڭ مۇۋاپپەقىيىتى ئۈستىدە - ئۆمۈر بويى تاغ ۋە سايلاردا ياشاپ بازار كۆرمىگەن تاغلىقلارنىڭ ئۆزى ئارزۇ قىلغاندىنمۇ ئارتۇقراق ساددا ھەم سېخى بولۇپ چىقىشى ھەققىدە ئويلىناتتى. چىڭداپ تۈگۈپ قويغان مونەك - مونەك يۈكلەر، ئۇلار قىممىتىنى بىلمەي چېدىرلىرىنىڭ كەينىگە تاشلىۋەتكەن تېرىلەر، بولۇپمۇ ئۇ شاخقا تېگىشىۋالغان ۋە قولىدا يولقىنىپ مەرەپ تۇرغان قارا باش ئاق ئوغلاق... مۇراتنىڭ قەدىمىنى بارغانسېرى تېتىكلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ باراتتى.

خەيرىيەت! ئاخىرى تاڭ سۈزۈلدى. تاغ چوققىلىرى دەسلەپتە ئاقىرىپ، كېيىن ئاستا - ئاستا قىزاردى. يول ئەمدى بارغانسېرى ئۆرلەپ تاغ چوققىلىرىغا يىلاندەك يۆگىلىشكە باشلىدى. قادىر باپكا كالتە پۇتلىرىنى چىڭ قىسىپ، ئېشەكنىڭ بويىنىغا چاپلىشىۋالدى. ئۇلار تىك بىر داۋانغا چىققاندا، قۇياش شەرق تەرەپتىكى پەسرەك بىر تاغنىڭ ئۈستىدە ئالتۇن تاۋاقتەك ۋاللىداپ، چوققىلارغا قىزغۇچ ئاپتاپ تاشلىدى. يۈز غۇلاچچە پەستە تۆگە لوككىسىدەك كۆرۈنگەن پاكار ئېدىرلىقلار ئارىسىدىن نوغۇچتەك تىك كۆتۈرۈلگەن تۇتۇن كۆرۈندى. ئېشەك ئارقا ئاياغلىرىنى قورسىقىنىڭ ئاستىغا بېسىپ، سۆڭگەكچىدە سىيرىلىپ دېگۈدەك بوۋاينى داۋاندىن ئېلىپ چۈشتى - دە، يولنى تاشلاپ تۇتۇن چىققان ئېدىرلىققا ماڭدى، بىر بۇرۇلۇشتىن ئۆتكەندىن كېيىن كىگىزلىرى كونىراپ كەتكەن بىر ئالاچۇق ① كۆرۈندى، سۆڭەك غاجىشىپ ياتقان يوغان ئىككى ئىت قاۋىشىپ كېلىۋىدى، ئالاچۇقتىن شاپتۇل قېقىدەك بولۇپ قالغان بىر كەمپىر چىقىپ ئىتلارنى توختىتىۋالدى. مۇرات ھەمراھىنى ئېشەكتىن دەس كۆتۈرۈپ ئالدى - يۇ، ھەيران قالدى. چۈنكى بوۋاي شۇ قەدەر يەڭگىل ئىدى.

كەمپىرنىڭ ئېيتىشىچە، باللىرى سەھەردىلا مالغا چىقىپ كېتىپتۇ. ئۆزى ئۇلار بىلەن ئازراقمۇ سودا قىلالمايدىكەن. شۇنداقتىمۇ ئۇ قورتتەك مىدىرلاپ يۈرۈپ، ئۇلارغا تېزەك قالاپ چاي قاينىتىپ بەردى. شۇنىڭغىمۇ شۈكرى كەلتۈرگەن قادىر باپكا بىلەن مۇرات قىرغىزلار زىچراق ئولتۇراقلاشقان تاغلارغا قاراپ يەنە يولغا چىقتى.

ئەمدى پايانسىز ساي باشلاندى، قادىر باپكانىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ساي بىر چاغلاردا جەرەن، كېيىكلەر پادا - پادا يۈرۈيدىغان، چىغ - شىۋاق، قامغاقلار يەلپۈنۈپ تۇرىدىغان، رەڭمۇ رەڭ گۈللەر ئېچىلىپ گۈپۈلدەپ پۇراپ كېتىدىغان ياپيېشىل يايلاق

① ئالاچۇق - كىچىك كىگىز ئۆي.

ئىكەنمىش، ئەمدىچۇ؟ يانتاق، ئادىراسمانلارنىڭمۇ يىلتىزى غاجىلانغان، سايدىن پۇرقىراپ توپا توزۇپ تۇردۇ، قايتا گىياھ كۆكلەيدىغاندەك ئەمەس. ھەر بىر قەدەمدە، ھەر بىر تاشنىڭ تۆۋىدە چارۋىلارنىڭ تۇياق ئىزى، قۇرۇپ توپىغا ئايلىنىپ كېتەي دەپ قالغان قومۇلاقلىرى ئۇچرايدۇ-يۇ، ئەتراپتا ھاياتتىن ئەسەر يوق. كۆز يەتكۈسىز بۇ سايدا نە بىرەر ئادەم، نە بىرەر توپ پادا ياكى بىرەر جەرەن، توشقانمۇ كۆرۈنمەيدۇ. پەقەت بۇلۇتنىڭ ئاستىدا بىر نەچچە قۇزغۇن بىلەن ئېھتىمال غىلجىر بولسا كېرەك، تولىمۇ يوغان بىر قۇش تاپ ئىزدەپ لەيلىشىپ يۈرۈيدۇ.

كۈن چۈش بولغاندىمۇ ئۇلار تېخى بۇ سايىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا خۇددى بىر قارا توچكىدەك كۆرۈنۈپ كېتىپ باراتتى. توساتتىن بوۋاي ئېشەك ئۈستىدە تولغىنىپ ئىڭرىغىلى تۇردى.

— ۋاي!...ئىھ...ئىھ...

مۇرات ئېشەكنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، بوۋايدىن ھودۇققان ھالدا سورىدى:

— ھوي قادىر ئاكا، نېمە بولدىڭىز؟ بىر يېرىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ؟

— بالام، مۇراتجان، ئاغرىغان يېرىمنى بىلەلمىدىم. مەن...مەن بولالمايۋاتىمەن، يىقىن تۇرۇڭ! يەر...ئاسمان پىرقىراۋاتىدۇ. جا...جاھان قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. ۋاي! ئىھ...

مۇرات چۆچۈپ كەتتى. بۇ ئادەمسىز چۆلدە قانداق قىلغۇلۇق؟ كەينىگە يېنىش كېرەكمۇ؟ ئالدىغا مېڭىش كېرەكمۇ؟ ھېلىقى مومايىنىڭ ئالىچۇقىمۇ يىرىم كۈنلۈك يىراقتا قالدى. ئالدى تەرەپتە نەدە قىرغىز باركىن؟ يەنە قانچىلىك مېڭىش كېرەككىن؟ ئۇ ئېشەكنى توختىتىپ بوۋاينىڭ پېشانىسىنى تۇتۇپ بېقىۋىدى، ئالقىنىغا ھېچ قانداق ھارارەت تەگمىدى، پېشانىسى مۇزدەك تەرلەپ كېتىپتۇ، كۆزلىرىمۇ نۇرسىزلىنىپ، لەۋلىرى كۆكىرىپ، گەز باغلاپ قاپتۇ.

ئۇ ئېشەكنى روشەنرەك كۆرۈنۈۋاتقان بىر تاغ تەرەپكە جېدەللەپ ھەيدىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي بوۋاي ئولتۇرالماي قالدى-دە، ئېشەكنىڭ بويىنىغا لاسسىدە ئېگىلىشىپ قالدى. مۇرات شۇئان پاختىلىق چاپىنىنى سېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا قاتلاپ قويۇپ بەردى. ئاندىن ساراسىمىگە چۈشكەن ھالدا بۇ كەڭ سايدا بىرەر ئادەمنىڭ قارىسىنى بولسىمۇ كۆرۈپ قېلىشنى ئۈمىد قىلىپ، سەرسان كۆزلىرىدە ئۇياق-بۇياققا قارىدى. شۇ ئارىلىقتا بوۋاينىڭ قوللىرى ئېشەكنىڭ ئىككى قاپتىلىغا ساڭگىلاپ قالغانىدى. بۇنى كۆرگەن مۇرات ئىككى قەدەم ئارىلىقتىن يۈگۈرۈپ كەلگىچە بىمار بىر يانغا، چوڭ-چوڭ قورام تاشلارنىڭ ئۈستىگە ئاستا سىيرىلىپ چۈشتى.

— ۋاي قادىر ئاكا!!!

مۇرات ۋارقىرىغىنىچە كېلىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېگىلىشكەندە، بۇ ۋاپاسىز دۇنياغا نەپرەتلەنگەن بوۋاي ئاسمانغا قاراپ چەكچىيىپ ياتاتتى. پۈتۈن سەزگۈسى دەھشەتكە ئايلانغان مۇراتمۇ دەماللىققا نېمە بولغاننى چۈشىنەلمەي ئۇنىڭغا چەكچىيىپ قاراپ قالدى، بارا-بارا بىر مۇدھىش شۇم گۇماندىن ئىچ-ئىچى مۇزلاپ، ئېڭەكلىرى جاقىل-

داپ كەتتى - دە، ھەمراھىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىدى.

— جېنىم قادىر ئاكا! نېمە بولدىڭىز؟ سۆزلىسىڭىزچۇ!...

يىراق تاغلاردىن ئەكس سادا كېلىپ، ساي لەرزىگە كەلدى. بىراق، ھىڭگىيىپ قالغان چىشسىز ئېغىزدىن ھامان زۇۋان كەلمەيتتى. ئوچۇق تۇرغان كۆز مىدىرلىمايتتى. ئېشەكمۇ سوزۇلۇپ ياتقان ئىگىسىگە بىر قاردى - دە، دەسلەپتە خارتىلداپ، كېيىن دەھشەتلىك ھاڭراپ چۆلۋۇرىنى سۆرەپ قاچتى. مۇرات ياپراقتەك تىترەۋاتقان ئالقىنىنى بوۋاينىڭ ئاغزى - بۇرنىغا تۇتۇپ بېقىپلا گۇمان قىلىۋاتقان قورقۇنچلۇق ھەقىقەتكە ئاماسىز ئىشىنىپ، بىردىنلا پەريات كۆتۈردى ۋە جەسەتنى ئويغاتماقچى بولغاندەك ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا سىلكىشكە باشلىدى.

— ۋاي قادىر ئاكا! بۇ كۈننى ماڭا ساقلاپ تۇرغانمىدىڭىز؟...

شۇ چاغدا شىۋىرغاننىڭكىدەك ئۇشقىيتقان ئاۋاز كەلدى - دە، قاناتلىرى بىر غۇلاچ كېلىدىغان قوڭغۇر رەڭلىك بىر غىچىر ئۇنىڭ بېشىدىن ۋىژىلداپ ئۆتۈپ، يېقىنلا يەردىكى بىر دۆڭنىڭ ئۈستىگە قوندى. بۇلۇت ئارىسىدىن شۇڭغۇپ چۈشكەن بۇ قۇش قادىر باپكانىڭ جان ئۈزگەنلىكىنى شۇنچە ئىگىزدە تۇرۇپ مۇراتتىن بۇرۇن بىلگەنىكەن.

مۇراتقا بۇ كەڭرى سايدا يىغلاشقىمۇ ئىمكان بولمىدى. ئۇ قورقۇنچ ۋە ئەلەم بىلەن ئەمدىلا باشلىغان يىغىسىدىن توختاپ، ئۈستىگە بوراندەك باستۇرۇپ چۈشكەن قۇشقا قاراپ قالدى. دۆڭ ئۈستىدە تەلپۈنۈپ، قاناتلىرىنى قېقىپ، بۇ تەرەپكە ئېتىلىش تەييارلىقىدا تۇرغان قۇشنىڭ يىرتقۇچلارچە ئويناپ تۇرغان كىچىك، ئۆتكۈر كۆزلىرى ئۇنىڭغا ئىختىيارسىز ھالدا يەنە بىر كۆزنى ئەسلەتتى. مۇراتقا شۇ ئان يىراقلاردا قالغان شۇنداق بىر كۆز — غالىپلىق تۇيغۇسىدا چاقناپ، كۆرەڭلىك بىلەن قىسىلغان بىر كۆز، «ھە، بويۇنكەش! ئەمدىغۇ توگەشكەنسەن؟» دېگەندەك قىلىپ زەھەرلىك كۈلۈمسىرەپ تۇرغان بىر كۆز — شامۇتنىڭ كۆزى خىيالەن كۆرۈندى. ئۇ بىرمۇ گۇۋاھچى بولمىغان چۆلدە يۈز بەرگەن بۇ تاسادىپىي ئۆلۈم ئەگەر ئارزۇ قىلغىنىدەك چۈش بولۇپ چىقماي ھەقىقەتەن رېئاللىققا ئايلانسا ئۇنىڭ ئۆزىگە كەلتۈرىدىغان ئاقىۋەتلىرىنى تەساۋۋۇر قىلىشتىن قورقتى. ئېشەكمۇ يۈز قەدەمچە يىراقتا توختاپ، قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ بۇ تەرەپكە قاراپ تۇراتتى. مۇرات ئېشەكنى تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن مىڭىۋىدى، ھېلىقى قۇش شۇئان كۆتۈرۈلۈپ جەسەت تەرەپكە يەر بېغىرلاپ ئۇچۇپ كەلدى. ئۇ شۇئان ئوقتەك يۈگۈرۈپ يېنىپ كەلدى - دە، قۇشقا قارىتىپ شىددەت بىلەن تاش ئاتتى. بىراق، ياشاش مەنتىقىسى بويىچە ھەرىكەت قىلىۋاتقان، ئۆز ماكانىدىكى كۆڭلى پۈتۈن قۇش ئارتۇقچە ياتسىرىماي ئۇلارنىڭ بېشىدا پەس ئەگىشكە باشلىدى. مۇرات چاپىنىدا جەسەتنىڭ بېشىنى پۇختا يۆگەپ، يەنە ئېشەك تەرەپكە ماڭدى. قۇش ئازراقمۇ تەخىر قىلالماي يەنە ۋىژىلداپ چۈشۈپ، جەسەتنىڭ يۈزىدىكى چاپاننى غەزەپلىك سايراپ چوقۇشقا باشلىدى. مۇرات سايىنى تىترىتكۈدەك ئاۋازدا يىغلاپ كېلىپ، قۇشنى ئۈركىتىپ چاپاننى ئاستا قايرىغاندا، جەسەتنىڭ كۆزى يەنىلا دەھشەت سېلىپ چەكچىيىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇ ھېلىغىچە بىرەر قېتىم جەسەتنىڭ يېنىدا تۇرۇپ باقمىغان بولسىمۇ باشقىلاردىن بۇ ھەقتە ئاڭلىۋالغانلىرى ئېسىگە كەلدى. ئوچۇق كۆزلەرنى

www.uyghurkitap.com

ئۆزى باشقا ياققا قاراپ تۇرۇپ ئۇۋۇلاپ يۇمغۇزدى. جاققىدە قېتىپ قالغان ئېڭەكىنى بەلبېغىدا تاڭدى. رەھمەتلىكنىڭ ياخشى بېقىلغان كالتە قۇيرۇق قارا ھاڭگىسى تولىمۇ بىئەزگۈر ئىكەن. لېكىن ئېشەكنىڭ بۇنداق چاغدىكى سەزگۈرلۈكى قۇرۇسۇن! مۇرات جەسەتنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالماقچى بولۇۋىدى، بۇ كاج ئېشەك، ئۈركۈپ خارتىلدىغىنىچە ئارقا ئاياغلىرىدا تىك كۆتۈرۈلۈپ چىچاڭشىپ، پىرقىراپ قاپقارا قۇيۇن چىقىرىۋەتتى. ئېشەك ئېشەكلىكىنى قىلدى. ئۆزىنى تەخەي چېغىدىن بېقىپ چوڭ قىلغان ئىگىسىنى ئۇ ئۆلۈشى ھامان ئۆزىگە يېقىنلاتمىدى. يۈرىكى سۇ بولۇپ، ئەلەملىك دۇتتىن ئىچى قاراڭغۇلاشقان مۇرات ئېشەكنىڭ چۇلۇۋۇرىنى بېلىگە باغلاپ، ھېلىقى كۆرۈنگەن تاغقا قاراپ جەسەتنى يۈدۈپ ماڭدى.

**10**

ئۇ شۇ كۈنى كۈن ئولتۇرۇشقا يېقىن ئۈچ ئۆيلۈك قىرغىز ئاۋۇلىغا ئۆمىلىگەندەك يېتىپ كەلدى - دە، كۈن بويى ئۆلۈك يۈدۈپ يۈرۈپ قورقۇپ ۋە ھېرىپ كەتكەنلىكتىنمۇ جەسەتنىڭ يېنىغا ئۆزىمۇ بىللە يىقىلدى. قىرغىزلار بېشىنى يۆلەپ، يۈزىگە سۇ سەپتى. مۇرات سەل ھوشىغا كەلدى ۋە خېلىغىچە ھېچ نەرسىنى ئەسلىيەلمەستىن، تۇتەك ئىچىدە قالغاندەك تۇمانلىق كۆزلىرى بىلەن ئۆپ - چۆرىسىگە قارىدى. ئۇ دەسلەپتە يېنىدا ياتقان ھەمراھى قادىر باپكاننىڭ جەسىتىنى، مۈگدىنىپ، قولاقلىرىنى سالپايتىپ تۇرغان ئۇنىڭ ئېشىكىنى، ئاندىن ئۆزلىرىگە ئېگىشىپ تۇرغان ۋە كۆزلىرى نەملەنگەن بوۋاي، مومايلارنى، قورقۇشۇپ چوڭلارنىڭ قولتۇقلىرىدىن مارىشىپ تۇرغان بالىلارنى كۆرۈپ، ئەتىگەندىن بېرى بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەقىقەتەن چۈش ئەمەسلىكىگە ئىشەندى - دە، بىر قىرغىز بوۋاينىڭ پېشىگە ئېسىلىپ يالۋۇرۇپ يىغلاشقا باشلىدى:

— ياخشى تۇغقانلار، مۇسۇلمانلار! بېشىمغا كۈن چۈشتى... ياردەم قىلىڭلار! مېيىتنى ئەتىدىن قالدۇرماي يۇرتقا يەتكۈزمىسەم... يۇيۇپ، كېپەنلىگىلى بولماي قالىدۇ، خۇدا يولىدا ياردەم قىلىڭلار!...

قىرغىزلار دەرھال قولمۇ — قول تۇتۇش قىلىپ ئىككى ئاتقا شىرغا ① قىلىپ بەردى. مۇرات ئۇلارغا ئۆكسۈپ، بۇقۇلداپ تۇرۇپ نۇرغۇن رەھمەتلەرنى ئېيتتى. ئات ئىگىلىرىگە ئۆز خۇرجۇنىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بەردى. گۇگۇم چۈشكەندە جەسەتنى شىرغىغا ئېلىپ، ئۇلار كۆرسىتىپ قويغان يېقىنراق يول بىلەن كېچىلەپ يۇرتقا قايتتى. لېكىن بۇ يول يېقىن بولغىنى بىلەن خەتەرلىك ئىدى. بەزى جايلاردىن ئىككى ئات قاتارلىشىپ ماڭالمايتتى، بەزى قىيالىقلاردىن ئۆتكەندە ئاتلارنىڭ بىرسى ئېگىزدە، بىرسى پەستە مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. تۈن تەڭ بولغاندا ئەنە شۇنداق بىر يانتۇلۇقتىن ئۆتۈۋېتىپ بىر ئات بەكرەك ئېگىزگە چىقىپ قالغانمۇ قانداق، جەسەت قىسىلغان شىرغىدىن دومىلاپ كەتتى - دە، تاش، شېغىللار بىلەن قوشۇلۇپ گۈلدۈرلەپ يانىدىكى چوڭقۇرلۇقى نامەلۇم قاپقارا بىر جىلغىغا چۈشۈپ كەتتى. (قىرغىزلار جان-

① شىرغا — ئاتنىڭ ئۈستىگە ياغاچ ۋە ئارقاندا توقۇپ ياسىلىپ كېسەل ياكى جەسەت ياتقۇزىدىغان نەرسە.

سىزتەنگە ئاسان پىتىپ كېتىدۇ، دەپ، جەسەتنى شىرغىغا چىڭگىراق باغلىمىغانىدى) مۇرات جىلغىنىڭ ئۇستىدە ئالدى - كەينىگە بىر پەس يۈگۈرۈپ بېقىپ ئاخىرى توغرا كەلگەن بىر يەردىن ئۆزىنى دومىلاپ دېگۈدەك چۈشتى، جىلغا تېرەك بويى چوڭقۇرلۇقتا ئىدى. سەرەڭگە يورۇقىدا تىمىسقىلاپ يۈرۈپ جەسەتنى ئىككى قۇرام تاشقا قىسىلىپ قالغان هالدا تاپتى. رەھمەتلىكنىڭ كىيىملىرى ۋە يۈزلىرى تىتىلىپ كېتىپتۇ...ئۇ ئارقا - ئارقىدىن يۈز بېرىۋاتقان بۇ كېلىشمەسلىكلەردىن بېشى پىر - پىر ئايلىنىپ، جەسەتنىڭ بېشىدا، جىلغىنىڭ ئاستىدا بىردەم ئولتۇرۇپ قالدى.

«ئاھ، خۇدا! جىلغىدىنغۇ ئېلىپ چىقارمەن. لېكىن مۇشۇ هالدا يۇرتقا قانداق ئېلىپ بارىمەن؟ قانداق كۆرسىتەرمەن؟ يۈزى پۈتۈن-رەك بولسىمۇ كاشكى!...»

بەزى چاغلاردا ئادەمنىڭ كۈچ - قۇدرىتى، غەيرىتى ئۆزىنىمۇ هەيران قالدۇرغان هالدا ئەسلىدە ئۆزىدە بار بولغاندىكىدىن نەچچە هەسسە ئېشىپ كېتىدۇ.

مۇرات بۇ يەردە گاڭگىراپ ئۇزۇن تۇرۇپ قېلىشنىڭ پۈتۈنلەي ئەنسىزلىكىنى، باشقا هېچقانداق مۆجىزىلىك ياردەمگە ئېرىشىشنىڭمۇ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، هازىر پەقەت ئۆزىنى ئۆزىلا قۇتقۇزالايدىغانلىقىنى دەرهال ئۆيلاپ يەتتى - دە، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ جەسەتنى دۈمبىسىگە مەھكەم باغلىدى. ئاندىن بۇ جىلغىنىڭ ئادەتتە ئۆزىمۇ ئاران چىقالىغۇدەك، لېكىن باشقا جايلىرىدىن سەل ئاسانراق بىر يېرىگە جان - ئەھلى بىلەن ياماشتى...خەيرىيەت! ئاخىرى قىرلىق تاشلارغا كىملەدەك چاپلىشىپ، چىقىپ، تىكەنلەرگە ئېسىلىپ، چىرمىشىپ يۈرۈپ جەسەتنى جىلغىدىن ئېلىپ چىقتى.

ئاتىسى ئوغلىنىڭ مەرەپ تۇرغان بىر ئوغلاقنى يېتىلەپ كىرىشىنى كۈتۈپ تۇرغان، ئايماق خەلقى بۇرۇنقى كۈنلىرىنى پۈتۈنلەي ئۇنۇتقان هالدا ئوينىۋاتقان ھېيتنىڭ ئۈچىنچى كۈنى ئۇستى بېشى خۇددى بۆرە تالىۋەتكەندەك بولۇپ كەتكەن يالاڭباش يالاڭئاياق مۇرات مەھەللە ئىچىگە شىرغا باغلانغان ئىككى ئاتنى قاتىرىسىغا يېتىلەپ، هازا ئېچىپ كىرىپ كەلدى.

مانا، ئىككى كېچە - كۈندۈز بولدى. مۇرات جالال شىرىپنىڭ ئۆيىنىڭ كەينىدىكى ئىگىز قورغاننىڭ ئىچىدە، كاتەكتەك بىر بىتون كامېردا تۈگۈلۈپ ئولتۇراتتى. تاماقنىمۇ تۈرمە نازارەتچىلىرى كىچىككىنە قاپقاقلىق رۇجەكتىن سۇنۇپ بېرىشتى، ئۇنىڭ گېلىدىن سۇدىن باشقا نەرسە ئۆتمىدى. ئاچلىق، ئۇيقۇسىزلىق ماغدۇرىنى قۇرۇتتى، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قاپساۋالغان مۇدھىش، شۇم گۇمانلاردىن خىيالى چىگىشلىشىپ كەتتى. تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇشقىلا بولىدىغان بۇ قاراڭغۇ كامېردا ئۇنىڭ ئويلىمىغان ئويى، خىيالەن بارمىغان، كىرمىگەن جايى قالمىدى. پۈتۈن ئۆمرى غەمسىز باللىق چاغلىرىدىن تارتىپ تاكى هازىرقى بەختسىز مىنۇتلارغىچە كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتتى.

...تۇۋا! جەسەتنى يەرگە ئالماستىنلا شامۇت ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى. كۆزلىرىدىن قان چاچىرىتىپ خۇن دەۋاسى قىلدى. ئاندىن يول بويى ۋارقىراپ - جارقىراپ ئەھلى مەھەللىگە خەۋەر قىلغىنىچە ج خ ئىدارىسىدىن ساقچى باشلاپ كېلىشكە كەتتى.

رەھمەتلىكنىڭ قولىدىن تەسۋى چۈشۈرمەيدىغان ئايالىمۇ «ئەجەل شۇنداق» دېمە-

www.uyghurkitap.com

دى. بەلكى «خۇداغا قويدۇم، خۇدادىن باشقا گۇۋاھچىم يوق» دەپ چاچلىرىنى يۇلۇپ يىغلىدى. مۇرات قولۇم - قوشنىلارنىڭ كۆزلىرىدىمۇ ئۆزىگە نىسبەتەن بىر خىل ئەجەبلىنىش، گۇمان ۋە نەپرەتنى سەزگەندەك قىلدى. تېخى جامائەتمۇ تارقىماستا، جەسەتمۇ شىرغىمدىن چۈشۈرۈلمەستە ساقچىلاردىن يۈز قەدەمچە ئىلگىرى يېتىپ كەلگەن شامۇت مۇراتقا يەنە ئېسىلدى.

— ھەي قاتىل! قادىر ئاكامنى نېمە قىلدىڭ؟!

ئۇنىڭسىزمۇ گاڭگىراپ، بېشى ئېلىشىپ كەتكەن مۇرات دەماللىققا ئىنكاس قايتۇرالماي مەڭدەپ قالدى. ئۇنىڭ بۇنداق گۇناھكارلارچە قىياپىتى باشقىلاردىمۇ گۇمان قوزغىدى.

شامۇت مۇراتنى يەنە بوغۇپ، سىلكىشلەپ ۋارقىرىدى:

— سۆزلە قاتىل! قادىر ئاكامنى نېمە قىلدىڭ؟!

سەل ئېسىگە كېلىپ، ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى سەزگەن مۇرات شامۇتنى جان ئاچچىقىدا سىلكىۋەتتى.

— سەن يىراق تۇر! قادىر ئاكامنى ھېچنېمە قىلمىدىم.

شامۇت كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن ئېتىلىپ چىقىپ يەنە خىرقىرىدى:

— سەن... سەن قاتىل قادىر ئاكامنىڭ تاغقا ئېلىپ چىققان مال - مۈلكىنى بۇلاپ، ئۆزىنى...

مۇرات جەسەتنىڭ بېشىغا قويۇپ بەرگەن خۇرجۇننى جان جەھلى بىلەن سىلكىپ ئېلىپ شامۇتقا ۋارقىراپ ئاتتى.

— ھەي ئىچىمۇ، تېشىمۇ قارىداپ كەتكەن قارا يۈز! ئۇنداق تۆھمەت قىلما، ئەنە، قادىر ئاكامنىڭ مەن بۇلىغان مال - مۈلكى، قاراپ باق، بەش، پەقەتلا بەش ماتا! بەش ماتا ئۇچۇقىزە...

بۇ چاغدا مۇراتنىڭ ئاتىسى ئوغلى بىلەن شامۇتنىڭ ئايىغى ئاستىدا ھوشسىز، ھېسسىز ھالدا ئۆمۈلەپ، يىقىلىپ يۈرەتتى. شامۇت جەسەتنىڭ يانچۇقلىرىنى قاراشتۇردى. ئاندىن خۇرجۇننىڭ قۇلۇپلاقلىق ئىزمىسىنى تارىسلىدىتىپ ئۈزۈپ، ئىچىنى ئاختۇردى - دە، يەنە ۋارقىرىدى:

— پۇلى قېنى؟ پۇلى؟!

مۇرات تاڭ قالدى. چىشلىرى ئۇۋۇلۇپ چۈشكۈدەك غۇچۇرلىدى. غەزەپتىن بوغۇلۇپ، ھاسىراپ كەتتى.

— ھەي، قايسى پۇلنى دەيسەن؟ قادىر ئاكامنىڭ نەدە پۇلى بار ئىكەن؟!

— تولا خۇپسەنلىك قىلما! مەن قەرز بەرگەن، سەن بۇلىغان ئىككى يۈز كويىنى دەۋاتىمەن!

مۇرات قادىر باپكانىڭ ئايالىنىڭ ئالدىغا باردى.

— ساردىخاچا، جېنىم ساردىخاچا، راست گەپ قىلسىلىچۇ! قادىر ئاكام تاغقا پۇلىمۇ ئېلىپ چىققانمىدى؟

سارىخان يىغلاپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— خۇدا بىلىدۇ، خۇدا! مەنغۇ پۇلى بارلىقىنى بىلمەيتتىم، - ھەممە ئادەم بىردىنلا شامۇتقا يۈزلەندى.

— سىلە بىلمىسىلە مانا مەن بىلىمەن، سارىخان!— شامۇت گۇرەنلىرىنى كۆپۈرۈپ ۋارقىرايتتى،— قورقمىسىلا سارىخان، ئۇ پۇلنى ئەمدى سىلىدىن ئېلىشىم يوق. رەھمەتلىككە خۇدا يولىدا نەزىر قىلدىم. ئىككى يۈز كوي پۇلنى رەھمەتلىككە تاغقا ماڭدىغان ئاخشىمى تاراقلىتىپ بىردىن ساناپ بەرگەنمەن. شۇ پۇل بېشىغا چىقىپتۇ!...

مۇرات ئۇنى قىستاپ كېلىپ، كۆزلىرىگە نەشتەردەك قادالدى.

— پۇل بەرگەنلىكىڭگە ھۆججەت بارمۇ؟

شامۇت ھىمايە ئىزدەپ ئەتراپقا قارىدى.

— كۆپچىلىك، قادىر ئاكام خەت تونۇمتى؟ ھۆججەت يازالامتى؟

— ئەمىسە گۇۋاھچىڭ بارمۇ؟

— سېنىڭ بۇنداق ئىگىسىنى ئۆلتۈرۈپ، پۇلىنى بۇلىۋېلىشىڭنى بىلگەي گۇۋاھچى تاپماپتىكەنمەن، خالايىق! قاراپ بېقىڭلارچۇ... قادىر ئاكام ئۆز ئەجىلىدە قازا قىلغان بولسا يۈز - كۆزىدىكى نېمە جاراھەت بۇ؟!

ئەمدى يەنە گەپ تالىشىشنىڭ پايدىسىزلىقىغا كۆزى يەتكەن مۇرات شامۇتقا دەھشەتلىك ۋارقىراپ ئېتىلىۋىدى، كەينىگە ئۆتۈپ تۇرغان ئىككى ساقچى شۇئان ئۇنىڭ قوللىرىنى قايرىپ، كىشىلەر ئارىسىدىن سۆرەپ چىقتى.

مۇرات ساقچىلارنىڭ قولىدا كەينىگە قايرىلىپ، يۇلقۇنۇپ، ھاسىراپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— ھەي مۇناپىق! ئەگەر ئادەم ئۆلتۈرۈش قولۇمدىن كەلسە سېنى ئۆلتۈرمەي قادىر ئاكامنى ئۆلتۈرەمتىم مەن!...

شامۇت ئىشەنچ بىلەن خىرىلدىدى:

— ئەمدى مەن سېنى ئۆلتۈرىمەن!

ساقچىلار جەسەتنىڭ يۈزىدىكى جاراھەتلەرنى قايتا - قايتا رەسىمگە تارتىپ بولۇپ، مۇراتنى يالاپ ئېلىپ ماڭغاندا، ئۇ ئاتىسىنىڭ ھالسىز، بوغۇق پەريادىدىن كېيىن شامۇتنىڭ يەنە «قېنى ئەمدى كىمنى ئۆلتۈرىدىكىن» دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدى.

شامۇت «قەرز بەرگەن» ئىككى يۈز يۈەننىڭ جەسەتنىڭ يېنىدا بولماسلىقى ۋە جەسەتنىڭ جاراھەتلىرى سوراقچىلارنى يېتەرلىك پاكىتلارغا ئىگە قىلدىمۇ، قانداق، بىرىنچى سوراق، ئانچە ئۇزۇنغا سوزۇلمىدى ۋە هازىرغا قەدەر قايتا سوئال - سوراق بولمىدى. سوراقچىلارنىڭ مۇئامىلىسى، مۇراتنىڭ ئۆزىنى ئاقلاپ، ئەھۋالنىڭ ھەقىقىتىنى سۆزلىگىنىگە ئىشەنمەسلىكى، پەرۋاسىزلىقىغا قارىغاندا ئۇلار مۇراتنىڭ «مال - مۈلۈكنى، قەستلەپ ئادەم ئۆلتۈرگەن»لىكىنى جەزملەشتۈرگەندەك قىلاتتى.

مۇشۇنداق جانغا جان ئۇلايدىغان چاغدا جالال شېرىپ ئۇرۇمچىگە يىغىنغا كەتكەنىدى. ئۇ قاچان كېلەر؟ ئۇ خەۋەرسىز ھالدا ياكى ئۇ كەلمەي تۇرۇپ شامۇت مەخ-

سىتىگە يېتەلەرمۇ؟ مۇراتنىڭ ئاتىسى بالا پىراقىدا نەچچە ئۆلۈپ، نەچچە تىرىلىپ بولغاندۇ؟ كۆزلىرى ئېقىپ كەتمەي بارمىدۇ؟...

مۇرات ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە گويا ھاۋا يېتىشمەيۋاتقاندەك بوغۇلۇپ، تولغىنىپ كەتتى. بىر ئىشەك ۋە ھېلىقى ياۋۇز غىچىردىن باشقا گۇۋاھچى بولمىغان سايدىكى بۇ تاسادىپى ئۆلۈم ئىشىدا ئۆزىنىڭ گۇناھسىزلىقىنى ئاقلاپ چىقىشقا كۆزى يەتمىدى.

قورقۇنچلۇق خىياللارنىڭ توختاۋسىز لەرزىگە سېلىشى بىلەن ھالسىراپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بوشاشقان مۇرات كەلمىش قىسمىتىگە چارىسىز بويسۇندىمۇ قانداق، ئۆلۈم سائەتلىرى ئىختىيارسىز كۆز ئالدىغا كېلىشكە باشلىدى:

... ئۇنى شۇنداق بىر كۈنى كامېردىن سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ، ئەسكەرلەر لىققىدە ئۆرە تۇرۇشقان ئېگىز كوزۇپلۇق قارا ماشىنىنىڭ ئالدىغا توختىتىشتى. ماشىنا ناھىيە بازىرىغا يىغىلغان مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ ئىچىدىن ئاستا مېڭىپ ئۆتكەندە، ئۇ ھەر بىر چىرايغا شۇنداق تېز ۋە ئاجايىپ مۇھەببەتكە تولغان ئەلۋىدا نەزەرى بىلەن قاراشقا باشلىدى. مۇرات سەلدەك دەۋرەپ تۇرغان ئادەملەر ئىچىدە كېلىۋاتقان بۇ ماشىنىنى شۇ دەمدە خۇددى ئاشۇ ئادەملەر كۆتۈرۈپ ماڭغان جىنازىدەك ھېس قىلدى. ئۇ بۇرۇن ئادەملەرگە قايسى كۆزدە، قانداق قارىغان بولغىيتتى؟ ھازىر ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئۇنسىز يىغلىشىپ كېلىۋاتقان بوۋاي، مومايلارمۇ، ئادەتتە ئەڭ سەت ھېسابلىنىدىغان ئادەملەرمۇ خۇددى مەرمەردە ياسىلىپ، نۇردا يۇيۇلغاندەك چىرايلىق كۆرۈنمەكتە ئىدى. توپىمۇ، تاشمۇ ھەتتا ئەخلەتلەرمۇ مەھلىيا قىلغۇچى بىر كۈچ بىلەن جىلۋىلىك چاقناۋاتاتتى. ئەنە شۇلارمۇ ئۆز ئوماقلىقى بىلەن مىدىرلاپ، سۆزلەپ، كۈلۈۋاتاتتى. ئۆزى بۇرۇن نەپرەتلەنگەن دۇنيا ئەمدىكى بۇ مەڭگۈلۈك خوشلىشىش دەملىرىدە ئون ئۆمۈر ياشىسىمۇ قانمىغۇدەك دەرىجىدە گۈزەل، ھايات شۇنچىلىك سۆيۈملۈك، ئاجايىپ لەززەتلىك تۇيۇلۇۋاتاتتى. پايانسىز كۆك ئاسمان ئون قۇياش چاقناۋاتقاندەك نۇرانە، ھاۋا خۇددى باھار گۈلىدەك خۇش پۇراق ئىدى. يارەببىي!... مۇشۇنداق دۇنيانى مۇشۇ يېشىدا تاشلاپ كەتمەك...

مۇرات جاھاننى ھەقىقىي كۆزدە كۆرۈپ، ھەقىقىي تۇيغۇدا چۈشىنىپ، ئۇنىڭ مۇكەممەل تەسۋىرىنى پۈتتۈرۈپ بولغۇچە ماشىنا ئۇ كىچىككىدە توشقان قوغلاپ ئوينايدىغان بىر يارداڭلىقنىڭ قاپتىلىغا كېلىپ توختىدى. ئەسكەرلەر ئۇنى ماشىنىدىن دومىلىتىپ چۈشۈرۈپ، يېڭى كولانغان بىر ئازگالنىڭ يېنىدا تىزلىرىغا دەسسەپ تىزلاندۇردى. كەينىدە ئۆزىگە بەتلىنىپ تۇرغان مىلتىقنىڭ قاپقارا ئېغىزىنى يادىغا ئېلىشى ھامان تىترەپ، جالاقلاپ كەتتى. كۆز ئالدى بىردىنلا كۆپۈكلىنىپ، قايناپ تۇرغان قانلىق دېڭىزغا ئايلىنىپ، يەر، ئاسمان قوشۇلۇپ چۆگىلەشكە باشلىدى.

ئوق دۈمبەمنىڭ قايسى يېرىگە تېگىپ، مەيدەمدىن قانچىلىك چوڭلۇقتا قانلىق تۆشۈك ئېچىپ چىقار؟ قانداق يىقىلارمەن؟ ئاخىرقى نەپەسلىرىمنىمۇ ياشاش ئۈچۈن تارتىشىپ قانچىلىك تىپىچەكلەپ، تىرمىشارمەن؟ شۇ پايانسىز تىنىق ئاسمانغا، ۋالىلداپ

تۇرغان قوياشقا ئاخىرقى قېتىم قاردۇالالماي دۇم چۈشكەن پېتى جان ئۈزەرمەنمۇ؟ ئەگەر تېپىچەكلەپ، ئېغىناپ يۈرۈپ ئاخىرقى تىنىقلىرىمدا ئوڭدا بولۇپ قالسام... ئاشۇ ئاسمانغا، ئاشۇ قوياشقا قاراپ تۇرۇپ قانداقمۇ كۆز يۇمارمەن؟...

مۇرات دەھشەتلىك بىر چىرقىراپ ئاڭقىپ قوپۇپ كەتتى. بىراق، بېشى بىر مېتىر ئېگىزلىكتىكى كامېرنىڭ تورۇسىغا جاڭ قىلىپ تەگكەن هامان كۆزلىرىدىن ۋاللىدە ئوت يېنىپ، يەنە ئولتۇرۇپ قالدى - دە، بۇ دەھشەتلىك مەنزىرىنىڭ هازىرچە ئۆزىنىڭ خىيالى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ سەل تىنجىدى. ئۇ هاسىراپ، قاپقارا تەرگە چۈمۈلۈپ كەتكەنىدى. ئۆلۈم مەيدانىغا كۆلۈپ، قاقاقلاپ ماڭغان قەهرىمانلارنى يېزىپ، بالىلىق چاغلىرىدا ئۆزىدە غايىۋانە هۆرمەت، مۇهەببەت ئويغاتقان يازغۇچىلارنى مۇرات شۇ دەمدە ئېتىقسىز ئەپسانە توقۇغۇچىلار قاتارىدا ئەيىبلەپ، هۆۋەيدانىڭ چىنلىق بىلەن سۇغۇرۇلغان مۇنۇ ئىككى مىسرا شېئىرىنى ئالاهىدە ئېتىقاد بىلەن ئېسىگە ئالدى:

كىمكى ئۆلمەستىن بۇرۇن بىلمەس ئۇ جاننىڭ قەدرىنى،
كىم ئۆلەر هالەتكە يەتسە شۇ بىلەر جان قەدرىنى.

خەيرىيەت! مۇراتنىڭ ئۆلۈم هەققىدىكى بۇ قورقۇنچلۇق خىيال خىيالى پېتىچە قېلىۋەردى. جالال شېرىپ يېغىنىدىن كېلىپ ئۇنى گۇناهسىزلىقتا ئاقلاپ، تۈرمىدىن چىقاردى.

## 11

مۇراتنىڭ تۈرمىدىن ئامان - ئېسەن قايتىپ كېلىشى شامۇتنىڭ ئىچىنى قان قىلىۋەتتى. ئۇ خۇددى قاماللاپ باسقان كىيىكى چاڭگىلىدىن قېچىپ كەتكەن بۆركۈتتەك ئەلەمدە قالغانىدى. ئارىدىن بىر هەپتىمۇ ئۆتمەي ئىتىزلاردىن سۇس هور كۆتۈرۈلۈپ، يەر كۆكۈچ ئىس ئىچىدە ئۈزۈۋاتقان باهار تاڭلىرىنىڭ بىرىدە شامۇتقا پۇخانىدىن چىقىۋالغىدەك يەنە بىر باهانە تېپىلدى.

بۇ كۈنلەر ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەۋسۇمنىڭ ئەڭ جىددى پەيتلىرى بولۇپ، ئەزالار كېچە - كۈندۈز دېگۈدەك ئېتىزدا بولاتتى. ئەرلەر تاڭ سۈزۈلمەستە ئەتىگەنلىك «دولقۇن»غا چىقاتتى. كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندىن كېيىن ناشتىلىقى تەييار بولغان ئاياللار ئۆي - ئۆيدىن ئۆگزىلەرگە چىقىپ هەر خىل رەڭدىكى ياغلىقلىرىنى سىلكىپ، لەپىلدىتىشىپ، هوقۇيتۇپ چاقىرىشقاندىن كېيىن ئەرلەر قايتاتتى ۋە ئۇسۇپ قويغان ئۇماچلىرىنى ئالمان - تالمان ئىچىپ بولۇپلا ئاياللىرى بىلەن بىللە چىقىپ ئېتىزدىكى بىر كۈنلۈك ئەمگىكىنى رەسمىي باشلايتتى.

تېرىلغۇ باشلانغاندىن بۇيان شامۇت مۇراتنىڭ يا ئاتىسىغا، يا ئۆزىگە ناشتىلىق تەييارلاشقا رۇخسەت بەرمەي، هەر ئىككىلىسىنى «ئەتىگەنلىك دولقۇن»غا هەيدەپ چىقتى. ئۇلار ناشتىغا باشقىلار بىلەن تەڭ كىرىپ، تەييارلانغان ناشتىلىق بىلەن قورساقنى تويغۇزۇپلا چىقىدىغانلار بىلەن تەڭ چىقىشى لازىم ئىدى. ئەگەر سەللا كېچىكىپ قال -

سا... شۇڭا ئۇلار كېچىدە قوپۇپ نان يېقىۋالاتتى ۋە جالال شىرىپ بەرگەن چايداننىڭ چېيىدا چاي ئىچەتتى. لېكىن بۈگۈن شۇمۇ مۇمكىن بولمىدى. ئۇپۇق ئاقارماستىن تارتىپ ئوغلى بىلەن يانمۇ يان تۇرۇپ كەتمەن چېپىۋاتقان بوۋاي بېلىنى تۈزلەش ئۈچۈن ئۆرە بولۇپ، بىرنەچچە ئۆگزىدىن دەسلەپكى ياغلىقلارنىڭ بەلگە بېرىپ لەپىلدىگىنىنى كۆرۈپ قالدى - دە، مۇراتقا شىۋىرلىدى:

— بالام، ئۆيدە بۈگۈن بىر بۇردىمۇ نان قالماپتىكەن. ناشتىغا قانداق قىلدۇق ئەمدى؟

— چايداندىكى چاينى قازانغا تۆكۈپلا ئۇماچ ئېتەيلى ئاتا.

بوۋاي خەۋپسىردى.

— ھەي، كېچىكىپ قالساقزە...

— ئۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق، ئاچ قورساق كەتمەن چاپالمايمىز، ئاتا.

ئۇلار ئەزالار بىلەن ناشتىغا كىرىپلا ئۇماچقا تۇتۇندى. ئاتا - بالا قازان بېشىدا پەرۋانىدەك پىرقىردى. ھۆل ئوتۇن كۆپكۆك ئىس چىقىرىپ، تۈتەپ كۆيمەيۋاتاتتى. ئۇلار نۆۋەت بىلەن ئوچاققا ئېڭىشىپ پۈۋلەپ، يەلپىدى. كۆزلىرىدىن ئاچچىق ياش ئاقتى. ئۆپكىلىرى قېقىلىپ يۆتەلدى... قازان قاينايدىغاندەك ئەمەس. قاينىمىغان سۇغا چالغان ئۇماچ ئۇن تېتىيتتى. مۇرات شۇنى بىلىپ تۇرۇپمۇ ئەمدىلا ۋىژىلدىغان سۇغا تاسقىمىغان قوناق ئۇنىنى چالدى ۋە بىر ئىككى قاينىتىپلا ئىككى قاچىغا ئۇستى. تېخى ئەمدىلا چىنىغا قوشۇق سېلىپ تۇرۇشىغا چىرايى دەھشەتتىن تېخىمۇ قارايغان شامۇت قوللىرىنى بېلىگە تىرىگەن ھالدا بوسۇغىدا پەيدا بولدى. ئاتا - بالا ئۆيىگە خۇددى يىرتقۇچ يولۋاس كىرىپ كەلگەندەك داڭ قېتىشىپ قالدى.

شامۇت كەلگەن پېتى ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى چىنىلارنى يۇلۇپ ئېلىپ، ئۇماش - پۇماشلىرى بىلەن يەرگە ئاتتى.

— سەن ئىككىڭ نېمە كويدا، باشقىلار نېمە كويدا؟! — دەپ يەلپۈزدەك ھۆكىرەپ كەتتى شامۇت ئىنچىكە بۇرۇتىنى غەلىتە دىڭگايتقان ھالدا، — كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار ئېتىزدا كەتمەن چاپسۇن، سەن ئىككى ئۇنسۇر ئۆيۈڭدە كېكىرىشىپ ئولتۇر، مېڭىشە!

شامۇت ئىككىيلەننى ئۆيىگە قولۇپمۇ سالغۇزماي ئېتىزلىققا ھەيدەپ باردى. مۇرات باشقىلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا قاراپ ئۆزلىرىنىڭ پەقەت بىر تاماكا چېكىمى كېچىككەنلىكىنى پەملىدى. ئۇزۇندىن بېرى ھوشيار قېرى مۈشۈكتەك پايلاپ يۈرگەن شامۇت ئۈچۈن مۇشۇمۇ يېتىپ ئاشاتتى.

— ئۇماشقا تويغۇزدىمەن سەن ئۇنسۇرنى - ئۇماشقا! — ئۇ ۋارقىراپ يۈرۈپ سۆرەمدىكى ئىككى تورپاقنى چىقاردى - دە، بوۋاينى جالاقشىتىپ سىلكىگەن پېتى ئېلىپ كېلىپ بويىنغا بويۇنتۇرۇقنى سالدى.

— تارتە!

بوۋاي كۈچىنىپ نەچچە تۈگۈلۈپ باقتى، ئېغىر سۆرەم بىر قەدەممۇ سىلجىمىدى.

— تارتىمامسەن قېرى كالا!

— توختا!!!

بۇ دەھشەتتىن كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قالغان مۇرات شامۇتنىڭ فولىدىكى سۆگەت تايىقى كۆتۈرۈلۈشىگە ئوتتەك ئېتىلىپ باردى. لېكىن، شۇنداقتىمۇ كېچىككەندى. ئۇ يېتىپ بارغۇچە تارسىلداپ تەگكەن تاياق زەربىدىن بوۋاي سۆرەم تۈۋىگە يىقىلدى.

شامۇت مۇراتقا نۆۋەت ساڭا كەلدى دېگەندەك غالىبلارچە تىكىلىپ تۇراتتى. مۇرات ئاغزىدىن كۆۋۈك كېلىۋاتقان ئاتىسىنى قىرغا يۆلەپ ياتقۇزۇپ قويۇپ سۆرەمگە ئۆزى كىردى. بۇ چاغدا مۇشۇ ئەتراپتا ئىشلەۋاتقان قوشنا ئەترەتنىڭ ئەزالىرىمۇ قىر ئۈستىگە چىقىپ، بۇ ۋەھشىيانە مەنزىرىگە جىممىدە قارىشىپ تۇراتتى.



پېشانىسى يەرگە تەگكۈدەك ئېگىشكەن مۇرات سۆرەمنىڭ ئالدىدا، ساۋاش پەيتىنى كۈتۈپ، تاياق تۇتقان شامۇت ئۇنىڭ كەينىدە كەلمەكتە ئىدى... مۇراتنىڭ كۆز ئالمىسى چەكچىيىپ، چاچراپ كېتىدىغاندەك پولتىيىپ چىقتى. كۆزىنىڭ ئاق - قارىسى قان قويغاندەك قىزىرىپ كەتتى. گۆرەنلىرى كۆپۈپ، پەيلىرى ئارقاندەك تۈپتۈز تارتىشىپ كەتتى. ھەر ھالدا ياشلىقنىڭ كۈچىمۇ ياكى غەزەپنىڭمۇ، ئىشقىلىپ، ئۇ شۇنچە ئېغىر سۆرەمنى قىر بېشىدا قارىشىپ تۇرغان باشقا ئەزالارنىلا ئەمەس، شامۇتنىمۇ تاڭ قالدۇرۇپ ۋە ئۇنىڭغا ئۇرۇش ئىمكانىيىتى بەرمەي، ئۈچ مولۇق يېتىزدا ئىككى ئايلاندۇرۇپ چىقتى.

— توختا! — تاقەتسىزلەنگەن شامۇت ۋارقىرىدى، — سۆرەم داڭگاللارنى باسالمايۋاتىدۇ.

— ئەنسىمە، ئۈستىگە چىقىپ، دەسسىگىن!

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

— ئالدىرىما، دەسسەيدىغان نەرسە بار!

مۇزدەك كۈلۈمسىرىگەن شامۇت سۇ ئېقىۋاتقان ئېرىقنىڭ قاپتىلىدىن ئىككى كەتمەن چىم قومۇرۇپ كېلىپ سۆرەمگە باستى.

— ئەمدى تارتە!

مۇرات پۈرژىنىدەك ئۇزىراپ تۈگۈلۈپ باقتى. ئارقان تارىسلىداپ، تاناپتەك سوزۇلۇپ كەتتى. لېكىن ئۇنىڭ سۆرەمنى ئەمدى سىلجىتىشقا نىھايەت كۈچى قالمىدى.

— تارتە قاشاڭ ئېشەك! چۇھ دېسە كالىمۇ ماڭىدۇ!

مۇرات شۇ چاغدا خۇددى تۈندىكى قۇشنىڭ ھۇلقىنىدەك دەھشەتلىك بىر ئاۋازدا ۋارقىراپ، ياۋايىلارچە شىددەتتە شامۇتقا ئېتىلدى.

شامۇتنىڭ ئۇرۇشقا تەمشىلىپ كۆتۈرۈلگەن قولى تاياق بىلەن قوشۇلۇپ ھاۋادا پۇلاڭلىدى. ئۆزى گويا ھاۋا ئىلاڭگۇغا چىقىپ قالغاندەك مۇئەللەقتە بىر پەس لەرزان پىرىلدىدى...

مۇرات ئۇنى ئەنە شۇنداق كۆتۈرۈپ ئايلاندۇرۇپ كېلىپ، يېڭى تېرىلغان ئاختىمىلىقتا بېشىچە ئۇردى. كالىسى زەي توپىغا بويىنىغىچە پېتىپ چۆكۈپ كەتكەن شامۇت خۇددى بىرسى يەرگە قېقىپ قويغاندەك ھاۋا تاپان تۇرۇپ قالغان ھالدا توپىنىڭ ئاستىدىن كۆمۈلۈپ قالغان ئادەمدەك بوغۇق ۋارقىرىۋەتتى.

قول چۇماقلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، كاللەك-كاللەك لاي تۆكۈرگەن شامۇت ئەسىدى ئۆزىگە قاراپ تىك تۇرغان مۇراتنى ھېلىقى كۆك تاياق بىلەن غۇلاچ-غۇلاچ ساۋاشقا باشلىدى. قېچىشتىن يىقىلىشنى مۇناسىپ كۆرۈپ، بەدەنلىرى يول-يول تىلىنغان بالا ئاخىرى تولغىنىپ-تولغىنىپ بېرىپ ئاتىسىنىڭ يېنىدا يېتىپ قالدى.

* * *

كۆپ ياشىغان تەجرىبىلىك بوۋاي ئوغلىنىڭ جاراھەتلىرىنى تاغ گىياھلىرىدا ئۆزى ياسىغان مەلھەملەرنى تېڭىپ ۋە كۆز ياشلىرىنى تېمىتىپ يۈرۈپ ئاخىرى ساقايتىۋالدى. ئۇ بىر كۈنى تۈن تەڭ بولغاندا خۇددى ئۆزىدەكلا ئۇيقۇسى كەلمەي تورۇسقا قاراپ ياتقان مۇراتنىڭ بېشىنى سىلىدى، ئۇنى ئولتۇرغۇزدى ۋە باغرىغا تارتىپ قۇچاقلاپ بىر ھازا جۇقۇلداپ يىغلىدى.

— بالام، جېنىم بالام ... — دېدى بوۋاي ئۇنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلىغان ھالدا ھېقىقداپ تۇرۇپ، — مېنى كەچۈرۈڭ، مەن بەختىڭىزنى قارا قىلدىم، بالام! سىزگە تۈزۈك ئاتا بولالمىدىم، ئالدىڭىزدا ھەر ئىككى دۇنيالىق قەرزدارمەن...

— ۋاي ئاتا! نېمە دەيدىغانسىز؟ — دېدى مۇرات ئاتىسىنىڭ غىژىلداپ تۇرغان ئۇرۇق كۆكسىگە چاپلىشىپ تۇرۇپ، — بەلكىم بۇ چاققىچە بىر نەچچە قېتىم بىلىپ-بىلمەي ئالدىڭىزدا باللىق قىلغاندىمەن، سۇنۇق دىلىڭىزنى رەنجىتكەندىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە

قېرىپ مۇشۇ ھالغا كەلگىنىڭىزدە تۇزۇكرەك باقالمىدىم. شۇڭا ئەپۇنى سىز مەندىن ئەمەس، ئەلبەتتە مەن سىزدىن سورىشىم كېرەك، ئاتا! ...

— جېنىم بالام، مەن رازى، سىزدىن ھەر ئىككى دۇنيادا رازى، ئاتا رازى - خۇدا رازى، بالام!... — ئەمدى بوۋاينىڭ تۈكسۇشلىرى سەل بېسىلدى، — ئاللادىن بەخت - پېشانىڭىزنى تىلەپ ئىسمىڭىزنى مۇرات قويغانتىم. بىراق «ئېتىمنى بەختىيار قويدۇم، خۇدا بەرمەيدۇ بەختىمنى» دېگەندەك ئىش بولۇۋاتىدۇ، ھەر بىر ئاچ قېلىپ تولغانسىڭىز يۈرەك - باغرىمنى يىلان، چايان چېقىپ كېتىدۇ، بالام. دېمەتلىكلىرىڭىز ئۆيلەندى. سىزچۇ؟... ھېلىغىچە ئۆيلىيەلمىدىم. بىرسىنىڭ ئوغلىنى ئۆيلىگەنلىكىنى ئاڭلىسام شۇئان - باغرىمغا ئوت تۇتىشىپ، مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىمەن. ئەدناسى ھېلىغىچە ئىچىڭىزدىن چىقىرىپ بىر كۆلەلمىدىڭىز. جېنىم بالام، نېمە ئامالىم بار؟ مەن قانداق قىلاي؟ جاھاندا مەندەكمۇ بەختسىز ئاتا بولامدۇ؟ لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن خۇداغا مىڭ قاتلىق شۈكرى - سانا كەلتۈرۈپ، كۆزۈمنى ئاجايىپ بەختىيار ئاتىمۇ چاغلايمەن. مەن سىزگە، سىزدىكى چىدام - تاقەتكە، كۈچ - غەيرەتكە، ھوش، ئەقىل، ئىنساپ - دىيانەتكە ھەيرانمەن، بالام. رەھمەت! يىگىتكەنسىز جېنىم بالام. دەسلەپتە سىزنى بۇ كۈنلەرگە چىدىماي يىغلاپ قاقشامدىكىن، ماڭا تاپا - تەنە قىلامدىكىن دەپ بەك ئەنسىرىگەنتىم. ئەمما چىدىدىڭىز. سىز چىدىغانغا باشقا ھەر قانداق ئالتۇن باش ئوغۇلمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. يۈز مىڭ شۈكرىكىم، خۇدايىم ماڭا سىزدەك بىر يىگىتكە ئاتا بولۇشنى نېسىپ قىلغانىكەن. كېيىن بىلەرسىز، ئەزاتى ئۈچۈن نۇقسانسىز بىر پەرزەنتكە ئاتا بولماقتىن ئارتۇق بەخت، ردزالىق يوق، بالام. جېنىم بالام... ئەمدى يەنە بىر غەيرەت قىلىڭ!

ئاتىسىنىڭ بۇ گېپىگە سەل ھەيران قالغان مۇرات ئۇنىڭ باغرىدىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ بېشىنى كۆتۈردى. بوۋاي قېرى تېرەكنىڭ قوۋزاقلىرىدەك ئالقانلىرىدا مۇراتنىڭ يۈزىنى ئۆزىگە قاراتتى. بۇ قاراڭغۇ غېرىبخانىدا مۆكۈدىشىپ ئولتۇرغان ئاتا - بالىغا كىچىككىنە رۇجەكتىن مۆكۈلىنىپ قاراپ تۇرغان ئاي ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى يورۇتۇپ تۇراتتى.

— بالام، سىز ئۆيلىنىڭ! — دېدى بوۋاي قەتئىي قارار قىلغان ئاھاڭدا.

مۇراتنىڭ يۈرىكى شۇئان چۇغ تەگكەندەك پىژ قىلىپ قالدى - دە، پۈتۈن ۋۇجۇدى قىزىپ كەتتى. ياشلىقنىڭ قايناپ تۇرغان قانلىرى تومۇرلىرىدا يەنىمۇ ئۆركەشلىدى. بىراق ... ئۇ ئاتىسىنىڭ كۆزلىرىگە ئەجەبلىنىپ قارىدى.

— ھازىر مۇمكىنمۇ، ئاتا؟

— يەنە بىر غەيرەت قىلىڭ دېگىنىم دەل مۇشۇ گەپ. مۇمكىنچىلىكىنى ئۆزىمىز يارىتايلى، بالام.

— قانداق قىلىپ؟

— ماڭا قارىماي يىراقلارغا كېتىڭ!

— ياق، ئاتا. سىزنى تاشلاپ قانداق كېتىمەن؟ ئۆلسەكمۇ، تىرىلسەكمۇ بىللە كۆرىمىز.

— سەزمەيۋاتامسىز، بالام، شامۇت بەخت ـ ئىقبالىڭىزغىلا ئەمەس، جېنىڭىزغا قەست قىلىۋاتىدۇ. مۇشۇ قېتىمقى ھايۋان قاتارىدا ھاقارەتلىنىپ سۆرەمگە قېتىلىشىمىزمۇ، تاياق ئاستىدا قېلىشىمىزمۇ بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا ئۆيدە بىر ئايال كىشىنىڭ يوقلۇقىدىن بولدى. ئۆيلىنىڭ دېسەم كۆزۈمگە مەڭدەپ قاراپ قالغانلىقىڭىزنى چۈشىنىمەن. دەرۋەقە، بىزنىڭ ھازىر بىر كىشىنىڭ ئالدىغا سىز ئۈچۈن قىز سوراپ بارغۇچىلىكىمىز يوق. باشقا يۇرتلارغا چىقىپ چىشىڭىزنى چىشلەپ ئىشلەڭ. ئاز ـ تولا پۇل تېپىپ كېلەرسىز. بىزگە ھازىر بىر ئايال كىشى تېپىشتىن باشقا يول، باشقا پەرھىز يوق. كۆڭلىمىز بىر تەرەپتىن بولسىمۇ خاتىرجەم بولۇپ تۇرسۇن. بېلىڭىزنى چىڭ باغلاپ ئەتىلا خۇدا دەپ يولغا چىقىڭ، كۆزۈمنىڭ ئوچۇق چېغىدا سىزنى ئۆيلەپ ئاتىلىق قەرزىمنى ئادا قىلاي...

— ئاتا، دېگەنلىرىڭىزغۇ راست، لېكىن مەن چىقىپ كەتسەم سىزنى تېخىمۇ ئازابلايدۇ بۇ خەق!

— مەنمۇ بىلىمەن! — بوۋاي كەسكىن قول شىلتىدى، — بىراق جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولمايدۇ، بالام، گېپىمىز شۇ بولسۇن.

12

مۇرات يولغا چىققان كېچىسى ئايمۇ بۇلۇت كەينىگە ئۆتۈۋالدى. ئوغلىنىڭ سەپەرگە ئاق يول تىلەپ، يىغلاپ ـ يىغلاپ دۇئا قىلىپ، خۇپتەن نامىزىدىن چۈشكەن بوۋاي مۇراتنى يېزىنىڭ چېتىگىچە ئۇزىتىپ كەلدى. ئۇلار مۇدۇرۇپ يۈرۈپ نەچچە يارداڭلىق ۋە ئېتىز ـ ئېرىقلاردىن ئۆتۈپ، چوڭ يولغا يېقىن بىر يەردە توختاشتى. ئايرىلىشنىڭ پىغانى شۇنچە غەيرەتلىك بوۋاينىڭ كۆكسىدە يەنە ئىختىيارسىز ياش كەلكۈنلىرىنى قوزغىدى. ئۇ قولىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان يالغۇز ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ يامغۇردەك ياش تۆكتى، شۇ دەمدە بوۋاينىڭ كۆزلىرى ئەمەس، تىترەپ تۇرغان ئاپئاق ساقاللىرى يىغلاۋاتاتتى. ئۇ ئوغلىنىڭ يۈزىنى ئۆزىگە قارىتىپ ئۇنىڭ چىرايىغا ئۇنتۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەۋاتقاندەك ياشقا تولۇپ پارىلداپ كەتكەن كۆزلىرىدە بىر ھازا سىنچىلاپ قارىدى. ئاندىن ئۆكسۈپ تۇرۇپ كىمنىڭدۇر ئىككى مىسرا شېئىرىنى ئوقۇدى:

سەن ئەزىز ئەتكەن كىشىنى خار ئېتەلمەس ھېچكىشى،
سەن ئەگەر خار ئەيلىسەڭ، ھەر جايغا بارسا خاردۇر.

— ئاللاغا... تا ... پشۇردۇم، با ... لام. خۇدا ... ئەزىز قىلار، خار ... قىلماس ... ئەمدى مېڭىڭ!...

مۇرات ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرلەپ كېلىۋاتقان يىغىنى زورىغا بېسىپ، ئاتىسىنىڭ قۇچىقىدىن خۇددى قېتىشقان جاراھەتتىكى لاتىنى سويغاندەك بىر ئازابتا ئايرىلدى. ئۇ چەپدەس قەدەملەر بىلەن ئايسىز كېچىنىڭ قارا قوينىغا كىرىپ كەتتى.

ئۇ ئەقلىنى تاپقاندىن تارتىپ تاپانلىرىنى كۆيدۈرۈپ، بەدىنىنى چېقىپ، يۈرىكىنى ئامبۇردەك قىسىپ كەلگەن بۇ يۇرت ئەمدىلىكتە بولسا ئۇ تاشلاپ مېڭىپ، كەينىدە قې-

لىۋاتقان چاغدا خۇددى ئانا مېھرىدەك مەھكەم، نازۇك رىشتە بىلەن، كەچكىلى بولمايـ-
دىغان بىر تاتلىق تۇيغۇ بىلەن ئارقىسىغا تارتماقتا ئىدى. مۇرات يۇرتتىن چىققان ھامان
گويا ئىللىق سۇدا يۇيۇنۇۋاتقاندەك يەڭگىللىشىپ قالارمەن، قەلبىمدىكى تۇمانلار تارقاپ،
ھەممە نەرسە نۇرلىنىپ كېتەر، دەپ ئويلىغانىدى، تەۋۋا، ھازىر ئۇنداق بولمىدى، ئاتا-
بوۋىسى ياشاپ ئۆتكەنلىكتىنمۇ قانداق، ئۆزىنى شۇ قەدەر جاپا-مۇشەققەتلەرنىڭ ئىچىگە
تاشلاپ، ئۆگەيلىگەندەك چوڭ قىلغان بۇ يۇرتقا بولەكچە بىر مۇھەببىتى بارلىقىنى ئۇ
تۇنجى قېتىم سەزدى. ئۆزىنى پايانسىز ئاسماندا قاڭقىپ، مەنزىلسىز كېتىۋاتقان يالغۇز
تۇرنىدەك ھېس قىلدى.

ھازىرقى بۇ تىنچ نەمخۇش باھار كېچىسىدە يەرنى يېرىپ چىقىۋاتقان گىياھلار-
نىڭ غوللىرىدىكى ھايات شىرنىسى پۇراپ تۇرغان، يازلىقى بولسا ئەتلەستەك رەڭمۇرەڭ
جۇلالىنىپ كېتىدىغان بۇ گۈزەل داللار، يەنە ئاز كەم بىر ھەپتىدىن كېيىن ھەۋپىدە
چېچەكلەپ كېتىدىغان ئۆرۈكلۈك باغلار، شىۋاق ۋە قىياقلار يەلپۈنۈپ، قېنىق يېشىل
رەڭگە كىرىدىغان قىرلار، ئىپەكتەك يۇمشاق، نېپىز تۇمان ئاستىدىكى ئېگىز تاغلار... ئاھ،
يەنە بىر كۆرگۈچە بۇلاردىن جۇدا بولماق...

ئۇ بىر سايازلىقتىن دۆڭگە چىقىپ ئالدىغا سوزغان قولىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدىغان
بۇ قاراڭغۇ كېچىدە ئۆزى كەلگەن تەرەپكە ئۇزاق قارىدى.

ئۇنىڭ ۋاقتى ۋە مەنزىلى نامەلۇم بولغان بۇ سەپەر ئۇچۇن قىلغان جابدۇقى
تايىنلىق - تولىمۇ يەڭگىل ئىدى. شۇنچە قاراشتۇرۇپ، ئويلىنىپمۇ ئۆيدىن بىر كونا پاخـ-
تىلىق چاپان بىلەن سەككىز جىڭدەك قوناق ئۇنىدىن باشقا مۇۋاپىق نەرسە تاپالمىدى،
مۇرات پاختىلىق چاپاننى كىيىپ، ئۇن خالتىسىنى قولتۇقىغا قىسىپ ھويلىغا چىققاندا،
تېشىلگەن يەرلىرىنى ئۆزلىرى قوغۇشۇندا بىر نەچچە قېتىم يەملىگەن بىر كونا چاشكىنى
ئانىسى «يولدا چاي قايىنتىپ ئىچەرسىز» دەپ بېلىگە ئېسىپ قويغانىدى. تەجرىبە-
لىك بوۋاينىڭ دېگىنى راست چىقتى، چاشكا ھەقىقەتەن ئەسقاتتى. مۇرات قورسىقى
ئاچقاندا داللاردا گۈلخان يېقىپ، ئۇنىڭدا ئۇماش ئېتىپ ئىچتى. بەزىدە چوغنىڭ ئاستىغا
كۆمەچ كۆمۈپ بېلىگە تۇگۈۋالدى. ئۇ باشقا ناھىيىلەرنىڭ دائىرىسىگە ئۆتكەندىمۇ
«يىغىۋېلىش» قا كىرىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، كۈندۈزى بۇلۇڭ-پۇچقاق، داللاردا ئۇخـ-
لىدى، كېچىلىرىمۇ يولغا كىرمەي ماڭدى. ھەر بىر ئايرىلىش، بۇرۇلۇشلاردا توختاپ،
ئۇچرىغان يولۇچىلاردىن سوراپ يۈرۈپ، ئاخىرى بايىنىڭ قارا باغ دېگەن يېرىگە يېتىپ
كەلدى.

ھېلىغىچە باشقا يۇرتلارغا چىقىپ باقمىغان مۇرات بىرمۇ تونۇشى بولمىغان بۇ يېر-
زىدا ياتسىراپ، خېلىلا گاڭگىراپ قالدى. تاغلىرىدىن يىل بويى قار كەتمەيدىغان بۇ
يېزىنىڭ يەر شارائىتىمۇ، ئادەملىرىنىڭ مىجەز خۇلقىمۇ، ئۆرپ-ئادەتلىرىمۇ باشقىچە تۇ-
يۇلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلارنىڭ پەرۋاسىزلىقىچۇ! ئۇنىڭ يۇرتىدا ئادەملەر مەھەللىسىگە
يېڭىدىن كەلگەن بىر قۇشقاچنىمۇ دەرھال بىلىۋېلىپ، ئۇنى باشقىچە نەزەر بىلەن قارشى
ئالاتتى. ئۆز ھەلەكچىلىكىدە قالغان بۇ بىغەم تاغلىقلار بىر ھەپتىدىن بۇيان مەھەللىمىز

www.uyghurkitap.com

مەھەللە كېزىپ، ئۆزلىرىگە تەلمۈرۈپ يۈرگەن بۇ مۇساپىر بالىنى «كىمسەن؟ نەدىن كەلدىڭ؟» دەپمۇ قويمىدى، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا مۇرات بىر كىشىنىڭ ئۆيىگە ئۆزلۈكىدىن ئۇسۇپ كىرەلەيتتىمۇ؟ شۇڭا ئۇ شىۋىرغانلىق كېچىلەرنى بەزىدە ئېتىزلاردىكى تاشلانغان نەم سامان دۆۋىلىرىنىڭ ئىچىدە ئۆتكۈزسە، بەزىدە تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ، ئەترەتنىڭ قىغ ھىدى بىلەن ئىسسىغان كالا قوتانلىرىدا ئۆتكۈزدى. ئەڭ يامان بولغىنى ئۇنىڭغا ئاخىرى ئاچلىق تەھدىت سېلىشقا باشلىدى. ئۇ ئادەم بارمايدىغان بىر ئېدىرلىقنىڭ ئارىسىغا بېرىپ ئۇن خالتىسىنى ئۆرۈپ، قېقىشتۇرۇپ يۈرۈپ ئاخىرقى قېتىم بىر ئوماچ ئېتىپ ئىچتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى كۈن ئاچ يۈرۈپ بولالمىغاندا كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كادىر چىرايلىق بىر ئادەمنى توسۇپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالىنى ۋە ھازىر ئىش ئىزدەپ يۈرگەنلىكىنى ئېيتتى.

ئۇ كىشى مۇراتنىڭ باش - ئايىغىغا ئوبدان زەن سېلىۋالغاندىن كېيىن سورىدى:

— ھۈنىرىڭىز بارمۇ ئوكام؟

شېئىر يازالايمەن دېگىلى بولامتى؟ يۈرىكى جىغ قىلغان مۇرات ئۇ كىشىدىن قايتۇرۇپ سورىدى:

— قانداق ھۈنەر دەيسىز ئاكا؟

— ئوغۇل بالىغا ھۈنەر ئازمۇ ئوكام؟ مەسىلەن، ياغاچچىلىق قىلالامسىز؟

— ياق.

— ئەمىسە موزدوزلۇق قىلالامسىز؟

— ياق.

— كىگىز - پىگىزمۇ قويالامسىز؟

— ......

مۇرات ئۆزىنىڭ تولىمۇ لاياقەتسىزلىكىنى ھېس قىلىپ، سۆزلىيەلمىدى.

— ئۇنداقتا كەتمەنچىمەن دەڭا! — دېدى ئۇ كىشى بېشىنى قاشلاپ تۇرۇپ، — بىزنىڭ ئىدارىدىكىلەر تۆكتۈرۈۋىدىغان ئاتمىش مىڭ كېسەك بارىدى، ئوكام. بىراق، ھازىر ۋاقتى ئەمەستە!

كۆزلىرى ئۈمىدتىن چاقناپ كەتكەن مۇرات ئالدىراپ كەتتى.

— نېمىشقا ... نېمىشقا ۋاقتى ئەمەس، ئاكا؟

— ئوكام بۇ يەردە بەشىنچى ئاينى كۆرمەي تۇرۇپ لاي تۇتقىلى بولمايدۇ. كۆرمەيۋاتامسىز، ئۆگزىلىرىمىزدىن تېخى قار كەتمىدى.

ئۇ كىشى كېتىشكە تەمشەلدى.

— جېنىم ئاكا، توختىڭا!

مۇرات ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ توسۇۋالدى. ئۆزىنىڭ ئۇنى «جېنىم ئاكا» دېگىنى ئۇچۇن ئەمەس، شۇ سۆزنىڭ كەينىدىنلا تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان ۋە ھازىر دېمىسە بولمايدىغان بىر سۆز ئۇچۇن خورلىنىپ، ۋۇجۇدىنىڭ كۆيۈشۈپ كەتكەنلىكىنى سەزدى، شۇنداقتىمۇ چىشلىرىنىڭ ئارىسىدا ماراپ تۇرغان ھېلىقى سۆزنى ئەقلىگە بويسۇنماي قالغان تىل ئېيتىپ قويدى.

— ئاكا! مەن... ئىككى كۈن بولدى ئاچ قالدىم.

— ئاچ قالدىم؟!

ئۇ كىشى ئېچىنغان بىر نەزەردە مۇراتنىڭ ئۇستىبېشىغا يەنە بىر قاراپ چىقتى.

— ھەئە، شۇنداق بولدى ئاكا، تونۇمىغان كىشىنىڭ ئۆيىگە كىرىش تەسكەن. بىر ھەپتىدىن بۇيان ئۆزۈمگە لايىق بىرەر ئىش تاپالمىدىم. بۇ يەرگە كېلىپ تۇنجى قېتىم گەپلەشكەن ۋە ھالىمنى ئېيتقان ئادىمىم سىز بولدىڭىز. سوغۇق بولسىمۇ مەيلى، ئاكا، ئاشۇ ئاتمىش مىڭ كېسەكنى مەن تۆكۈپ بېرەي.

ھېلىقى ئادەم مۇراتنىڭ «ئىككى كۈن بولدى ئاچ قالدىم» دېگىنىنى ئاڭلاپ «ئەمدى چوقۇم مەندىن نان ياكى پۇل تىلەيدۇ» دەپ ئويلىغانىدى. ئەكسىچە ئالدىدا تۇرغان بۇ بالا ئۇنىڭدىن نان ئەمەس، بەلكى ئەمگەك سورىدى. چاقماق تېزلىكىدىكى بىر ياخشى تەسىراتتىن دەرھال يۈزى ۋىللىدە قىزارغان ئۇ كىشى مۇراتنى باشلاپ كەتتى.

— يۈرۈڭ، ئۇكام.

شۇ كۈنىلا مەلۇم بولدىكى، بۇ كىشى مۇشۇ يېزىدىكى بىر مەكتەپنىڭ ئىلمى مۇدىرى بولۇپ، ئىسمى جېلىل ئىكەن، كېسەكمۇ دەل مۇشۇ مەكتەپكە لازىم ئىكەن.

مۇرات جېلىل ئەپەندىنىڭ ئۆيىدە قايتا-قايتا تەكەللۇپ بىلەن تويۇپ بىر چاي ئىچىۋالغاندىن كېيىن، كېسەك تۆكۈدىغان مەيداننىڭ يەر شارائىتى ۋە كېسەكنىڭ نەرخى-باھاسى بىلەن ھېسابلىشىپ يۈرمەي، شۇ كۈنىلا ئىشقا چۈشتى. ئوي-دۆڭلەرنى تۈزلىدى، سۇ كېلىدىغان ئېرىق چاپتى ۋە كەچكە يېقىن لاي چىلىدى، ئاندىن مەكتەپنىڭ تەنتەربىيە سايمانلىرى ساقلىنىدىغان بىر ئۆيدە يېتىپ قالدى. كاتتا بىر ئامەتكە ئۇچرىغاندەك شادلانغان مۇرات ئەتە باشلىنىدىغان بۇ جاپالىق ئەمگەككە ئالدىراپ، ئۇخلىيالماستىن تاڭنى كۈتتى. سۈبھى كۆتۈرۈلگەندە قوپۇپ، لاي چىقىرىش ئۈچۈن كارىزغا كەتمەن سېلىۋىدى، جاڭ قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ يۈزىگە مۇز چاچراپ چىقتى. شۇ دەمدە جاڭ قىلغان بۇ ئاۋاز كارىزدىكى توڭلاپ كەتكەن لايدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا ئۆز يۈرىكىدىن چىققاندەك تۇيۇلدى؛ پېشانىسىدىن بۇژۇلداپ تەر قۇيۇلدى؛ ئۈمىدسىزلىنىپ، كارىز بېشىدا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. كۆز ئالدىغا ئۆزىگە ئىشىنىپ، ئۈمىد بىلەن ئۇزىتىپ قالغان ئاتىسى كەلدى. ئۇ بوۋاي ھازىر يىراقلاردىن خۇددى خىزىر سىياقىدا قاراپ «قېنى ئەمدى قانداق قىلىسەنكىن» دەپ سىناپ تۇرغاندەك بىلىندى. بۇ ئەسلىمە ۋە خىيالەن خىجىللىق ئۇنىڭغا دەرھال ئىرادە ۋە ئەقىل بېغىشلىدى. ئۇ شۇئان ئۆزى ياتقان ئۆيدىن بىر تاغار تېپىپ چىقىپ، بىر ياقلاردىن سامان تېپىپ كەلدى ۋە سامانني كارىزنىڭ ئىچىگە تۆكۈپ ئوت قويدى. خەيرىيەت! كارىزدىكى مۇز ئەمدى ھور چىقىپ تۇرغان ماچ-ماچ لايغا ئايلاندى. بىراق، تۆكۈلگەن كېسەكلەر شۇنچە توق، ئىسكەتلىك بولۇشىغا قارىماي رەڭگى كۆمۈردەك قاپ-قارا بولۇپ چىقتى. ئۆزلىرى تېخى پاختىلىق كىيىملىرىنى سالالماي يۈرگەن بىر چاغدا ئىشتاننى تىزىغىچە تۈرۈپ قويۇپ كېسەك تۆكۈۋاتقان بۇ غەلىتە كېسەكچىنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن كارىز بېشىغا مەكتەپ-

www.uyghurkitap.com

نىڭ ھەممە ئوقۇتقۇچىلىرى كەلگەنىدى. ئۇلار دەسلەپتە كېسەكلەرنىڭ رەڭگىگە قاراپ ياراتمىغانىدەك تاماقلىرىنى چىكىملىدىتىشتى - يۇ، مۇراتنىڭ ئۆزلىرىگە شەپقەت تىلەپ، مۆلۈل-دەپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشىپ كېتىپ قېلىشتى.

بۇ يەردىمۇ بارا - بارا ھاۋا ئىللىدى. مۇرات قۇرۇغان كېسەكلەردىن پاكار تام توسۇپ، ئۈستىنى شاخ - شۇمبىلاردا يېپىپ، كارىز بېشىغا كۆچۈپ چىقتى. ئايدىڭلاردىمۇ ئىشلەپ يۈرۈپ - ئاتمىش مىڭ كېسەكنى ئالتىنچى ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا تۆكۈپ تۈگەتتى.

ئۇ بۇ كۈنلەردە ئاجايىپ خۇشال ئىدى. كۆزلىرىمۇ بۇ يەردە تۇرۇپ ئۆز يۇرتىنى، ئاتىسىنى كۆرەلىگۈدەك دەرىجىدە نۇرلىنىپ كەتتى، ۋۇجۇدىدا ئازراقمۇ ھارغىنلىق ھېس قىلمايتتى. ئۆزىنى يەردە ئەمەس، گويا ئاتقان پاختىدەك ئاپئاق بۇلۇتلار ئارىسىدا لەر-زان ئۇچۇپ يۈرگەندەك ھېس قىلاتتى. ھېلىغىچە شۇنچە ئىشلەپ بەش يۈەن پۇل تۇتۇپ باقمىغان مۇرات ئەمدى ئۆزىنىڭ بەش يۈز يۈەندىن ئارتۇقراق پۇلنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالغانلىقىنى تەساۋۋۇر قىلالمايۋاتاتتى، بەش يۈز يۈەن ھە! ياپىرىم!... شۇنچە پۇلنى بىردىن سانىماق، ساناۋېتىپ قوللىرىم تىترىمەسمۇ؟ قوينۇمغا سالغاندا بەدەنلىرىم كۆيمەسمۇ؟...

ئۇ شۇلارنى ئويلاۋېتىپ ئەتراپىدىكى ئەمگەك مېۋىلىرىگە مەمنۇنىيەت بىلەن كۆز تاشلايتتى. نەچچە قۇر ئېگىزلىكتە رەت - رەت تىزىلىپ، قۇرۇپ جاڭىلداپ تۇرغان كې-سەكلەر ئۇنىڭغا گويا كىچىك چاغلىرىدا قانماي ئوينايدىغان ئويۇنچۇقلىرىدەك مېھرىلىك ۋە بىر - بىرىدىن چىرايلىق كۆرۈنەتتى. قارا تۇپراقتىن مۇشۇنداق شەكىلگە كېلىپ، تىزىقتىقا چىققۇچە بولغان ئارىلىقتا قولىدىن نەچچە قېتىم ئۆتكەن بۇ ئاتمىش مىڭ كېسەكنىڭ ھەر بىرى ئۇنىڭغا شۇنچىلىك تونۇش، شۇنچىلىك قەدىردان ئىدى.

ئۇ نېمىشقا خۇشال بولمىسۇن؟ شۇنچە پۇلنى بېلىگە تۈگۈپ ئۆيىگە بارغاندا يىغلاپ قالغان ئاتىسى ئۇنى «يارايسىز پالۋېنىم!» دەپ باغرىغا باسىدۇ، ئاتىلىق سۆيۈنۈشتە كۈ-لىدۇ. ئەمدى ئۆزىنىڭمۇ تەڭتۇشلىرى قاتارى ئايالى بولىدۇ. توي كۈنى چىرايى گۈل-دەك ئېچىلغان ئاتىسى ئاق بۆكىنى قىرلاپ، ھاسىسىنى پۇلاڭلىتىپ، ھويلىدا ئوغلى شەرە-پىگە ئۇسسۇل ئوينايدۇ. يۈتىنىڭ ئۇچىغا قاراپ تۇرغان رومال ئاستىدىكى كېلىنىڭ پېشا-نىسىگە مۇراتنىڭ ئاپىسى ئورنىدا سۆيۈپ قويىدۇ. ئۇ ئەمدى تاماق ئۈستىگە ئاغىنىلىرى كىرىپ قالغاندا بۇرۇنقىدەك خىجالەتچىلىكتە قوللىرى تىترەپ، چۆمۈچ ئۇچۇن تۇۋاقنى، تاۋاق ئۇچۇن قاپاقنى تۇتۇپ يۈرمەي، داستىخان ئۈستىدە دوستلىرى بىلەن خاتىرجەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرىدۇ. يەيدىغىنى ئىلگىرىكىدەك كۆل كۆمەچ ئەمەس، بەلكى ئايال كې-شىنىڭ قولى تەگكەن چىرايلىق ۋە تەملىك تونۇرنىڭ نېنى بولىدۇ. ھەممىدىن ئەۋزىلى ئاتىسىنىڭ ئەمدى ھەسەل ھەرىسىدەك گۈڭراپ، چىملىقتىكى بۇلاق كۆزىدەك ۋىلىقلاپ كۈلۈپ بېرىدىغان بۇدرۇقىنە نەۋرىسى بولىدۇ...

بىراق، شۇنداق بالىنى كىم تۇغۇپ بېرىدۇ؟!...

پۇل شۇنداق نەرسە! ئۇ ئادەمنى زېرەكلەشتۈرىدۇ. بۇرۇن ئويلىمىغان نەرسىلەرنى ئويلاندۇرۇپ، ئارزۇ قىلمىغان نەرسىلەرنى ئارزۇ قىلدۇرىدۇ. ئۇنىڭغا ئىگە بولغان كىشىنىڭ خىيالى، تەپەككۇرى ۋە ياشاش پىلانلىرىلا ئەمەس، ئۆزىمۇ قاناتلىنىدۇ. ھەتتا رېئال دۇنيانىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىدۇ. ئەمما، ھازىر مۇراتنىڭ ئويلىغىنى ئۆزىگە مۇناسىپ ئاددىي بىر دېھقان قىزى ئىدى. ئۇ ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۆزىگە ھەيران قالدى، ئۇنىڭ «شۇنداق بالىنى كىم تۇغۇپ بېرىدۇ» دېگەن سوئالى ھەقىقەتەن نازۇك بىر پەللىگە تاقاشقانىدى.

توۋا! يىگىرمە ياشقا كىرىپ قالدىم. نېمىشقا ھېلىغىچە بىر قىز بىلەن ئىككى ئېغىز چاقچاقلىشىپ باقمىدىم. ھېچبولمىسا بىرەرسىنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويالمىدىم...

ئۇ شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ پارلاق بولغان بىر ئالەمدىن، يەنى مۇھەببەت ئالىمىدىن مەھرۇم ھالدا، شۇنداق بىر شېرىن، ئوتلۇق سەۋدادىن خالىي ھالدا ياشاپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندى. ھېلىغىچە يېنىپ باقمىغان بىر يالقۇننىڭ قەلبىدە خۇددى شامال سوقۇپ تۇرغان دالىدىكى گۈلخاندەك بىردىنلا گۇرۇلدەپ كەتكەنلىكىنى سەزدى...

«ۋاي، نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم! — دەپ قولىنى سىلكىدى مۇرات تىزىلغان كېسەكلەرنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ، — ياۋاش-يۇمشاقراق بىر قىزنى ئاتامغا كېلىن قىلىپ بەرسەملا بولمامدىمۇ؟ — ياق! — دېدى ئۇ يەنە چۆچۈگەن ھالدا، — ياق، مۇرات-ياق! سەن ھەرگىز بۇنداق ئويلىماسلىقىڭ، بۇنداق چۈشەنمەسلىكىڭ كېرەك. سەن يامان شارائىتتا ياشاپ ئۆسكەن بولساڭمۇ، ئۆزۈڭ ھەرگىز شۇنداق شارائىتقا كۆنگەن، روھىڭ سۇنغان، ھېسسىياتىڭ ئۆلگەن مۇرات ئەمەس. سەندىكى ياشلىق يالقۇنىنى زېمىستان كۆك مۇزلارنىڭ ئاستىغا باستۇرۇۋەتكەن، سەندىكى ھېسسىيات بۇلىقىنى بورانلار كۆمۈپ تاشلىغان، سەندىكى جۇشقۇن تىلەكلەرنى، ئۆزۈڭگە بولغان ئىشەنچىنى ۋەھشىي قوللار تارتىۋالغان. قەلبىڭدىكى ئۇ سۆيگۈ بۇلىقى ھامان ئېچىلىپ، ئۇرغۇپ چىقىدۇ. قولۇڭدىن كەتكەن قايناق ھېسسىيات ئۆزۈڭگە قايتىپ كېلىپ، قەلبىڭنى نۇرلاندۇرىدۇ... ئۆزۈڭ دائىم ھىرات پادىشاھى ھۈسەيىن بايقارانىڭ ‹گۈل بىلەن سەرۋى تاماشاسىگە مەيلىم يوقتۇر، گۈل بىلەن سەرۋى ئارا روھىدىن تاماشا بولمىسا› دېگەن شېئىرىنى يادلايتتىڭغۇ، سەنمۇ مەھبۇبەڭ بىلەن روھىي تاماشاغا ئىگە بولۇشۇڭ كېرەك. ئۇنىڭ بىلەن تېنىڭ ئەمەس، بەلكى روھىڭ قوشۇلۇشى، روھىڭ يۇغۇرۇلۇشى كېرەك...»

يىگىتلەر ئۈچۈن خىيالدا قىز تاللاش مۇشۇنداق مۈشكۈل ۋە تاتلىق بولىدۇ. مۇرات يۇرتىدىكى قىزلارنى بىر-بىرلەپ ئەسلەپ بېقىۋىدى، ئۇلار خۇددى چۈشىدە كۆرۈۋاتقاندەك ياكى تۇماننىڭ ئارىسىدا قالغاندەك گۇڭگا بىر سىمادا كۆز ئالدىغا كەلدى. بەللە ئىشلەپ يۈرگەن چاغلىرىدا يىگىتلەرگە خاس نەزەر بىلەن قادىلىپ تۇرۇپ، سىنچىلاپ قارىمىغانلىقتىن بولسا كېرەك، ھازىر بىرسىنىڭمۇ چىرايىنى يادىغا ئالالمىدى. گاھىدا بىرنەچچە قىز بىراقلا ئاھۇنىڭكىدەك ئوتلۇق، قارا كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ ۋە-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرى

لىلداپ قىزارغىنىچە جەزىبىلىك كۈلۈمسىرەپ يېقىنلاپ كېلەتتى-دە، مۇرات ئۇلارغا بىر-بىردىن پەرقلەندۈرۈپ نەزەر سېلىشقا باشلىغاندا، بىردىنلا شوخ كۈلكىلىرىنى ياڭرىتىپ، ئۈركىگەن كىيىك پادىسىدەك قېچىپ كېتىشەتتى...

جېلىل ئەپەندى ئەتىسى مۇرات كېسەكلەرنى ئۆتكۈزۈپ بولۇشى بىلەنلا ئۇنىڭ بىلەن قەدىردانلارچە خوشلىشىپ، پۇللىرىنى قولىغا تۇتقۇزۇپ، ئۇنى يەتكۈدەك ئوزۇق بىلەن يولغا سېلىپ قويدى.

مەشئۇم قىسمەتنىڭ كۆيدۈرگۈچ چاقمىقى مۇراتنىڭ بېشىدا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى پارە-پارە قىلىۋەتكەندەك دەرىجىدە يەنە بىر قېتىم دەھشەتلىك قاراسلىدى...

ئۇ قانداق كەلگەن بولسا يەنە شۇ يول بىلەن، كۈندۈزلىرى يوشۇرۇنۇپ يېتىپ، كېچىدە بۆرىدەك قاتراپ مېڭىپ، ئاخىرى يۇرتىغىمۇ كېلىپ قالدى.

ئېغىر ياتقۇ ئىدى. ئۆيىگە يېقىن بىر تار كوچىنىڭ دوقمۇشىدا سايىدەك شەپىسىز كېلىۋاتقان مۇراتنى يولنىڭ قاسنىقىدىكى قاراڭغۇلۇقتىن ئەرۋاھتەك چىققان تۆت كىشى توسۇۋالدى. مۇرات ئۇلار ئۆزىگە تاشلىنىشتىن بۇرۇن شامۇتنى تونىدى-دە، ۋۇجۇدى تۈك تەپكەندەك سىلكىنىپ كەتتى.

ئاپلا! پۇلۇمنى بۇلاپ، مۇسادىرە قىلىدىغان بولدى-دە!...

شامۇتنىڭ قەستىمۇ دەل شۇ ئىدى.

ئۇ قاپلاندەك ئۈچ خەلق ئەسكىرىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا مۇراتنى قىستاپ كەلدى.

— ھە، كېلىپ قاپسەنغۇ بايۋەتچى! كېلىۋاتقىنىڭنى بۈگۈن چۈشتە ئاڭلىغانتۇق. بەك ساقلىتىۋەتتىڭ بىزنى.

خەلق ئەسكەرلىرى شۇ ھامان مۇراتقا تاشلىنىپ، قوللىرىنى قايرىۋالدى. ئۇ پۇل تۈگۈلگەن بەلباغنى يالاڭ چاپىنىنىڭ ئىچىدىن باغلاپ، ئۈستىگە پاختىلىق چاپىنىنى كىيىۋالغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئاپشاركىدەك سەزگۈر شامۇت ئۈچۈن پۇلنى تاپماق ئانچە قىيىنغا توختىمىدى. شامۇت ياغلىق بىلەن مەھكەم چىگىلگەن پۇلنى بىرنەچچە قېتىم ئويۇنچۇقتەك ئېتىپ ئوينىدى ۋە يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ، «ھە، ئەمدى ئۆيۈڭگە كىرىپ ئاتاڭنى خۇشال قىل. ھاردۇقۇڭنى ئەتە سورايمىز» دېگىنىچە شېرىكلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ قاراڭغۇدا غايىپ بولدى.

مۇراتنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. يەر-ئاسمان قوشۇلۇپ ئايلىنىۋاتقاندەك بىلىندى. يۈرىكىنىڭ ئورنىدا بىر پارچە مۇز پەيدا بولدى. ئىچى ئۆڭكۈردەك بوشاپ، شامال تارتىپ ھۇۋۇلداپ قالدى...

مۇرات ئەمدى كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاياققا مېڭىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالغانىدى. بىر مۈشۈك يېنىدىن ئۇنى مەسخىرە قىلغاندەك مىياڭ قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ئىگىلىپ كېتىۋاتقان پۇتلىرىنى تەستە يۆتكەپ، بىر تامغا يۆلىنىۋالدى-يۇ، يەنە تۇرالماي دومبىسىچە سىيرىلىپ چۈشتى.

«ئەمدى ئاتامنىڭ ئالدىغا قانداق كىرىمەن؟ قولۇمغا قارىسا نېمە دەيدۇ؟ ئۇنىڭغا

قايسى يۈزۈم بىلەن قارايمەن؟...»

مۇرات ئۆزىنى كۈتۈپ، ھەربىر تاۋۇشقا قۇلاق سېلىپ، ئىشىككە قاراپ ياتقان ئاتىسىنىڭ ئالدىدا خىيالەن تىزلىنىپ كەچۈرۈم سوراشقا باشلىدى:

«ئاھ، ئاتا! سىز زارىقىپ كۈتكەن، ئۈمىد بىلەن ئۇزاتقان ئوغلىڭىز كەلدى، ئاتا! ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئاتا! كەچۈرۈڭ شۇنداق ئوغلىڭىزنى. كەچۈرۈڭ ھەر ئىككىمىزنىڭ بۈگۈنكى كۈن ئۈچۈن خۇشال بولغانلىرىمىزنى، ئوغلىڭىزنىڭ پۇلنى ساناۋېتىپ خۇشاللىقتىن، بەختتىن چاقنىغان كۆزلىرىنى، ھاياجانلىنىپ تىترىگەن قوللىرىنى كەچۈرۈڭ، ئاتا! شۇ چاغدا، ماۋۇ پۇل تويۇمغا يەتسە، قالغىنىغا ئاتامغا يۇمشاقراق بىر قۇر كىيىم قىلىپ بېرەرمەن، دەپ ئويلىغانلىرىمنى كەچۈرۈڭ ئاتا! قاچان بارارمەن، ئاتامنى قاچان خۇشال قىلارمەن، دەپ ئالدىرىغانلىرىمنى كەچۈرۈڭ، ئاتا! كەچۈرۈڭ، كەچۈرۈڭ ئاتا، كەچۈرۈڭ، سىزگە كېلىن ۋە چىرايلىق نەۋرە ئارزۇ قىلغانلىرىمنى كەچۈرۈڭ، بىردەمدىن كېيىن ئالدىڭىزغا كىرىپ شادلىقتىن ئەمەس، ئالەمگە سىغمىغۇدەك ئەلەم بىلەن سىزنى قۇچاقلاپ يىغلايدىغان مېنى كەچۈرۈڭ، ئاتا! شامۇتنىڭ پۇلغا ئۇزاتقان قوللىرىنى قاراسلىتىپ قايرىۋېتەلمەي مەڭدەپ قالغان، ئۇنىڭ چىشلىرىنى تۆكۈۋېتەلمەي ئۆز چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ چايناپ قالغان يۈرەكسىز ئوغلىڭىزنى كەچۈرۈڭ! ئاتا، مەن ئەمدى ئۇنى ...— مۇراتنىڭ كۆزلىرى بىردىنلا قان تولغاندەك يېنىپ، قورقۇنچلۇق چاقناپ كەتتى، — ئەمدى ... ئەمدى ئۇنى ئۆلتۈرىمەن. قولى قانغا پاتقان ئوغلىڭىزنى كەچۈرۈڭ، ئاتا! بىلەمسىز ئاتا، ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئەمدى مېنىڭ ھاياتىمدىن قىممەتلىك! ئۇ بىزنى ئادەم ئورنىدا كۆرۈپ باقتىمۇ، ئۇنىڭ ئىككىمىزگە سالغان زۇلۇملىرى ئۈچۈن تۆككەن ياشلىرىڭىز مەڭزىڭىزنى كۆيدۈرمىگەنمىدى، ئاتا مەن ئۇنىڭ ئالدىدا بىر قېتىممۇ يىغلىمىغان، ئۇنىڭغا بىر قېتىممۇ يالۋۇرمىغاندىم، ئەمدى ئۇنىڭ گېلىغا تاقىلىپ پالىلداپ تۇرغان خەنجىرىمنىڭ بېسىغا قاراپ يىغلاپ، يالۋۇرغانلىقىنى بىر ئاڭلاي، ئىپلاس ۋۇجۇدىنىڭ غالىلداپ تىترىگەنلىكىنى بىر كۆرەي، ئاتا! ماڭا بۇ دۇنيادا كۆرۈشكە تېگىشلىك بەخت، سۈرۈشكە تېگىشلىك لەززەت شۇ ئوخشايدۇ، مېنى كەچۈرۈڭ، شۇنداق بىر ياۋۇز بىلەن كۆپ ئىشلارغا ئاتاپ قويغان ئۆز ھاياتىنى ئامالسىز تېگىشمەكچى بولۇۋاتقان ئوغلىڭىزنى كەچۈرۈڭ، ئاتا!...»

ئۇ ئۆيگە پىچاق ئۈچۈن، ياكى ئاتىسى بىلەن كۆرۈشۈۋېلىش ئۈچۈن ماڭغانلىقىنى تازا ئاڭقىرالماي ھويلىسىغا كىرىپ قالدى. ئىشىك قۇلۇپلاغلىق تۇراتتى. «ئاتام قېنىكىنە؟» دەپ ئۇياق-بۇياققا ئەلەڭلەپ قارىدى. كۆڭلى ئۇشتۇمتۇت بىر دەھشەتنى سەزدى بولغاي، يۈرىكى يەنە بىر مۇدھىش گۇماندىن لەرزىگە كېلىپ، خۇددى قاچقاندەك كوچىغا يۈگۈرۈپ چىقتى-دە، ئۇدۇل كەلگەن بىر ئىشىكنى پۈتۈن كۈچى بىلەن سىلكىپ، جالاقشىتتى.

— كىم؟ — ئىچكىرىدىن ھەيزە بۇۋۇمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

مۇرات «مەن» دېيىشىنىڭ ئورنىغا ھاسىراپ تۇرۇپ:

— ئاتام قېنى؟ ئاتام؟! — دېدى.

— مۇراتجان كەپتۇ، مۇراتجان، ھوي، قوپ!

ئۆيدىكىلەر ئۇپۇر - توپۇر بولۇشۇپ قالدى. ئىشىك ئېچىلىشىغا مۇرات ھويلىغا خۇددى كەينىدىن بىرسى ئىتتىرىۋەتكەندەك دۈگجۈپ كىرىپ كەلدى.

— ئاتام قېنى؟ ئاتام؟!...

ھەپىزە بوۋۇم يىغلاپ سالدى.

— بالام... ئاتاڭنى...

— ئاتام نېمە بولدى؟!...

— ئوغلۇڭنى قاچۇرۇۋەتتىڭ دەپ سۆرەپ يۈرۈپ، ئاخىرى...

مۇرات ئىشەنمىگەندەك يەنە ھويلىسىغا ئېتىلىپ كىرىپ، قولۇپلاقلىق ئىشىكنى بىردى تېپىپلا ئاچتى. ئاتىسىنىڭ ھىدى قالغان ئۆي مۇڭ تۆكۈپ، چۆلدەرەپ قالغانىدى. ئۇ كۆزلىرى دەھشەتتىن چەكچىيىپ، تۆت بۇلۇڭغا چۆگىلەپ يۈرۈپ قاراپ چىقتى - دە، ھويلىغا چىقىپ، ئاسمانغا قاراپ تۇرۇپ نالە قىلدى:

— ئەي خۇدا! ئا... تام ئۆمۈر بويى ئىشەنگەن، ئېتىقاد قىلغان خۇدا قېنىسەن؟!...

مۇراتنىڭ پەريادى ئۇيقۇغا كەتكەن يېزىنى ئەنسىزچىلىككە سېلىۋەتتى. دەرۋازىلار كەينى - كەينىدىن ئېچىلىپ، قولۇم - قوشنىلار ۋە باشقا ئەترەتنىڭ ئادەملىرىمۇ بىردەمدە ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلدى، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى تەسەللىگە سۆز تاپالمىدى. مۇراتنى قانغۇچە يىغلىۋالسۇن دېگەندەك باشلىرىنى سېلىشىپ، جىمىدە تۇرۇشتى.

## 13

بالاڭنى قاچۇرۇۋەتتىڭ دەپ قىيناپ ئۆلتۈرۈلگەن ئاتىسىغا «ئۇنسۇرلۇق ئەيىبى» ئۈچۈن جامائەت قەبرىستانلىقىدىن جەسىتى سىغقۇدەك گۆرمۇ تەگمىگەنىكەن. ئۇ ئەتىسى قوشنىلىرىنىڭ ئېيتىپ بېرىشى بىلەن ئاتىسىنىڭ قەبرىسىنى يېكەندىن قىيان كېلىپ قۇرام تاش ۋە شېغىللاردا تۈزلىنىپ، لاي يېتىپ كەتكەن سايدىن ئىزلىدى. بىللە كەلگەنلەر ئۇنىڭغا پەقەت: «خەلق ئەسكەرلىرى بىزنىمۇ يېقىن كەلتۈرمەي، رەھمەتلىكنى مۇشۇ يەرگە كۆمگەندەك قىلىشۇدى» دەپ كەگرى سايدىن بىر مو كەلگۈدەك دائىرىنىلا كۆرسىتىپ قويالىدى. مۇراتنىڭ نالىسىدىن ساي زىلزىلىگە كەلدى. ئۇ ئاتىسى كۆمۈلگەن يەرنى تىزلىنىپ ئۆمىلەپ، ھىدلاپ يۈرۈپ ئىزلىدى، ئۆزىنى ئۇياق - بۇياققا تاشلىدى؛ تاش - شېغىللارنى تىرناقلىرى يېرىلىپ، قانغۇچە تاتىلىدى... زاماننىڭ بۇ قانلىق جىنايىتىنى قىيان يۇماقچى بولغانمۇ قانداق، شۇنچە ئۇمىدۋار بوۋاينى بۇ ئېقىنلىق ساي ئەنە شۇنداق ئىزىنى قالدۇرماي يۇتۇپ كەتتى.

مۇرات بىھۇشلۇقتا پايانسىز ئۇرۇنۇپ سايىنى گاھ تاتىلاپ، گاھ قۇچاقلاپ يىغلاپ ياتقاندا، خەلق ئەسكەرلىرى ئۇنى پۈتۈن كەنت خەلقى يىغىلغان خامانلىقتا سۆرەپ كېلىشتى. خامانلىق سۈرلۈك تۇس ئالغانىدى. خەلق ئەسكەرلىرى نەيزىلىرىنى تەڭلەپ، بۇ داغدۇغىلىق كۈرەش مەيدانىغا يەنىمۇ ھەيۋە بېغىشلاپ ئەتراپىنى قورشاپ تۇرۇشاتتى. يۇرت كاتتىلىرى خاماننىڭ بىر بېشىغا قويۇلغان ئۇستەللەرگە جايلاشقانىدى.

ۋەھىمە ئىچىدە قالغان ئەزالار مېڭىنى قايناتقۇدەك بۇ جەزىرىمە ئاپتاپتا باشلىرىنى سېلىشىپ، قىزىپ كەتكەن يەردە ئولتۇرۇشاتتى. مۇراتنىڭ كونىراپ، تەردە چىرىپ كەتكەن كۆڭلىكى خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ بۈركۈتنىڭكىدەك پەنجىلىرىدە پارچە-پارچە تىتىلىپ، سايىدىلا ئۇچىسىدىن چۈشۈپ قالغاچقا، ئۇ ھازىر خامانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆڭلەكسىز ئۆرە تۇراتتى. شاموت مۇشۇنداق كۆرەش يىغىنلىرى ئۈچۈن دائىم يانچۇقىدىن ئايرىمايدىغان، قوتاز چۇپۇرىدا سەدەك ئىنچىكە ۋە قاتتىق قىلىپ ئىشلىگەن قىل تانىسىنى كۆرەڭلىك بىلەن چىقىرىپ، كىشلەرنىڭ كۆز ئالدىدا سۇدا نەملىدى، ئاندىن تۇپىغا مىلاپ، دەسسەپ تۇرۇپ بىر-ئىككى قېتىم سىيرىۋەتكەندىن كېيىن ئىككى ئاكتىپ بىلەن مۇراتنىڭ ئارقىسىغا ئۆتتى... ئۇ مۇراتنىڭ دۈمبىسىگە گۈپ-گۈپ تىزلاپ تۇرۇپ، تانىنىڭ ئىككى ئۇچىنى باغلاق كىلىمكىدىن ئۆتكۈزۈپ پەسكە شۇنداق تارتىۋىدى، نەمدەلگەن تانا خۇددى خام قېيىشتەك غىچىلداپ كەتتى-دە، چۈشەلگەن قوللارنى گەدەنگىچە كۆتۈرۈپ چىقتى، مۇرات باغلاق دەستىدىن مۇشتەك تۈگۈلۈپ، تىك كۆتۈرۈلگەن قوياشقا قاراپ ئۆگدا بولۇپ قالدى. ۋارقىراپ سالماسلىق ئۈچۈن ئاستىنقى لېۋىنى شۇنداق چىشلىدىكى، چىشلىرى ئىزىدىن شۇئان قان كەتتى. بەش مىنۇت ئۆتمەيلا ئۇنىڭ بىلەكلىرى قارىداپ، بوغۇپ قويغان مېسپتەك بوغۇم-بوغۇم كۆپۈپ كەتتى. تانا يالىڭاچ تەنىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، كۆرۈنمەي قالدى... ئەزالار قاراشقا چىدىماي باشلىرىنى يەردىن كۆتۈرۈشەلمىدى. شۇ يەردىلا مۇراتنىڭ ئاخشام تارتىۋېلىنغان 540:00 يۈەن پۇلى مۇسادىرە قىلىندى. «قېچىپ كەتكەن» 70 كۈنى ئۈچۈن بەش يۈەندىن 350.00 يۈەن جەرىمانە قويۇلۇپ، دارامىتىدىن تۇتۇپ قېلىنىدىغانلىقى ئېلان قىلىندى. ئاندىن ئۇنى مەيداننى ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلىش باشلاندى. شاموت مۇشۇ پۇرسەتنىمۇ قولدىن بەرمىدى. ئۇ مۇراتنىڭ قاپ-قارا ئۆسكىلەك چاچلىرىنى قاماللاپ تۇتۇپ، ئۇنى ئېڭىشتۇرگىنىچە سۆرەشكە باشلىدى.

— سازايى دېگىنە! ھەي، بەزى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا سازايى دە، دەۋاتىمەن!

مۇراتتىن زۇۋان كەلمەيتتى. شاموت ۋارقىرايتتى:

— سازايى دە! قېچىپ كەتكىنىمگە سازايى دە!

مۇرات شۇ چاغدا پۈتۈن كۈچى بىلەن سىلكىنىپ، بىر تۇتام چېچىنى شاموتنىڭ قولىدا قالدۇرغان ھالدا بوشاندى-دە، ئۇنىڭغا قادىلىپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— سازايى! ھەي مۇناپىق، سازايى! سېنى بۇ كەمگىچە ئۆلتۈرۋەتمىگىنىمگە سازايى!

شۇنىڭ بىلەن خاماندىكى پاجىئە مۇرات يىقىلىپ قالغۇچە داۋاملاشتى. كۆرەش يىغىنى ئاخىرلاشقاندا شاموت ھوشسىز ياتقان مۇراتنى دومىلىتىپ يۆرۈپ يەشتى. ئۇ قىپقىزىل قانغا بويىلىپ، بۇردا-بۇردا گۆشلەرنى ئۈزۈپ چىققان تانىسىغا رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ قارىدى.

مانا، ھەپتە بولدى، مۇرات تالا-تۈزگە چىقالماي ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. يوقلاپ كىرگەنلەر ئۇنىڭ شۇنچە ھالسىز تۇرۇپمۇ ئازراقمۇ دەرد كۆرمىگەن كىشىدەك خاتىرجەم كۈلۈمسىرىشىدىن، بىر نۇقتىغا تىكىلىپ جىمجىت خىياللىنىپ قېلىشىدىن ۋە

www.uyghurkitap.com

ئۆزلىرىدىن غەلىتە سۆزلەر بىلەن رازىلىق سورىشىدىن چۆچۈپ قېلىشتى.

— رازى بولۇڭلار تۇغقانلار، — دېيىشتى ئۇ يوقلاپ كىرگەنلەرگە ئەنە شۇنداق سىرلىق كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — ئاتا - بالا ئىككىمىزنىڭ ئىنسانچىلىق قىلىپ ئالدىڭلاردا ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكىمىز بولسا، دىلىڭلارنى رەنجىتكەن يەرلىرىمىز بولسا ئۆتۈپ كېتىڭلار، بىزگىمۇ تۇغقاندىن چارە قوشنىدارچىلىق - يۇرتدارچىلىق قىلغان ئىدىڭلار، ئەمدى بىز قايتۇرالمىدۇق...

— ۋاي، مۇراتجان، ساپ - ساق تۇرۇپ رازىلىق سوراپ يۈرۈيسىزغۇ؟ — دەپ چۇرقىرىشاتتى ئۇلار، — ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار. ئۇن گۈلىڭىزنىڭ بىرى ئېچىلماي تۇرۇپ نېمىلەرنى دەپ يۈرۈيدىغانسىز!

— راست دەيسىلەر، تېخى ئۇن گۈلۈمنىڭ بىرسىمۇ ئېچىلمىغاندى. ئەمدى تېخىمۇ ئېچىلالمايدىغان بولدى. دەم غەنىيمەت، دىدار غەنىيمەت تۇغقانلار، ياخشى، يامان دېيىشكەن بولساقمۇ...

ئاندىن قوشنىلار ئۇنىڭغا تەسەللى بولسۇن ئۈچۈن بىر ئېغىزدىن شۇنداق دېيىشەتتى:

— شامۇت دېگەن جوھۇتنىڭ جاجىسىنى خۇدا بېرەر!

بىراق، شۇنچە قىلمىشى ئۈچۈن شامۇتنىڭ جاجىسىنى خۇدا بېرەلمىدى ھەم بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بېرەلمەيدىغاندەك قىلاتتى. ئەمدى ئۇنىڭ جاجىسىنى مۇراتنىڭ ئۆزى بەرمەكچى ئىدى.

مۇرات ھازىر ھەممىنى ئۇنتۇپ پەقەت بىرلا ئارزۇ — قىساس ئېلىش ئارزۇسى بىلەن چۇلغانغانىدى. كاللىسى شامۇتنى ئۆلتۈرۈش ھەققىدىكى بىر - بىرىدىن دادىل، جۈرئەتلىك پىلانلار بىلەن تولۇپ كەتتى. ئەمدى ئۇنى بارلىق يەر ۋە ئاسمان كۈچلىرىمۇ توسۇپ قالالمىدى. ھېچكىم ۋە ھېچنەرسە ئۇنى بىرەر سەۋەب بىلەن قايىل قىلىپ، ئەخلاق... ۋاھاكازا دېگەن ئۆلچەملەر بىلەن ۋىجدان ۋەجىدە ئەيىبلىيەلمەيتتى.

ئۇ مۇشۇ بىر ھەپتە ئىچىدە ئاجايىپ زوق بىلەن قايتا - قايتا ئويلىنىپ، شامۇتتىن قىساس ئالىدىغان پەيتنى ۋە شۇ چاغدىكى مۇنداق بىر ئادىل جازا مەيدانىنى جانلىق سۈرەتلەپ چىقتى:

...قايسىدۇ بىر ئېتىزدا ئەزالار ھەيدەك ئاستىدا ھالسىز ئىشلەۋاتاتتى. شامۇت ئادىتى بويىچە قىر ئۈستىدە قولىنى كەينىگە تۇتۇپ قاۋاندەك چىرقىراپ يۈرەتتى. كۈن ئاش ۋاقتى بولغان دەل شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە مۇرات خەنجىرىنى ۋالىلدىتىپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كەلدى.

— شامۇت، ئۆلۈشكە تەييارلان!

شامۇت بۇ تۇيۇقسىز خىتابتىن شۈئان تاتىرىپ كەتتى ۋە كەينىگە داجىدى.

— نېمە دېگىنىڭ بۇ تەلۋە!

— چۈشەنمەيۋاتامسەن؟ مۆتىھەم! مەن سېنى ھازىر مۇشۇ يەردە، مۇشۇ ئادەملەرنىڭ ئالدىدا ئۆلتۈرمەكچىمەن!

— نى... نى... نېمىشقا؟

— ۋەھشىي، مۇناپىق! نېمىشقا دەۋاتىسەنغۇ، سۆزلەپ تۇگىتەلەمتىم؟ ماڭا ئاز ئازاب سالدىڭمۇ؟ ئاتامنى نېمە قىلدىڭ؟ ئاتام قېنى، ئاتام؟!...

مۇرات چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ قىستاپ كەلدى. شامۇت بىسى چاقىناپ تۇرغان خەنجەردىن كۆزىنى ئۈزەلمەي ۋارقىراپ كەتتى:

— كۆپچىلىك! ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟ نېمە دەۋاتىدۇ بۇ تەلۋە! تۇ... تۇ... تۇتۇڭلار بۇنى!

— ھېچقايسىڭ يېقىن كەلمە! ئەگەر قايسىڭ كەلسەڭ، ئالدىدا شۇنى... — مۇرات شۇنداق دەھشەتلىك ۋارقىرىدىكى، ئېتىزلىقتا شىددەتلىك پارتلاش ئاۋازىدەك سادا پەيدا بولدى، ھېچكىم قوزغىلالمىدى. ھەتتا شامۇتنىڭ ئەڭ يېقىنلىرىمۇ ياردەمگە كېلەلمىدى.

— مەن بۇنى ئۆلتۈرىمەن. ھەممىڭ جايىڭدا قاراپ تۇرۇش! بۇ مۇناپىق مېنى تالاي قېتىم باغلاپ ئۇرغاندا، ئاتامنى قىيناپ ئۆلتۈرگەندە قانداق قاراپ تۇرۇشقان بولساڭ ھېلىمۇ شۇنداق قاراپ تۇرۇش!

شامۇت ئەمدى مۇراتنىڭ ئۆزىگە قوروق پوپوزا قىلمايۋاتقانلىقىغا كۆزى يېتىپ ئېڭەكلىرىنى جاقىلدىتىپ يالۋۇرۇشقا ئۆتتى:

— جې... جېنىم ئۇكام، كۆپچىلىكنىڭ خىزمىتىنى قىلغان ئادەم شۇ... شۇنداق يا... مان ئاتىلىپ قالىدىكەن. سىياسەت شۇنداق ئىكەن ئۇكام!

— سىياسەت شۇنداق ئىكەن؟! قايسى سىياسەت ساڭا مېنى ھەپتىدە ئىككى قېتىم باغلاپ ئۇرۇشنى، ئاتامنى ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇپ بەرگەن، ۋەھشىي! مەخسۇس ئىسمىمىزنى يېزىپ چۈشۈرۈپتىكەنمۇ ئۇ سىياسىتىڭدە!

— جې... جېنىم ئۇكام. شە... شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمەڭ!

— سېنى ئۆلتۈرۈشنى ماڭا شەيتان ئەمەس، ۋىجدان بۇيرۇدى، مۇناپىق!

— جېنىم ئۇكام... بۇ... بۇنىڭدىن كېيىن بىللايىمەن!

— ئاھ، جېنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟ — مۇرات قان تولغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭ كۆزىدىن ئۈزمەي، تېخىمۇ قىستاپ كېلىشكە باشلىدى، — خۇداغا شۈكرى، مەن تېخى سېنى يۇرىكىڭنىڭ قاتتىقلىقىغا قاراپ ئۆلۈمدىن قورقمايدىكەن دەپ ئەنسىرىگەنتىم، ئەگەر بۇنچىلىك قورقمىغان بولساڭ ماڭا سېنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ھېچقانداق لەززىتى بولمىغان بولاتتى.

— با... باللىرىم بار ئەمەسمۇ ئۇكام...

— مەن بالا ئەمەسمىدىم؟ مەنمۇ ئاتامغا سەن قىيالمايۋاتقان باللىرىڭدەك ئەزىز بالا ئەمەسمىدىم؟ بۇنى ئۆلۈش نۆۋىتى ئۆزۈڭگە كەلگەندە ئويلاپ قالدىڭغۇ، غەزەب، قىساس مانا مۇشۇنداق بولىدۇ، مۇناپىق! راست ئېيتىسەن، سېنىڭ باللىرىڭمۇ خۇددى مەندەك گۇناھسىز ئىدى، لېكىن باللىرىڭمۇ مەندەك يىغلاپ باقسۇن. قېنى ئېيتقىنچۇ؟ مەن قايسى ئەيىبىم ئۈچۈن سېنىڭ ئالدىڭدا ئادەم ھېسابلانمايمەن؟ ياق، مەن ئادەم ئىدىم، مەندىمۇ ئاجايىپ قەلب بار ئىدى، سېنىڭدەك چۈشكۈن، نىمجان يۈز نادانىنىڭ قەلبىدىنمۇ

www.uyghurkitap.com

رەتلىك قەلب بار ئىدى، قېنى ئەمدى ئۆلۈش ئالدىدا ماڭا ئوبدانراق قاراپ باقىنا! سەن ماڭا ئاز زۇلۇم سالدىڭمۇ؟ قادىر ئاكامنىڭ ئۆلۈمىدە ماڭا قانداق تۆھمەتلەرنى قىلمىدىڭ، مۇناپىق! مېنى ناھەق ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىشكە ئۇرۇنمىدىڭمۇ ۋەھشىي چايان! بۇ قىلمىشلىرىڭ مېنىڭ غەزىپىمنى كەلتۈرمەيتتىمۇ؟ سەن ئادەم بالىسى مۇشۇنداق خورلۇقلارغىمۇ، بوزەك قىلىشلارغىمۇ تاقەت قىلىشى كېرەك دەپ ئويلامسەن؟ سەن ئاتامنى ئۆلتۈردۈڭ، بۇنى ئاز دەپ كىشىنىڭ يۈرىكىدە مەڭگۈ ئونتۇلمايدىغان ئۆچمەنلىك قوزغاش ئۈچۈن ئاتامنى نەگە كۆمدۈردۈڭ، ئىبلاس! سەن مېنى ھەممىگە كۆندىغان بىر بوزەك، گاللىۋاڭ چاغلىغاندىڭ، ئەمدى قاراپ باقىنا! مېنىڭ كۆزۈم، چىرايىم قەھرىم قانداقكەن؟ مانا ماۋۇ خەنجىرىم قانداقكەن؟!...



شىددەتلىك ئۇرۇلغان خەنجەر شامۇتنىڭ مەيدىسىگە سېپىغىچە پاتتى. مۇرات خەنجەرنى بىر-ئىككى قېتىم قوچۇپ تولغىۋېتىپ كۈچەپ سۇغۇرۇۋىدى، ئىسسىق قان يۈزىگە ئوقتەك چاچراپ چىقتى. شامۇت بۇنداق بولۇشىغا ئىشەنمىگەندەك مۇراتقا چەكچىيىپ، بوغۇق ئىڭرىۋەتتى-دە، بىر نېمىگە ئېسىلىۋالماقچى بولغاندەك قوللىرىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ بېقىپ، ئاخىرى گۈپ قىلىپ يىقىلدى. يەرنى تاتىلىغان بارماقلىرى دۆنىڭ پۇتلىرىدەك يىغىلىپ، كىرىشىپ قالدى. پۇتلىرى نەچچە پۈكۈلۈپ، نەچچە سوزۇلدى ۋە بىر دىرىلدەپ تىترىگەندىن كېيىن تىنچىدى، كۆزلىرى ھازىرمۇ مۇراتقا ئالىيىۋاتقاندەك چەكچىيىپ قالدى...

مۇشەققەتلىك ئۆمرىنى غەلىبە بىلەن تاماملىغۇچى بۇ شەرەپلىك كۈن ئۈچۈن مۇرات شۇنچىلىك ئالدىرايتتى: ھازىر شامۇتنىڭ بېشىغا چاقماقتەك چۈشۈرۈپ ئۇنىڭغا قىساسكار قەھرىدە دەھشەت سالالىغۇدەك، خەنجىرىنىڭ سېپىنى مەھكەم تۇتالىغۇدەك دەرمانىنىڭ يوقلۇقىدىن تىت-تىت بولاتتى. تېزرەك ساقىيىشنى ئارزۇ قىلاتتى، يەنە بىرەر ھەپتە ياتسا ماغدۇرىغا كەلگەنمۇ، مەقسىتىگە يەتكەنمۇ بولاتتى. لېكىن شۇنداق بىر كۈنى ئۇ ئاڭلىغان بىر خەۋەر بىلەن ئەھۋال شۇنچىلىك ئۆزگەردىكى، ھەممە نەرسە ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كەتتى. بىر تۈلۈپ كىشىلەر ئۆيىگە ئېتىلىپ كىرىپ، ئۇنى خۇددى ئۇزۇن يىل مەھبۇسلۇقتا ياتقان مەشھۇر ئەربابنى ھۆرلۈككە چىققانلىقى بىلەن مۇبارەكلىگەندەك بەس-بەس بىلەن مۇبارەكلەپ، ئالەمشۇمۇل خۇش خەۋەر يەتكۈزۈشتى:

— مۇراتجان، ئاھىڭىز خۇداغا يېتىپتۇ، مۇراتجان!

— تۆت كىشىلىك گۇرۇھ ئاغدۇرۇلۇپتۇ!

— شامۇتنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى، مۇراتجان!

— ......

مۇرات ئەسلەپتە قىل ئۈستىدە تۇرغان ھايات - ماماتىغا، ئۆمۈرلۈك بەخت - ئىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك بۇ مىسلىسىز - خۇش خەۋەرگە ئىشىنىشكە ئاجىزلىق قىلدى، تەسەۋۋۇردىن يىراق بۇ تۇيۇقسىز سائادەتتىن گاڭگىراپ، يۈرىكى ئاغقىنىدەك بولدى... ئىشەنمەي بولامتى؟ ئىشەندى. ئالدىمۇ، دىلىمۇ نۇرلىنىپ كەتتى. كۆزلىرىگە ياش كەلدى، ئاغزى ئۈمچەيدى، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ھەربىر كىشى بىلەن قۇچاقلىشىپ بۇ قۇتلۇق خەۋەرنى تەبرىكلىدى. دېمەك، قىساستىن ئۈمىد، غەزەپتىن بەخت غالىب كەلدى. خىيالىدا نە شامۇت، نە قىساس ئېلىشنىڭ قانلىق شەكلى قالمىدى، كۆز ئالدى داغدام نۇر ئېقىنىدەك پارلىدى. ئەمدى ئۇنى زامان چاقىرماقتا، دەۋر چاقىرماقتا، ئىستىقبال چاقىرماقتا ئىدى.

«ياق، ئەمدى قولۇمنى قانغا پاتۇرۇشنىڭ ھاجىتى قالمىدى، - دەپ ئويلايتتى ئۇ قەلبى دولقۇنلانغان ھالدا، - ياشىشىم كېرەك، دەۋرنىڭ ئالدىغا كۈلۈپ چىقىشىم كېرەك. ئاھ، ئەمدىكى ياشاش دۇنياغا ئۈمىد بىلەن، مېھىر بىلەن قاراپ ياشاش؛ ئۆز قىممىتىنى تونۇپ ۋە باشقىلارغا تونۇتۇپ ياشاش؛ ئېسىل غايىلەرنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ۋە شۇ غايىلەرگە يېتىش يولىدا بىر كۈندە بىر ئۆمۈرنىڭ ۋەزنىگە تەڭ مەنىلىك ياشاش؛ ئۇن يىللىنى بىر كۈنگە تەڭ بىلىپ ھاياتقا قانماي ياشاش... بولۇپمۇ ئىنسانىي قەدىر - قىممەتتىن، تەڭلىكتىن بەھرىمەن بولۇپ ياشاش... نېمىدېگەن گۈزەل، نېمىدېگەن بەخت - ھە!...»

مۇرات ئەمدى شۇنداق ياشيالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى، مەملىكەت خاراكتېرلىك بۇ زور ئۆزگىرىشنىڭ ماھىيىتىنى، ئىجتىمائىي تۈسىنى ۋە كەلگۈسى يۈزلىنىشىنى ئۆزىگە خەۋەر قىلىپ كىرگەنلەرنىڭ ھەممىسىدىن ياخشى چۈشىنەتتى. ئۇ شۇنداق بىر مۇقەررەرلىكنى تونۇپ يەتتىكى، ئۆزىنىڭ ئەنە شۇنداق بەختىيارلارچە بويىنىنى تىك تۇتۇپ بىر كۈن ياشىشى شامۇت ئۈچۈن بىر قېتىملىق ئۆلۈم ئىدى. بۇمۇ قىساس ئېلىشنىڭ ئۇزۇن داۋاملىشىپ، خۇمارنى باسىدىغان بىر خىل شەكلى ئەمەسمۇ؟ ئەمدى چوقۇم مۇرات شادلانسا شامۇت ئازابلىنىدۇ؛ مۇرات كۈلۈمسىرىسە ئۇ ئۈمچىيىدۇ؛ مۇرات قاقاقلىسا شامۇت بېغىر - بېغىر قان يۇتىدۇ...

خۇش خەۋەر يەتكۈزگۈچىلەر خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. مۇرات بىردەمدىلا ساقايدى. ۋۇجۇدىدا بويسۇنماس بىر قۇدرەتنى سەزدى: قەلبىدە بۇ خىل ياشاشقا يات بولغان بىر خىل مەنىۋى پارلاقلىقنىڭ تاڭدەك يورۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى؛ يۈرىكىدىكى قېتىشقان جاراھەتلەرنىڭ ئاستىدا ھېلىغىچە بولغانماي ساقلانغان ياشلىق باھارىنىڭ سۈزۈك بۇلاقلىرىنى كۆردى... ئۇ كۈندۈزلىرى يوشۇرۇپ، كېچىلىرى ئوقۇپ كېلىۋاتقان سۆيۈملۈك كىتابلىرىنى بىر - بىرلەپ قولىغا ئالدى. يۈزلىرىگە ياقتى. ئەجەبە! ۋۇجۇدىنى شېرىن جۇغۇلداش بىلەن ئىختىيارسىز ئىمتىھان سۈرى باستى، كۆرمەمدىغان، قىسمەتنىڭ يەنە بۇ چاقچىقىنى! بۇ كۈنلەردە ھېلىقى خالىق ئەپەندى ناھە-

www.uyghurkitap.com

يىلنىڭ مائارىپ ئىدارىسىغا باشلىق بولۇۋالغانىدى، مۇرات ئۇچۇن ھازىر ئىمتىھانغا قاتنىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشىشمۇ مۈشكۈلدەك قىلاتتى، ئۇنىڭ ئۈچۈن يەنە بىر يېڭى كۈرەش باشلىنىدىغاندەك تۇراتتى.

ئۇ غالىبلارچە كۈلۈمسىرىدى. قەدىردان ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئۆزى بىلەن تەڭ يىغلاپ، تەڭ كۈلگەن يۇرت خەلقىنىڭ يېقىندىن ياردەمدە بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى، ئىككى يىلدىن بېرى خىزمىتىدىن توختىتىلىپ قويۇلغان قېرى دوستى جالال شېرىپ ھازىر نەدىكىن؟ ئۇ نېمە ئويلاۋاتىدىكىن؟ ئۇمۇ چوقۇم بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلىدى، چوقۇم كېلىشكەن قەددىنى رۇسلاپ قايتا كۈچ - قۇۋۋەتكە تولىدۇ...

مەرھابا، يېڭى دەۋر، مەرھابا! ئەسسالام قۇتلۇق زامان!...

**14**

— خالىق جۇيجاڭ، ئەمما گېپىمىز گەپ بولسۇن - ھە! ئەركىنجاننىڭ ئىشىنى ئەتىلا سۈرۈشتە قىلىشنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا...

تۆگمەندىن كېچىلەپ ئۇن تارتىپ كېلىۋاتقان مۇرات ھويلىسىغا مېھمان ئۇزىتىپ چىققان ھەلىمىنىڭ يۇقىرىقى سۆزىدىن ئۇلارنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەن ئوغلىنى ئوقۇشقا ماڭغۇزۇش يولىدا مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى خالىقنى بۈگۈن كېچىمۇ مېھماندارچىلىققا چاقىرغانلىقىنى بىلدى - دە، يەلكىسىدىكى خالتىنى يەرگە قويماستىن، ئىچىدىن مەھكەم بېكىتىلگەن دەرۋازا ئالدىدا توختاپ قالدى.

— ئۆزلىرى تۇرغان يەردە بىز يەنە يەرگە قاراپ قالمايلى، — ھەلىمىنىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى، — دوستتىن تولا دۈشمەن بار، ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىدى، دېمەي ئەركىنجاننى داشۆگە ئەۋەتىپ بەرمىسىلە بىز سىلىدىن ھەر ئىككى دۇنيا رازى بولمايمىز.

— ئېغىز يېسە يۈز ئۇيىلىدۇ ئەمەسمۇ، ھېلىمخان، — دېدى خالىق سېمىزلىكىنىڭ دۈستىگە بەك تويۇپ كەتكەچكە ئېغىر پۇشۇلداپ تۇرۇپ، — تۇزلىرىنى كۆپ يېدۇق، لېكىن مۇشۇ ئىمتىھان ئالدىدىن ئىش چىقىپ - زە!... تىلىمنى قىسقا قىلىپ قويۇۋاتىدۇ. ئۆلگىرىدىكىدەك يېقىن - يۇرۇقلىرىمىزنىڭ باللىرىنى ئوقۇشقا ئەۋەتىپ بېرىدىغان يولىمىز توسىلىپ قالدى ئەمەسمۇ؟ سىلىنىڭ بالىنىڭ ئوقۇش نەتىجىسى بەك تۆۋەنكەن، ھەيىيى، ئىمتىھاندىن....

ھېلىمە يەنە جاۋۇلداپ كەتتى:

— ئاڭلىسام ھېلىقى ئىت ئۆلۈمدە ئۆلگەن پەيزۇللا ئۇنسۇرنىڭ ئوغلى مۇراتنى يەنە بۇ يىلمۇ ئىمتىھانغا قاتنىشىدىكەن دېيىشىدۇ. شۇ گەپ راستمۇ جۇيجاڭ؟

— راست، ئىككى قېتىم ئۆتۈپمۇ بارالمىغاندىن كېيىن، ئەمدى بولدى قىلا، دېسەم، بۇ قېتىممۇ قاتنىشىمەن دەپ تىزدىملاتتىغۇ.

— ئۇنداق بويۇنكەشنى نېمىشقا ئىمتىھانغا قاتناشتۇردىلا، جۇيجاڭ؟

— مېنىڭچە بولسىمۇ يېقىن يولاتمايتتىم، لېكىن، ناھىيىنىڭ باشقا رەھبەرلىرىمۇ

بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ تۇرۇۋېلىۋاتىدۇ.

— خاتىرجەم بول، خوتۇن! — دېدى بايىتىن بېرى گەپكە ئارىلاشماي تۇرغان شامۇت كۆرەڭلىگەن هالدا، — ئۇ هارىمى ئۆتكەنكى ئىمتىهانلاردىمۇ ناهىيە بويىچە يۇقىرى نومۇر ئالدىم، دەپ ماختىنىپ كەتكەنتى، يەنە بارالمىدىغۇ؟

— هوي، جۇيجاڭ! نومۇر - نومۇر دەيدىكەنسىلەر، كىمنىڭ بالىسى؟ ئاتىسىنىڭ قالپىقى بارمۇ - يوق؟ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئاقمۇ، قارىمۇ دېيىشنى نېمىشقا بىلمەيسىلەر؟ مۇرات كىم؟ بىزنىڭ ئەركىنجان كىم؟ ئۇ ئۇنىسۇرنىڭ بالىسىغا نېمىشقا نومۇرنى قىسىپ، تارتىپراق قويمايسىلەر؟

— ئىمتىهان قەغىزىنى ئۇرۇمچىدە تەكشۈرەيدۇ، هېلىمخان، مېنىڭ ئۇنىڭغا ئىلاجىم يوق.

— ئۇ كېتىپ ئەركىنجان قېلىپ قالسا ئەرز قىلىمەن، ئەرز!

— ئۇ بارالمايدۇ، خوتۇن... ئۇنى هامان پۇتۇمغا چېتىپ ئىشلەتكىنىم ئىشلەتكەن، ناهايىتى بىزدىن كېتىدىغىنى خالىق جۇيجاڭنىڭ ئۆتكۈر قەلىمىدە قاتۇرۇپ يېزىلغان بىر پارچە خەت، بۇ قېتىممۇ راستقا يالغاننى، بىرگە ئۇننى قوشۇپ، ئاقچى - كۆكچى دەپ يېزىپ يەنە ئۆتكەنكىدەك ناهىيىگە يوللايدىغان ماتېرىيال خالتىسىغا سېلىپ قويسا ئۇنى هېچقانداق مەكتەپ ئالمايدۇ، بۇ يەرلەرگە كېلىپ راست - يالغىنىنى سۈرۈشتۈرۈپمۇ يۈرمەيدۇ، هېلىغىچە شۇنداق قىلىپ تۇتۇپ تۇردۇققۇ، ئۇنى!

دەرۋازىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ بۇ خىيانەتكار سۆهبەتنىڭ دەهشىتىنى ئېنىق ئاڭلاپ تۇرغان مۇرات هازىر ئۆزىنى كۈچ بىلەن ئاران تۇتۇپ تۇراتتى. چۈنكى ئۇ ئىككى قېتىم شۇنچە يۇقىرى نومۇر ئېلىپمۇ نېمە ئۈچۈن ئالىي مەكتەپلەرگە بارالمىغانلىقىنىڭ ئۆزىگە سىر بولۇپ كەلگەن هەقىقىي سەۋەبىنى شۇ مىنۇتتا بىلگەنىدى، مۇرات هويلا تەرەپكە قۇلىقىنى تۇتۇپ، دەرۋازىغا تېخىمۇ يېقىنراق سىلجىدى:

— ئۇ بۇيىلمۇ تەكرارلاشقا قاتناشتۇرۇلمىغاندۇ؟

— ياق، لېكىن... — دېدى شامۇت سەل دىلىغۇل بولۇپ، — ئۆتكەنكى ئىمتىهانلاردىمۇ تەكرارلاشقا قاتناشتۇرمىغانتىم، يەنە هەممىدىن يۇقىرى نومۇر ئالدى، بۇ يىلمۇ شۇنداق بولمىسۇن دەپ بىر چارە تاپتىم.

— قانداق چارە؟ — قىزىقىپ سورىدى خالىق.

— ئون نەچچە يىللىق ئەترەت باشلىقىنىڭ چارىسىنى ئاز دەمىلا؟ قارىسام كېچىسى ئۆيىدىن چىراغ ئۆچمەيدۇ. بىر كېچىسى بېرىپ دېرىزىسىدىن ماراپ باقسام دۇم يېتىپ كىتاب كۆرۈۋېتىپتۇ. كۈندۈزىمۇ ئىشنىڭ ئەڭ ئېغىرىغا سېلىپ، كالىدەك ئىشلىتىمەن. ئۇيقۇسىمۇ كەلمەيدىكەنا ئۇنىڭ! شۇنىڭ بىلەن ئەتىسىدىن باشلاپ كېچىسى كىتاب كۆرۈشتىنىمۇ چەكلىدىم.

— قانداق قىلىپ؟

شامۇت خىرىلداپ كۈلۈپ:

— خاماندىكى كۆزەتچىلەرگە ياردەملەش! ياكى ئېچىق يوقلاپ، سۇ ياقىلاپ كەل! دەيمەن. ۋەسسالام!

ھېلىمە شامۇتقا تەئەددى قىلدى:

— ئۇنداق قىلىپ يۈرگىچە كىتابلىرىمنى ئارتىۋالغۇلۇقتى.

— ئۇنداق قىلماق تەس، ھېلىمۇ ئاز قىلمىدۇق، — دېدى خالىق، — بىلمەي يۈرەملا ھېلىمخان، ھازىر بۇرۇنقى جاھان قالمىدى. ئەگەر ئۈستىمىزدىن ئەرز - پەرز قىلىپ قالسا... چوڭقۇر ئىش بولۇپ كەتمەيدۇ، شۇنداقتىمۇ ئاۋارىچىلىق دېسىلە.

— ئۇنى بۇ قېتىممۇ قالدۇرۇپ قويۇشنىڭ يەنە باشقا ئامالى يوقمۇ جۈيجاڭ؟

— ئامالى باردەك قىلىدۇ، شامۇتاخۇن، — خالىق ئاۋازىنى پەسلەتتى، — تايلاق يۈكىدىن بەش - ئالتە كىلو ئاپقىلى بولارمۇ؟

— ئەترەتنىڭ ئىسكىلاتىدىلا بار.

— ھەببەللى! ئەتىلا ماڭا يەتكۈزۈپ بەرسىلە. تۆگە يۈكى دېگەننى بەزىلەر تۇتىيادەك كۆرىدۇ. ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلەرنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرىدىغان ۋاڭ دەيپۇغا سوۋغا قىلايلى، ئاندىن مۇراتنىڭ ئىمتىھانغا قاتنىشىش نومۇرىنى، بەلگە، قىياپەتلىرىنى ئېنىق دەپ بېرەي. شۇ كىشى ئۇنى كېسەلگە چىقىرىدۇ، ئەتسە ئىش پۈتتى دېگەن گەپ!

— ۋاي، جۈيجاڭ! تۆمۈرچىنىڭ سەندىلىدەك ھارىمى ئۇ!...

— تايلاق يۈكى سەندەلدىنمۇ چىڭ، شامۇتاخۇن!

ئىچكىرىدىن خىرىلدىشىپ كۈلۈشۈشلەر ئاڭلاندى.

— بۇ قېتىم ئىشنى پۇختا قىلىپ، قولىمىزدىن كېلىدىغانلىكى چارىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا سېلىپ باقايلى، شامۇتاخۇن، — دېدى خالىق يەنە ئېغىر شىۋىرلاپ تۇرۇپ، — يەنە بىر چارە بار، لېكىن بۇنىڭغا ئۆزلىرىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

— خوش!

— سىلە مۇراتلارنىڭ ئەترەت باشلىقىغۇ؟ خامانغا تاشلىغان ئۇنچىلەرنى قاچان تېپىسىلەر؟

— يەنە بەش كۈندىن كېيىن.

— بولمايدۇ شامۇتاخۇن، بولمايدۇ. يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن ئىمتىھان!

— خامان بىلەن ئىمتىھاننىڭ ئالاقىسىنى تازا ئاڭقىرالمىدىمغۇ، جۈيجاڭ!

— مۇنداق گەپ، ئىمتىھان بەرگۈچى ئىمتىھانغا ئون بەش مىنۇت كېچىكىپ كىرسە ئىمتىھان بېرىش ھوقۇقىنى ئارتىۋالىمىز.

— ھە؟!— شامۇت ھاياجانلىنىپ كەتتى، — چۈشەندىم، چۈشەندىم. خالىق يەنە خاتىرجەم بولالماي شامۇتقا تەپسىلىي چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— قانداقلا بولمىسۇن خامانىنى ئۈچ كۈندىن باشلاپ تېپىڭلار. ئەزالار كېچە - كۈندۈز خاماندا بولسۇن. مۇراتنى شۇ كېچىسى كۈنچىقىشقا يېقىن ماڭغۇزماي بىردەم سائەت تۇتۇپ تۇرالىسىلا قالغان ئىشنى ئۆزۈم جۆندەيمەن. خوش، ئەمىسە!

مۇرات غەزەپتىن تىترەپ دەرۋازىغا ئۆزىنى ئۇرۇۋېلىشقا تاس قالدى. ئىچكىرىدىن زەنجىرنىڭ شىرىقلىشى ئاڭلانغان ھامان ئۇ ئۆزىنى دالدىغا ئالدى.

* * *

ئەتە ئىمتىھان، لېكىن مۇرات كېچىدىن بېرى بىردەممۇ كۆز يۇمماي خامان تېپىش ماشىنىسىغا ئۆزچە تاشلىماقتا ئىدى. شامۇت بۈگۈن باشقىچە جانلانغان، ئۇ مۆگدەپ قالغانلارنى ۋارقىراپ ۋە نوقۇپ ئويغاتقاچ ئۆزىمۇ قول تىقىپ ئىشلەۋاتاتتى. ئۇيقۇسىزلىق ۋە ھارغىنلىق مۇراتنى تاڭغا يېقىن بوشاشتۇرۇۋەتتى. ئۆگە - ئۆگىلىرى سىرقىراپ ئاغرىپ، بېشىمۇ ئېسىلىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ كۆزىنى ھامان كۈنچىقىش تەرەپتىن ئالالمايتتى. ئەنە، ئۇپۇقمۇ قىزىرىشقا باشلىدى، شامۇت ئەمدى ھوشيارلىنىپ، گويا مۇراتنىڭ سايىسىدەك ئۇنىڭدىن بىر قەدەممۇ نېرى كەتمىدى، ئۇمۇ پات - پات كۈنچىقىش تەرەپكە قارايتتى ۋە ۋارقىراپ - جارقىراپ ئەمگەك جىددىيلىكى پەيدا قىلماقتا ئىدى. خاماندىن ناھىيىگە بارغىچە كەم دېگەندە بىر سائەت ۋاقىت كېتەتتى. بۇنى مۆلچەرلىگەن مۇرات ئەمدى ساراسىمىگە چۈشۈپ تۇرالماي قالدى. شامۇت شۇئان ئۇنىڭغا ھۆمەيدى.

— نېمە بولۇۋاتىسەن؟ قولۇڭدا ئارا تۇرماي قالدىمۇ؟

مۇرات شۇ ھامان قولىدىكى ئارىنى پىرقىرىتىپ تاشلىۋەتتى.

— خەۋىرىڭ بارغۇ سېنىڭ؟ مەن ھازىر ئىمتىھان بەرگىلى بارىمەن.

— نېمە دېگىنىڭ بۇ؟ خاماننى كىم تېپىدۇ؟

— يوقىلاڭ باھانە كۆرسەتمە، شامۇت! تەكرارلاشقا قاتناشتۇرمىغىنىڭنى ئاز دەپ، ئىمتىھانغىمۇ بارغۇزمايمەن دېمەكچىمۇ سەن؟

— بىزگە ئىمتىھان ئەمەس، ئاش كېرەك، ئاش! سەنمۇ ئادەممۇ؟ ئاش يېيىسەنمۇ؟ خاماندىن ھېچكىم كېتەلمەيدۇ!

— مانا مەن كېتىمەن!

مۇرات ئۆزچە ئارىسىدىن چىقتى. شامۇت ئۇنى توردى.

— ئۆت بۇياققا!

— ئالدىمنى توسما، شامۇت!

— خاماننى تاشلاپ كېتىسىڭ باقە، قېنى!

— شامۇت، ھازىر سەن بىلەن گەپ تالىشىدىغان ۋاقىت ئەمەس ماڭا! مانا كەتتىم...

مۇرات ناھىيىگە قاراپ ئوقتەك ئېتىلدى، شامۇت قوغلىدى. يۈز قەدەمچە ئۈزاپ بارغاندىن كېيىن ئىككى رەقىب جان - جەھلى بىلەن تۇتۇشۇپ كەتتى. خاماندىكىلەر يىراقتىن قارىشىپ تۇراتتى. مۇرات ئۇنىڭدىن ئۈزۈل - كېسىل قۇتۇلۇپ، يەنە قوغلاش ئىمكانىيىتى بەرمەسلىك ئۈچۈن يانپاشقا ئېلىپ شۇنداق ئاتتىكى، تومۇزدا چاڭقاپ، چۇيۇندەك قېتىپ كەتكەن ئېگىزلىققا بېلىچە چۈشكەن شامۇت «غىق» قىلىپ يېتىپ قالدى، ئۇ ئورنىدىن ئىنجىقلاپ قوپقان چاغدا مۇرات يىراقلاردا قىر ۋە ئېرىقلاردىن جەرەندەك ئاتلاپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى.

دەل مۇشۇ پەيتتە ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ مەيدانىدا دەرۋازىغا كۆز تىكىپ تۇرغان خالىق مۇراتنىڭ تېخىچە يېتىپ كېلەلمىگىنى ئۈچۈن غالىبانە كۈلۈمسىرەپ، كۆڭلىدە شامۇتنىڭ پۇختىلىقىغا تەشەككۈر بىلدۈرمەكتە ئىدى. مانا، ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنىڭ يېرىمى سىنىپلارغا كىرىپ بولدى. يەنە بىر مىنۇتتىن كېيىن ئىمتىھان باشلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئون مىنۇتقىچە...

لېكىن، خالىق دەرۋازىغا يەنە قارىۋىدى، بېشىغا چاقماق تەگكەندەك سىلكىنىپ كەتتى. مۇرات ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولۇپ مەيدانغا ئوقتەك ئېتىلىپ كىرىۋاتاتتى. ھاسىرىشى پۈتۈن مەيدانغا ئاڭلىناتتى. باش - كۆز ۋە چاچلىرى خامانىنىڭ چاڭ-توزان، سامانلىرىدا بۇلغىنىپ، ئۇنى تونۇغۇسىز بىر ھالغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى. ئۇ يالاڭباش، يالىڭاياق بولۇپ، كۆڭلىكىنىڭ ياقىسى كىندىكىگىچە يىرتىلىپ كەتكەن ۋە بىر يېڭى سۆكلىپ ئېسىلىپ قالغانىدى. خالىق مۇراتنىڭ بۇ قىياپىتىدىن شامۇت بىلەن شىددەتلىك ئېلىشقىنىنى پەملىدى.

مۇرات ئىمتىھان بېرىدىغان سىنىپقا كىرىپ پارتىدا ئولتۇرغاندىن كېيىن تارقىتىلغان سوئال قەغىزىگە باشتىن - ئاخىرى بىر قاراپ چىقتى. ئاندىن خاتىرجەمگىنە بىر كۈلۈمسىرەپ قويدى. باشقىلار تاتىرىشىپ كەتكەن ھازىرقى ئەھۋالدا ئۇنىڭ بۇنداق كۈلۈمسىرىشىدىن ئىمتىھان سوئاللىرىنى ئاددىي چاغلاۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەن خالىق خۇددى ئىچىگە بىرسى چوغ تاشلىۋەتكەندەك تولغىنىپ كەتتى. كۆزلىرى چاقناپ كەتكەن مۇرات يەڭلىرىنى بىر شىمايلىۋېتىپ شىمىنىڭ يانچۇقىغا قولىنى سالدى - يۇ، ھودۇقۇپ كەتتى. كېچىدىن بېرى ساقلاپ يۈرگەن قەلىمى يوق تۇراتتى. بايا شامۇت بىلەن تۇتۇشقاندا چۈشۈپ قالغانىكەن. ئۇ قولىنى كۆتۈردى.

— نېمە گەپ؟ — خالىق سوغۇققىنە سورىدى.

مۇرات ئۇنىڭغا قادالغان كۆزلىرىنى شاققىدە يۆتكەپ، باشقا كومىسسىيەلەرگە قاراپ سۆزلىدى:

— كېچىدىن خامان تەپكەنتىم، قەلىمىم چۈشۈپ قاپتۇ.

كومىسسىيەلەر بىر - بىرىگە قاراشتى - دە، ئارىدىن بىرسى كېلىپ قەلىمىنى بەردى، خالىق ئېتىلىپ كەلگەن پېتى قەلەمنى مۇراتنىڭ قولىدىن سىلكىپ ئېلىۋالدى. ئالدىرىماي دوسكا ئالدىغا بېرىپ قەلەمنىڭ ئاستىن - ئۈستۈن قاپلىرىنى چىقاردى ۋە سىڭا كۆزىنى قىسىۋېلىپ ئىچىنى قايتا - قايتا تەكشۈرۈشكە چۈشتى، ئۇ قەستەن ۋاقىتنى سوزماقتا ئىدى. شۇنداقتىمۇ قەلەمنى ئارتۇقچە تۇتۇپ تۇرۇشقا سەۋەب تاپالماي، تولىمۇ تەسلىكتە كېلىپ مۇراتقا قايتۇرۇپ بەردى.

سىنىپتىن ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنىڭ ھەسرەتلىك تىنىشلىرى، رەللە بولۇپ تاماق چىكىلدىتىشلىرى، پارتىلارنىڭ غىچىلداشلىرى ئاڭلىناتتى، بەزىلەر بىچارىلەرچە تەلمۈرۈپ بىر - بىرىگە بويۇندىشاتتى، ھەتتا بەزىلەر قولىدىكى ئىمتىھان سوئالىغا ئۆزى پەقەت تونۇمايدىغان يات يېزىقلارغا قاراۋاتقاندەك گاراڭ بىر ھالەتتە قاراپ قالغانىدى، قەلەملىرىمۇ گاڭگىراپ قالغاندەك ئىدى. بۇ سىنىپتا پەقەت بىرلا قەلەم، بىراۋدىن ھېلىلا ئارىيەت ئېلىنىپ، ھەممىدىن كېيىن قولغا تەگكەن قەلەم قەغەز ئۈستىدە باشقىچە سۈرئەتتە يېنىك شىرىلداپ، راۋان يۈرمەكتە ئىدى.

15

كۈن پېشىندىن قايرىلغان چاغ بولسىمۇ سېنتەبىر قۇياشى ھېلىمۇ قاتتىق قىزدۇرۇۋاتاتتى. پايانسىز كەڭلىكنىڭ يارىشىقى بولۇپ لەيلەشىپ يۈرگەن بىرنەچچە پارچە ئاپئاق بۇلۇتلارنى ھېسابلىمىغاندا ئاسمان كۆل سۈيىدەك تىنىق ۋە كۆپكۆك ئىدى. ئاق پەيلىرىنى يالت-يۇلت چاقنىتىپ بۇلۇت ئاستىدا ئويناۋاتقان بىر جۈپ تورغاي گويا قۇياشقا قاراپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان پەرۋانىلاردەك كىچىك ئەمما روشەن كۆرۈنەتتى.

كۈزگى بۇغداي تېرىش مەۋسۇمى بولغاچقا ئېتىزلاردا گۇرۇپپىلار بويىچە جىددىي ئەمگەك مۇسابىقىسى كېتىۋاتماقتا، شوخ كۈلكە، جاراڭلىق ناخشا سادالىرى كۆڭۈللەرگە زوق، بىلەكلەرگە قۇۋۋەت بېغىشلاپ كۆككە ياڭرىماقتا؛ يىراقتا كەتمىنىنى ۋال-ۋۇل چاقنىتىپ سۇ تۇتۇۋاتقان يىگىتنىڭ زوق-شوقى بىلەن بېرىلىپ ئېيتىۋاتقان «لەيلىگۈل» غەزىلى بۇ ۋادىدا لەرزان كېزىپ، يۈرەكلەرنى شېرىن تۇيغۇلار بىلەن تىترەتمەكتە ئىدى.

بىر ئېتىزدا تۇرنىدەك قاتارلىشىپ قوشچىلارنىڭ كەينىدىن يەر تۈزلەۋاتقانلار ئىچىدىكى بىرنەچچە قىز چاقچاققا چۈشتى.

— تىڭشا ئارزىگۈل! كامىلجان تۇپتوغرا ئىسمىڭنى ئاتاشتىن خىجىل بولۇپ غەزەلدە سېنى يىراقتىن «لەيلىگۈل» دەپ چاقىرىۋاتىدۇ.

ئارزىگۈل ئىسىملىك قىزنىڭ چىرايى غۇنچىدەك قىزاردى-يۇ، چىرايلىق زىناقلىرى تەبەسسۇمغا تولدى.

— تىڭشىمىدى دەمسەن؟ — دېدى ئىككىنچى قىز، — قۇلىقىدا ئەمەس، يۈرىكىدە تىڭشاۋاتىدۇ، يۈرىكىدە!

— تولا غەزەل ئېيتىۋېرىپ چاڭقاپ، چاكىلداپ كەتكەندۇ، بىرەر چىنە ئۇسسۇزلۇق ئاپىرىپ بەرسەڭچۇ، ئارزىگۈل، — دېدى قارا قۇمچاقراق ئۈچىنچى قىز.

— بايقىمىدىڭمۇ؟ — دېدى تۆتىنچىسى، — بىرەر چىنە سۇ ئەمەس، تازا نەشپۈتتەك بىر كۆكچى قوغۇننى ئاللىقاچان ئېرىقتىن غەزەل تەرەپكە ئېقىتىۋەتتى!

— خۇداغا شۈكرى، تىلىپ بېرىمەن دەپ قوغۇن بىلەن ئۆزىمۇ بىللە ئېقىپ كەتمەپتۇ ياخشى ...

— ھا ... ھا ... ھا ...

كامىلجان بىلەن ئارزىگۈلنىڭ بولغۇسى تويى ئۈچۈن «لەيلىگۈل»نى باھانە قىلىپ ئۈزمەي چاقچاقلىشىۋاتقان شوخ قىزلارنىڭ كۈمۈش قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازىدەك زىل كۈلكىلىرى قوشى ئەپلەشمەي تېرىكىپ تۇرغان شاموتنىڭ تېخىمۇ ئوغىسىنى قايىنىتىۋەتتى.

— خام قاپاقتىن سۇ تۆكۈلگەندەك نېمە تولا كاكىرىشىسەن؟ — دەپ ھۆركۈردى ئۇ قىزلارغا.

بىردىنلا چىرايى ئۆڭۈشكەن قىزلار شاموتقا غەزەپلىك قاراشتى. ئادەتتە كەم سۆزرەك چاغلىنىدىغان گۈلنار ئىسىملىك قىز كەتمىنىنى زەرپ بىلەن چېپىپ قولىقىغىچە چۆكتۈرۈۋەتتى-دە:

— تولا زەھرىڭنى چاچما سەن بىزگە! بىزنىڭ ئىشلىرىمىز خېلى جايىدا. قوشنى قاملاشتۇرۇپ ھەيدىيەلمەي ئاچچىقىڭنى بىزدىن ئالامسەن! قاچانغىچە تۈگىمەيدىغان مۆتەھە-

www.uyghurkitap.com

لىك بۇ، قارا، ئاۋۇ مۇراتجاننىڭ ھەيدىگەن يەرلىرىگە، سېنىڭكىدىن ئىككى ھەسسە ئارتۇق چىقىدۇ، — دېدى.

باشقىلارمۇ ئاچچىق-ئاچچىق غۇدۇراشتى.

— بۇ كوت-كوتلارغا ئەمدى قانداق گەپ تېپىپ بېرەلەيسەن؟ — دەپ ۋايساپ كەتتى شامۇتنىڭ قوشىنى يېتىلەۋاتقان ئايالى ھېلىمە، — تۇۋا، قانداق زامان بولۇپ كەتتى بۇ! ئىشتان بېشىغا، كۆڭلەك ئاياغقا... باشلىقىمۇ ئوخشاش، ئەزاسىمۇ ئوخشاش، تېخى تۈنۈگۈنلا نەچچە پۈكۈلۈپ تەزىم قىلىدىغان بۇ بىر نېمىلەر ئەمدى ئازراق ھېيىقايمۇ دېمەي تەكىمۇتەك زوكۇنلىشىدىغان بولۇۋالدى. ئىگىسىنى ئالدىغان قۇشلار! — ئۇ ئەمدى ئېرىگە تىل ياغدۇرۇشقا باشلىدى، — ھەي! شۇ ھالىڭغا باشلىقمەن دەپ يۈرەمسەن؟ باشلىق دېگەنچۇ، قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، پاپىروس تارتىپ، چوڭ سۈپەت بولۇپ قىرمۇ قىر ئايلىنىپ يۈرەمدۇ؟ ئەزا بىلەن ئوخشاش ئىشلىسە قەدرى، سۈرى بولامدۇ باشلىقنىڭ؟ ئېسىت... بىر چاغلاردا قانداق ھېلىمەم ئىدىم، مەن؟ توي-تۆكۈنلەردە تۆر مېنىڭ ئىدى. ئەمدى بۈگۈنكى ھالىم پاتقاق كېچىپ قوش يېتىلەش بولدىمۇ؟ لەنەت سەندەك ئەرگە! ئىش بىلمەيدىغان لەقۋا!...

شامۇت مۇشتىنى دۈۋەيلەپ، گۆرەنلىرىنى كۆپۈرۈپ ۋارقىرىدى:

— ھېلى بىكار، يارامغا تولا تۇز سەپمە، كاس-كاس!

بۇرۇنقى ئەترەت ھازىر نەچچە گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ كەتكەن بولسىمۇ، شامۇت ھېلىمۇ ئاتاقتا باشلىق ئىدى. ئۇ بۈگۈن ئەتىگەندە تۇيۇقسىز يىغىن ئېچىپ مۇرات قاتارلىق بىر نەچچە كىشىنى تاغدىكى يايلاقتىن مال قىغى ئېلىپ كېلىشكە ئورۇنلاشتۇرۇۋىدى. ئەزالار تەرەپ-تەرەپتىن چۇقۇرىشىپ كەتتى:

— مۇراتجانغا يا بۈگۈن، يا ئەتە داشۆدىن چاقىرىق قەغىزى كېلىدۇ دەۋاتساق، ئۇنى جابدۇقىنى قىلىۋال دېمەكتە يوق قەستەن تۆت كۈنلۈك سەپەرگە بەلگىلەپ قويۇشنىڭ ئۆزى قانداق گەپ بۇ؟

— ئۇنىڭغا چاقىرىق قەغىزى كېلەمدۇ، كەلمەمدۇ بۇنى قانداق بىلسىلەر؟ — دېدى شامۇت كۆچىنىپ قىزارغان-ھالدا.

— داشۆنىڭ تاللاش ئۆلچىمى 170 نومۇر تۇرسا، چاقىرىق قەغىزى 320 نومۇر ئالغان مۇراتجانغا كەلمەي، 90 نومۇر ئالغان ئەركىنجىنىڭىزغا كېلەمتى؟

— قىغقا باردىغان ئىش بولسا مۇراتجان قالسۇن، مانا بىز بارىمىز...

شامۇت شۇنچە قىلىپمۇ خالىق تاپشۇرغان بۇ ئىشتا مەقسىتىگە يېتەلمىدى. ئەكسىچە، «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك ئەزالار ئۇنى قىغقا ئۆزلىرى بىلەن بىللە بېرىشقا تەكلىپ قىلىشتى. خورجۇن نېنى يەپ، سىرغۇق سۇ ئىچىپ، دالىدا پاشىغا تالىنىپ قىغ ئېلىپ كەلمەك شامۇتقا ئاسانمۇ؟ شۇڭا ئۇ باھانە كۆرسەتتى:

— بۈگۈن رايون كادىرلىرى بىزنىڭ ئەترەتتە نەق مەيدان يىغىنى ئاچماقچى. ئېتىز ئۈستىدە ئۆزۈم تۇرمىسام...

ئۇ ئۆز چېغىدا رايون كادىرلىرى ئالدىدا بىر قوشنىنى ئۆزى ھەيدەپ، ئايالىغا يېتىلتىپ، قولدىن كېتەي دەپ قالغان ھوقۇقىنى قايتا مۇستەھكەملىمەكچى بولدى، شۇڭا ئاخشامدىن بېرى ئايالىغا شۇنداق دەپ يالۋۇرغانىدى.

— خوتۇن، كېيىنلىكىمىز ئۈچۈن مەن ھەيدەپ، سەن يېتىلەپ رايون كادىرلىرى

ئالدىدا بىر قوشنى ماڭغۇزساق ئۇلار يەنىلا بىزنى ئىشتا باشلامچىكەن، دەيدۇ. جەڭ دېگەن شۇنداق رەڭ بولىدۇ خوتۇن. پەقەت بۇگۇنلا، بىر كۇنلا چىدا، جېنىم خوتۇن!

ھېلىمە تەسلىكتە كۆندى. شۇنداق قىلىپ شامۇت دۈيجاڭلىق تارىخىدا تۇنجى قېتىم «تاپ!» دەپ ئېتىزغا قوش سالدى. بىراق، ئۇ ئاڭلىغان خەۋەردە يېڭىلىشكەنمۇ قانداق، رايون كادىرلىرى كۇن چۇش بولغۇچە كەلمەي قويدى. تولىمۇ سەمىرىپ كەتكەن ھېلىمە پەقەت چىدىيالمىدى-دە، بارلىق غەزىپى بىلەن ئېرىغا ھۇجۇمغا ئۆتتى:

— قېرى قاقباش! — دەپ جان-جېنىدىن ئۆتكۇدەك قىلىپ ۋارقىرىدى ئۇ، — ئالجىغان قېرى قاقباش، قېنى ئۇ سەن بىلەن مېنى ماختاپ، مۇكاپاتلايدىغان كادىرلىرىڭ!

شامۇت ئالدىنىش دەردىنى ئىچىدە بىلىپ، ھېلىمەنى بەزلەپ باقتى.

— خوتۇن، ئەھۋال ئۆزگىرىپ قالغان ئوخشايدۇ.

قوش ھەيدەش ئۇ ئويلىغاندەك ۋە باشقىلاردىن قۇسۇر تېپىپ ۋارقىرىغاندەك ئاسان چىقمىدى. ئۇنىڭ قولى ساپان سىپىدا بولسىمۇ كۆزلىرى پات-پاتلا كادىرلارنى كەچ بولسىمۇ كېلىپ قالار دېگەن ئۇمىدتە ناھىيە تەرەپكە كېتىپ قالاتتى. ئۆگەنمىگەن قوللاردىكى سوقا پات-پات تاپتىن چىقىپ كېتەتتى. يۈكى يەڭگىللەشكەن تۆگە قۇرۇق ساپاننى سۆرەپ تاپ بويلاپ يۈگۈرەتتى. ھېلىمە قورققىنىدىن تۆگىنىڭ ئالدىدا ئۆردەكتەك ئىغاڭلاپ قاچاتتى، تۆگىنىڭ لوككىسىدەك يوغان ئەمچەكلىرى ئۆز ئېتەكلىرىگە پۇلاڭلاپ تېگىپ، لوپۇلداپ كېتەتتى. تۆگىمۇ ئەلۋەتتە يېتىلىگەن كىشىگە ئەگىشىپ تېخىمۇ يۈگۈرەيتتى. ھېلىمە ئەمدى تۆگىنى قەستەن قوغلاۋاتىدۇ، دەپ بىلىپ چىرقىرىدۇەتتى، شامۇت سوقىنى تاپقا سالالماي ئارقىسىدىن «قويۇۋەتمە، قويۇۋەتمە!» دەپ ۋارقىرايتتى. باشقا ئېتىزلاردىكى قوشچىلار ۋە يەر تۈزلەۋاتقان قىز-چوكانلار تېلىقىپ-تېلىقىپ كۆزلىرىدىن ياش چىققۇچە كۈلۈشەتتى ...

— تۆگىنىڭ چۇلۇۋرى بەك قىسقىكەن، — دېدى ھېلىمە ئاخىرى بولالماي.

شامۇت ئۆز يېنىدىن ئۇلغۇدەك بىر نەرسە تاپالماي باشقىلاردىن سوراشقا مەجبۇر بولدى.

— بىرسىڭلاردا بىرەر غۇلاچ تانا بارمىدۇ؟

— يانچۇقۇڭدىن دائىم بىر تانا ئۈزۈلمەيتتىغۇ؟ — دېدى ھېلىقى گۇلنار ئىسىملىك تىز ئۇنىڭغا مۇراتنى باغلىغانلىرىنى ئەسلىتىپ. شامۇت گۇلنارغا ئەلەملىك بىر ئالىيىپ قويۇپ، تۆگىنى جايىغىلا چۆكتۈردى-دە، ئارام ئالغاچ بۇرۇنقى «جەڭگىۋار» يىللىرىنى ئەسلەپ ئۆز ئۆزىگە غودۇڭشىدى:

— جاھان نېمە بولدى؟ مەن نېمە بولدۇم؟ ... ئېست! مۇشۇ ھالغا چۈشتۈممۇ ئەمدى! تېخى يەرلەر شەخسلەرگە كۆتۈرە بېرىلەرمىش، ئۇ چاغدا كىم تونۇيدۇ مېنى؟ كۇنۇم نېمە بولىدۇ؟!

ئۇ ئەسەبىيلىشىپ قولىدىكى ئۇزۇن سۆگەت تايىقىنى ئىختىيارسىز يەرگە زەردە بىلەن ئۇرۇۋىدى، تاياقنىڭ ئۇچى چىۋىسىغا تەگكەن تۆگە ئۈركۈپ قوپۇپ سوقىنى سۆرەپ قاچتى. تۆگە توغرا كەلگەن بىر ئېرىقتىن تاقلاپ ئۆتكەندە قېلىن چىمەنغا قاپلاشقان سوقا بوغۇزىدىن قارس قىلىپ سۇندى. بۇ ئەلەملەرگە چىدىماي قالغان شامۇتنىڭ قولىدىكى تاياق ئەمدى ئەتىۋارلىق خوتۇنىنىڭ بېشىدا ئويناشقا باشلىدى. ھېلىمە چىرىلدايتتى. شامۇت ساۋىغاچ خىرىلدايتتى. ئۇ قاچاتتى، بۇ قوغلايتتى ...

www.uyghurkitap.com

بۇ كۆرۈنۈشلەر تۆت مويەرنى ھەيدەپ تۈگەتىپ، باشقا ئۆتەزغا يېڭىدىن تاپ سال-
غان مۇراتقا ئاشۇ تاياقنىڭ ئۆز بېشىدا ئوينىغانلىرىنى ئەسلەتتى بولغاي، ئىچى ئاچچىق-
قا تولۇپ، تاماكا چېكىشكە ئولتۇردى. ئۇ تۈگىمەس قىساسلارغا بەدەل تۆلەشنى ئەمدىلا
باشلاپ، شۇنچە يىغىلىشىۋاتقان بۇ بەختسىزلەرنى تاماشا قىلغاچ ئاغزىدىن ھالقا - ھالقا
بولۇپ چىقىۋاتقان كۆكۈچ ئىسلارغا قاراۋاتاتتى. ناھىيە تەرەپتىن كېلىۋاتقان ۋېلىسىپىت-
لىك كىشىگە كۆزى چۈشۈپ قالدى. مۇرات ۋېلىسىپىتنى قويۇندەك چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان،
ئىمتىھاندىشىنى يىراقتىنلا تونۇپ، قاڭقىپ تۇرۇپ كەتتى.

— ئەنۋەر! ...

يۈزى ئاناردەك قىزىرىپ، كىيىملىرى تەردىن ھۆل بولۇپ كەتكەن ئەنۋەرمۇ ۋې-
لىسىپىتتىن چۈشمەيلا ۋارقىرىدى:

— چاقىرىق قەغىزى كەلدى مۇرات، چاقىرىق قەغىزى!

ئاھ، شادلىقەي، تۇيۇقسىز كەلگەن خۇش خەۋەرمۇ شۇم خەۋەردەك قورقۇنچلۇق بولىدۇ.
ئۇمۇ ئادەمنى بىھوش قىلىۋېتەلەيدۇ ... مۇراتنىڭ يۈرىكى تاڭلىيىغىچە ئۇچچۇپ چىقتى، نە-
پەس يېتىشمەي ھاسىراپ كەتتى، بېشى پىرىلداپ، ئىزىدا ئولتۇرۇپ قالدى ...

ئەزالار ئېتىز - ئېتىزدىن يۈگۈرۈشۈپ كەلدى.

— ھوشىڭىزغا، بەختىڭىزگە بارىكالللا. مۇراتجان!

— مۇبارەك بولسۇن مۇراتجان!

— .........

مۇراتنىڭ ئاغزىغا گەپ كەلمەيتتى، لەۋلىرى تىترەيتتى. نەملەنگەن كۆزلىرىدە چۆ-
رىسىدىكىلەرگە مۆلۈلدەپ قارايتتى.

ئەمدى ئۇياقتىكى ئېتىزدا ئېرى بىلەن يالغۇز قالغان ھېلىمە نالە قىلىشقا باشلىدى:

— ئېست قويلىرىم! ھېلىقى خالىق پور بىزنى گوللاپ توپاقتەك ئىككى قويۇمنى
يەپكەتمىدىمۇ، ئىست! ... — قوللىرى شامۇتنىڭ ياقىسىدا لەپپەڭشىيتتى، — تۇرامسەن! بېرىپ
خالىقنى بوغ! تېخى تۇنۇگۈن مەشۇتتەك تايلاق يۈگىدىن سەككىز كىلو تارتىپ بەر-
مىدىمۇ مەن! ۋاي ئېست، دوختۇرغا بەرمەپتۇ، ماڭ! يا بىزدىن ئالغانلىرىنى، يېگەن-
لىرىنى ياندۇرسۇن، بولمىسا بالىمىزنى ماڭغۇزۇپ، ماۋۇ مۇراتنى توختاتسۇن. ئەرز قىل،
ئۇ پارىخورنىڭ ئۈستىدە ئەرز قىل، ماڭ! ...

ئىت ئەنە شۇنداق قاۋاۋەردى، كارۋان مېڭىۋەردى!

مۇرات ئەنۋەرنىڭ ۋېلىسىپىتكە مىنگىشىپ مائارىپ ئىدارىسىگە كىرگەندە ناھىيە
بازىرىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتكەن بۇ خۇش خەۋەردىن ھوشىنى يوقاتقان خالىق جوزى-
سى ئالدىدا سالپىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇ خۇددى يۈز يىل كېسەل تارتقان كىشىدەك تاتى-
رىپ، بەدرەڭلىشىپ كەتكەنىدى. كونا رەقىبلەرنىڭ كۆزلىرى ئىشخانا ئىچىدە بىر دە-
قىقە ئۇچراشتى - دە، ئىككى جۈپ كۆزنىڭ ئارىلىقىدىن گويا تاشقا ئۇقيا تەگكەندەك
ئوت چاقناپ كەتتى. خالىق مەغلۇپلۇق خورلۇقىدا مۇراتقا لىپاپىنى ئۇزاتتى. لىپاپىنى
ئۇزاتقان قولمۇ، ئۇنى ئالغان قولمۇ تىترەپ كەتتى. بىرسىنىڭ قولى ئەلەمدىن تىترىسە،
بىرسىنىڭ بەختتىن تىترەيتتى ... تۇۋا! شۇنچە ئېغىر كەتمەنلەرنى، جوتۇلارنى كۈن
بويى چاپقاندىمۇ، قوچاق يەتكۈسىز قورام تاشلارنى يەردىن ئۈزۈپ ئالغاندىمۇ، شامۇت

قايرىپ باغلىغاندىمۇ تېلىپ، تىترىمىگەن قوللار ئۇن گرام ئېغىرلىقتىكى لىپاپىنى تۇتۇپ تىترىمەكتە ئىدى ...

* * *

ئىككى كۈنگىچە مۇراتنىڭ ئۆيىدىن ئادەم ئۆكسىمىدى. ئۇ سەپەرگە ئاتلىنىش ئالدىدىكى ئاخشىمى ئۆزىنى چوڭ قىلغان ۋە ئەمدى قارامسىز قېلىۋاتقان ئۆيى بىلەن، ئانىسى تامغا قاققان قوزۇقلارغىچە يېنىپ-يېنىپ قاراپ خوشلىشىۋاتاتتى، ئۆي يەنە بىردەمدىلا ئەل-ئاغىنىلىرى بىلەن تولدى.

بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆزى بىلەن ئىمتىھان بېرىپ ئۆتەلمەي قالغانلارمۇ، بۇرۇن بىللە ئوقۇپ، ھازىر باللىق بولۇپ كەتكەن ساۋاقداشلىرىمۇ، ئۆز ۋاقتىدىكى ئوقۇتقۇچىلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلار تېخى ئەمدىراق ئولتۇرۇپ تۇرۇشۇۋىدى، ئىشىككە لىققىدە كەلگەن جالال شىرىپ ئېڭىشكەن ھالدا كىرىپ كەلدى-دە، باشقىلار بىلەن سالاملىشىشىمۇ ئۇنتۇپ مۇراتنى بىر ھازا قۇچاقلاپ تۇتۇپ تۇردى.

— رەھمەت ئۇكام، غەيرىتىڭىزگە رەھمەت!

ئاندىن باشقىلار بىلەنمۇ سىلكىپ-سىلكىپ قول ئېلىشتى. ھەممەيلەن مۇراتقا قىزىقسىنىپ، ئاپىرىن نەزەرىدە تىكىلەتتى. باشلىرىنى يېقىن قىلىشىپ نېمىلەرنىدۇر شىۋىرلىشاتتى، يەنە مۇراتقا قارىشاتتى، ئۇنىڭ ئۆتمۈشى ۋە كەلگۈسى ھەققىدە سۆزلىشەتتى. بىراق مۇرات ھاياجاندا قىلغىلى گەپ تاپالماي قېلىۋاتاتتى. جالال شىرىپ سومكىسىدىن ئىككى بوتۇلكا ھاراق ۋە پىشۇرۇلغان گۆش ئېلىپ ئوتتۇرىغا قويدى.

— قېنى كېلىڭلار، ئازراقتىن ئىچىشەيلى، مۇراتجان سىزمۇ ئىچىڭ، كۆكسىڭىز ئازراق بېسىلسۇن.

ھاراق ئىچىلىپ، داستىخان يىغىشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن جالال شىرىپ ھويلىغا چىقىپ كېتىپ، يېڭى ئەدىيالغا ئورالغان بوپىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ مېھمانلارنىڭ ئالدىدا ئاچتى، ئەدىيالنىڭ ئىچىدىن ۋالىداپ تۇرغان بىر تاۋار يوتقان، قېلىن بىر كۆرپە ۋە خېلىلا كۆركەم بىر دانە ياستۇق چىقتى. ياستۇقنىڭ ئۈستىدە پۇل سېلىنغان بىر لىپاپىمۇ تۇراتتى. ئىككىيلەننىڭ دوستلۇقىدىن بۇ ئولتۇرغانلار ئىچىدە ھېچكىمنىڭ ئازراقمۇ خەۋىرى بولمىغاچقا يوللۇق سوۋغىلارغا ھاڭ-تاڭ قېلىشتى ۋە دىللىرى سۆيۈنۈپ كەتتى. مۇرات ئوڭايسىز بىر ھالەتتە ئاستا بېشىنى ئەگدى.

— مۇراتجان، — دېدى جالال شىرىپ بىر ئاجايىپ مېھىر بىلەن، — خەۋەر تۇيۇقسىز كېلىپ قاپتۇ، ھەقىچان تۈزۈكرەك جابدۇنۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەنسىز، بۇلارنى ئېلىۋېلىڭ.

مۇرات جالال شىرىپقا لاپ قىلىپ بىر قاراپ، كۆزلىرىنى ئىختىيارسىز يۇمدى. بوغدىيىكى بىرنەچچە قېتىم يۇقىرى-تۆۋەن سىلكىندى، سورۇنمۇ تىمتاسلىققا چۆمدى. بىر چاغدىن كېيىن ھەممەيلەن مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك بىر ئېغىزدىن:

— مۇراتجان، بىزگە دەيدىغان گەپ سۆزلىرىڭىز يوقمۇ؟ — دېيىشتى.

مۇرات سورۇندىكىلەرگە بىر-بىرلەپ قاراپ چىقتى ۋە سەپەرگە تەييارلىغان سومكىسىنىڭ ئىچىدىن قىزىل تاشلىق بىر خاتىرىنى ئالدى.

— رەھ...مەت دوستلىرىم، ھەم...مەڭلارغا رەھ...مەت! ... — ئۇ سۆزلىۋىدى ئاۋازى تىترەپ كەتتى، — مېڭىش ئالدىدا سۆزۈمنى ئاڭلىغۇڭلار كېلىۋاتىدۇ، لېكىن، مەن نېمە ...

www.uyghurkitap.com

بولدۇم؟ ئۆزۈمنى دەڭسەپ باقسام سىلەرگە ھازىر تۈزۈكرەك ئىككى ئېغىز بىر نېمە دېيەلمىگۈدەكمەن. بۇنى بىلگەندەك، سىلەردەك قەدىردانلىرىمغىمۇ، ئۇنتۇيالمايدىغان رەقىبلىرىمگىمۇ، ئۆتمۈشكىمۇ، بۈگۈنگىمۇ دەيدىغانلىرىمنى كېچىدىن ئۇخلىماي يېزىپ چىققانىكەنمەن. يۈرەك سۆزلىرىم ھېسابىدا شۇنى ئوقۇپ بېرەي.

ئۇ خاتىرىسىگە گاھ قاراپ، گاھ قارىماي دولقۇنلىنىپ تۇرغان ئاجايىپ ئاھاڭدار بىر ۋەزىندە تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇشقا باشلىدى:

كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەسكەن
بولسىلا گەر ئەرلىك ئىرادە.
ئاتلىقلارمۇ قايتقان بۇ يولدىن
مەنزىلىمگە يەتتىم پىيادە.
ئۇچۇپ يەتتىم، پىيادە ئەمەس
ئۈمىد بەرگەن مەغرۇر قاناتتا.

جان ئىككەنمۇ ئىنسانغا ئۈمىد،
بۇ چېكى يوق تىلسىم ھاياتتا.
يېتەكلىدى قولۇمدىن ئۈمىد
تەۋەككۈلنىڭ كۆۋرۈكلىرىدە.
ساداقەتلىك يار بولدى ئۈمىد
ياشلىقىمنىڭ چۆللۈكلىرىدە.

ئۇ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە سەل توختىۋېلىپ، ئوقۇشنى يەنە داۋاملاشتۇردى.

ئۈمىد بىلەن يەتتىم مۇراتقا،
كۆشەندىلەر قالدى چېكىمدا.
مۇبارەكلەپ كۈلدى كائىنات،
ئۈمىد زەر تاج بولدى بېشىمدا،

كۈلەي، دەردنى يەنە ئەسلىمەي،
جاراھەتلەر پۈتتى يۈرەكتە
ئۈمىد قىلغان زامان تۈتتى مەي
تاڭ چېھرىدەك زۇمرەت قەدەھتە.

مۇرات شېئىرنى ئوقۇپ بولغاندا تىڭشىغۇچىلارنىڭ ھېچقايسىسى خىلمىغىچە، ئۆزىگە كېلەلمىدى. جالال شېرىپ كۆزلىرى ياشقا تولۇپ، ئۈمچىيىپ قالغانىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ھازىر شۇنچىلىك سېھىرلەپ، ھەيرەتتە قالدۇرغان بۇ پىغانلىق شائىرنىڭ باشقىسى بولماي، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بىللە ياشاپ تۇرۇپمۇ ئاددىي دېھقان دەپ چۈشەنگەن، شامۇتتەك ياۋايىلار تەرىپىدىن شۇ قەدەر كەمسىتىلگەن، ئېزىلگەن مۇرات ئىكەنلىكىگە تاڭ قېلىشتى. ئۇنىڭغا قىلغان بۇرۇنقى ئاددىي مۇئامىلىرىگە خىجىل بولۇشۇپ، يۈزلىرى لاۋۇلداپ ياندى ... ئەنە شۇنداق خەيرلىك تاڭلارنىڭ بىرىدە شۇڭقار قەپىسىنى پاچاقلاپ چىقىپ، تالماس قاناتلىرىدا كۆك بىلەن سۆيۈشتى ... مۇرات ئون كىلومېتىرچە ئۇزاپ بارغاندىن كېيىن ئاپتوبۇس كۆزنىكىدىن بېشىنى چىقىرىپ كەينىگە قارىۋىدى، يۇرتىنىڭ ئورنىدا بىر باغ كۆرۈندى. ئۇ شۇنچە قىممەتلىرىنىڭ تاغلار ئارىسىدىكى سايىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كىچىككىنە باغدەك كۆرۈنۈۋاتقان ئاشۇ يېزىدا يۈز بەرگەنلىكىگە ئىشەنگۈسى كەلمەدى. ئاپتوبۇس ئىچىدە يېنىك چايقىلىپ ۋە كۆزنەكلىرىدىن ئۇرۇلۇۋاتقان غۇر - غۇر شامالغا قىزىپ كۆيۈشۈۋاتقان يۈزىنى تۇتقان ھالدا شىۋىرلىدى:

ئۇچۇپ ماڭدىم، پىيادە ئەمەس
ئۈمىد بەرگەن مەغرۇر قاناتتا ...

مەسئۇل مۇھەررىر ئارسلان

سەيپۇل يۇسۇپ

# ئۇنتۇلماس تەسىراتلار

(زىيارەت خاتىرىسى)

16 - ئىيۇن «ئۇنتۇلغان ئاسار - ئەتىقىلەر» كۆرگەزمىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. بۇنىڭدا ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمىغۇدەك بۇزۇلغان قۇرۇلۇشلارنىڭ رەسىملىرى سىزىلىپ كۆرگەزمە قىلىنغان. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 5 - بەشيىللىقلىرى جەريانىدا بۇلاردىن دىنىي تۈس ئالغانلىقى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىرىمۇ بار ئىكەن. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مەشھۇر چېركاۋلار بولۇپ، سەنئەت قىممىتى بەكمۇ يۇقىرى قۇرۇلۇشلار ئىكەن. ھازىرچە كۆرگەزمىگە 150 پارچە رەسىم قويۇلۇپتۇ. پادىشاھ پېتىر I ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا - 1703 - يىللىرى ئۆزى تۇتۇپ ئىشلىگەن بىر چېركاۋ بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئورنى ئىنقىلابىي مەيداندا بولۇپ، كېيىنكى يىللاردا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقتىن رەسىمگە سىزىلىپ كۆرگەزمىگە قويۇلۇپتۇ.

كۆرگەزمىنىڭ 2 - بۆلۈمىدە ئاساسەن بۇزۇلغان بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىنىڭ رەسىملىرى كۆرگەزمىگە قويۇلغان. 3 - بۆلۈمىدە ھەيكەلتىراشلىق قىممىتى بولغان قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ رەسىملىرى كۆرگەزمىگە قويۇلغان. ئەسلىدە لېنىنگراد شەھەرلىك ھۆكۈمەت بۇ كۆرگەزمىگە ئانچە قىزىقمىغان بولسىمۇ، مەدەنىيەت فوندى جەمئىيىتىنىڭ بىۋاسىتە يېتەكچىلىكى، تەشكىللىشى ئارقىسىدا بۇ كۆرگەزمە ناھايىتى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. لېنىنگراد مەدەنىيەت فوندى جەمئىيىتىنىڭ مەقسىتى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئىمارەتلەرنىڭ رەسىم كۆرگەزمىسىنى ئېچىش بىلەنلا قالماي، بۇ نەرسىلەرنى يىغىش، توپلاش، ئەڭ مۇھىمى رېمونت قىلدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىشتىن ئىبارەت ئىكەن. ئۇلارنىڭ قارىشىچە مۇنداق قىلىش بيۇروكراتلىق ئىستىلىنى تۈزىتىشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەن.

لېنىنگرادنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى يەنە بىر تارىخىي مۇزېيغا باردۇق. ئۇ ئەسلىدە چار پادىشاھنىڭ شەھەرنى قوغداش گارنىزونى تۇرغان جاي بولۇپ، جەنۇب تەرىپىدە نېۋا دەرياسى ئۆركەشلەپ ئاقاتتى. ھويلىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بىر كىچىك قەلئە بولۇپ، بۇ قەلئە چار پادىشاھنىڭ تۈرمىسى ئىكەن. بۇ يەردە 60 ئېغىزلىق تۈرمە ئۆيى بولۇپ قاپقاراڭغۇ ئۇزۇن كارىدورنىڭ ئىككى تەرىپىدە كامېرلار بار ئىكەن. بۇرۇنقى گۇندىپايلار شەكلىدە ياسالغان ھەيكەللەر خۇددى تىرىكتەك تۇيۇلىدىكەن. كامېرلارغا بۇرۇن نېمە بولسا شۇ نەرسىلەر قويۇلغان. تىزىملىك دەپتىرىدە ئۇليانوۋ، ماكسىم گوركىيلارنىڭمۇ بىر ئاي چامىسىدا قامالغانلىقى خاتىرىلەنگەن. كارىدورنىڭ سىرتى قەلئەگە ئوخشىغان كىچىك ھويلا بولۇپ، ئۇ يەردە ھەر كۈنى مەھبۇسلار ئاز ۋاقىت دەم ئالغانىكەن. بىر ئايدا بىر قېتىم يۇيۇنىدىغان ئۆيى بار ئىكەن. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن سوۋېت ھۆكۈمىتىمۇ بۇ جاينى 1921 - يىلغىچە تۈرمە قىلغان. كېيىن تارىخىي مۇزېي قىلىپ ئۆزگەرتكەن.

www.uyghurkitap.com

بىز ئىۋا دەرياسىنى بويلاپ مېڭىپ يازلىق باغچىغا كەلدۇق. يازلىق باغچىنىڭ غەرب تەرىپى دەرياغا تۇتىشىپ تۇرىدۇ. بىز ئايلىنىپ ئىۋا دەرياسىغا قاراپ تۇرغان ئىنتايىن يوغان، كۆركەم بىر ھەيكەل ئالدىغا كېلىپ قالدۇق. كىشىلەر ئۇ يەردە خاتىرە ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشۈۋاتقان ئىكەن. بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەشھۇر ئالىمى، تېپىشماق ۋە مەسەلچىلەرنىڭ پېشىۋاسى كىرىلوۋنىڭ ھەيكىلى ئىدى. ئۇ قولىنى سوزۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىنى ئىتتىپاقلىشىپ، ھارۋىنى تەڭ سۆرەشكە ئۈندەۋاتقاندەك تۇراتتى. ئۆمىكىمىزدىكى يولداشلار بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ ھەيكىلى ئالدىدا خاتىرە ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشتۇق. ئاندىن چار روسىيىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى نىكولاي ئالېكساندىرنىڭ مۇزېيىنى كۆرۈشكە يۈرۈپ كەتتۇق. مۇزېي 1908 - يىلى قۇرۇلۇشقا باشلىغان، ئومۇمىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 37 مىليون رۇبلى سەرپ قىلىنغانىكەن. بۇ كۆرگەزمىگە قويۇلغان رەسىملەر ئىنتايىن ئېسىل بولۇپ 14 -، 15 - ئەسىردىكى مەشھۇر چېركاۋلاردىكى گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىگە تەقلىد قىلىپ ئىشلەنگەن ئەسەرلەر ئىكەن. بۇ رەسىملەردە گرېتسىيە پۇرىقى قويۇق ئىپادىلىنىپتۇ. ئىككىنچى بۆلۈمىدىكى رەسىملەر تۇرمۇش رەسىملىرى بولۇپ، پېتر I دىن باشلاپ چار پادىشاھ ئەۋلادلىرىنىڭ كۆپلىگەن رەسىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

سوۋېت ئىتتىپاقى بەلكى دۇنيا بويىچە چوڭ گۈزەل سەنئەت مۇزېيى ھېسابلىنىدىغان چىرمىتاش مۇزېيى مەندە ئالاھىدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. بۇ مۇزېي قۇرۇلۇشى 1700 - يىللاردا ئايال پادىشاھ يېكاتېرىنا دەۋرىدە باشلانغان. دەسلەپتە كىچىك بولۇپ، ھازىر كېڭىيىپ تېز ماڭغاندا 7 سائەتتە ئايلىنىپ چىققىلى بولىدىغان، زور دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان چوڭ مۇزېيغا ئايلىنىپتۇ. بۇ مۇزېيغا تۆت دەۋرنىڭ ئەسەرلىرى قويۇلغان، مۇزېيغا سىبىرىيىنىڭ قاشتېشى بىلەن بېزەلگەن 29 تۈۋرۈك ئورنىتىلغان. بىرىنچى بۆلۈم كىچىكرەك بولۇپ، بۇرۇنقى چىرمىتاش ھېسابلىنىدۇ. بۇرۇنقى چىرمىتاش قىسمىغا 13 -، 14 - ئەسىرلەردىكى ئەسەرلەر قويۇلغان بولۇپ، بۇلار ئاساسەن ئىتالىيە رەسساملىرىدىن ئىبارەت ئىكەن. بۇ قىسمىدىكى تۈۋرۈكلەرنىڭ ھەممىسى قاشتېشىدا بېزىلىپتۇ.

يېڭى چىرمىتاش قىسمى 1856 - يىلىدىن باشلانغان. ئۇنىڭدىكى رەسىملەر ئاساسەن لابىلىر ۋە ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ رەسىملىرىدىن تەركىب تاپىدىكەن.

ئۈچىنچى بۆلۈمى 1850 - يىلى پادىشاھ نىكولاي يەر ئاستى قىسمىنى قوشقاندىن تارتىپ باشلانغان. كۆرگەزمىنىڭ بۇ قىسمىدا 16 - ئەسىرنىڭ ئىسپانىيىگە خاس رەسىملىرى قويۇلغان. بۇ مۇزېي 400 چوڭ بۆلۈمدىن تەركىب تاپقان، 2 مىليون 500 مىڭ گۈزەل سەنئەت ئەسىرى قويۇلغانىكەن. ھەر بىر رەسىمنىڭ ئالدىدا بىر مىنۇتتىن تۇرغاندا سەككىز يىلدا بىر قېتىم ئايلىنىپ چىققىلى بولىدىكەن. مۇزېيدا رۇس بۆلۈمى دېگەن مەخسۇس بۆلۈم بولۇپ، ئۇ يەردە رۇسىيە رەسساملىرىنىڭ ھەر خىل ئىلمىي ئېقىمغا خاس رەسىم ئەسەرلىرى قويۇلغان. ئاخىرىدا 19 - ئەسىردىن كېيىنكى گۈزەل سەنئەتنىڭ يېڭى ئېقىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. بۇ رەسىملەرنىڭ بەزىلىرى چۈشىنىشلىك، بەزىلىرى بولسا ماتېماتىكا ئەمەللىرىگە ئوخشاشلا كۆرۈنۈشتىكى رەسىملەر بولۇپ چۈشەنمەك قىيىن ئىكەن.

ئەڭ ئاخىرىدا، لېنىنگراد شەھەرلىك گۈزەل سەنئەت ئاكادېمىيىسىگە زىيارەتكە

باردۇق. بىزنى لېنىنگراد گۈزەل سەنئەت جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، گۈزەل سەنئەت ئاكادېمىيىسىنىڭ مەسئۇلى يولداش نىكولاي قاتارلىق مەشھۇر رەسساملار ۋە ئاكادېمىيىنىڭ مەسئۇللىرى كۈتۈۋالدى. نىكولاي 60 ياشلار چامىسىدا بولۇپ، نېمىس فاشىزمىغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقان ئىلغار رەسسام ئىكەن. ئۇ ئاكادېمىيىنى تونۇشتۇرۇپ مۇنۇلارنى دېدى:

«بىزنىڭ ئاكادېمىيىمىزدە 2000 دىن ئارتۇق گۈزەل سەنئەت خادىمى بار. ئۇلار ئۇرۇش يىللىرىدا ئىنتايىن چوڭ رول ئوينىدى. ئۇلاردىن 200 دىن ئارتۇق كىشى قۇربان بولدى. ئۇلار ھەم ئۇرۇشقا قاتناشتى ھەم ئۇرۇش تېمىسىدىكى رەسىملەرنى سىزدى، نۇرغۇنلىرى ئۇرۇش مەنزىرىسىنى سىزدۇرۇۋېتىپ ياكى سىزىپ بولۇپ قۇربان بولدى. بۇ جاي ئۇرۇشتىن بۇرۇنمۇ ئاكادېمىيە قىلىنغان جاي ئىدى. ئۇرۇش باشلىنىش بىلەنلا رەسىملەرنى ئايروپىلان بىلەن يۆتكەپ ئېپكەتتۇق. بۇ يەردە بىزنىڭ ئەزالىرىمىزنىڭ كوللېكتىپ ياكى يالغۇز كىشىنىڭ ئەسەرلىرى خالىغاندا كۆرگەزمىگە قويۇلۇۋېرىدۇ. بۈگۈن سىلەر يالغۇز ئىشلىگەن رەسىم كۆرگەزمىسىنى كۆرۈسىلەر. كۆرگەزمىدىكى ئەسەرلەرنىڭ تۇرمۇش مەنبەسى كۈچلۈك بولۇپ، ھەرقايسى ساھەلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئۇرۇش تېمىسىدىكى ئەسەرلەرمۇ خېلى سانىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئاكادېمىيىمىزنىڭ ھەر بىر ئەزاسى مەملىكەتلىك گۈزەل سەنئەت جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ھېسابلىنىدۇ. بىزدە رەسمىي ئەزا، كاندىدات ئەزا دېگەن پەرق بولىدۇ. ئەزالىرىمىزنىڭ 60% نىڭ ئۆز جايلىرىدا كۆرگەزمىخانىسى بار بولۇپ، خالىغاندا كوللېكتىپ ياكى شەخسلەر بويىچە رەسىم كۆرگەزمىسىنى ئاچالايدۇ. بىزنىڭ رەسساملىرىمىز ئۈچۈن تۆت ئورۇندا رەسمىي كۆرگەزمىخانىمىز بار. بۇلاردا ھەم گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى ھەم ھەيكەلتىراشلىق ئەسەرلىرى كۆرگەزمە قىلىنىدۇ.»

شۇ كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن لېنىنگراد شەھىرى بىلەن خوشلىشىپ ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ قىرغىزىستان سوتسىيالىستىك ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىگە قاراپ ئۇچتۇق.

6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى قىرغىزىستانغا يېتىپ كەلدۇق. ئايروپىلاندا سوۋېت ئىتتىپاقى مەدەنىيەت فوندى جەمئىيىتىنىڭ ئورۇنباسار رەئىسى كارپۇشكىن باشچىلىقىدىكى كىشىلەر ھەمراھ بولۇپ كەلگەنىدى. «ماناس» ئايرودرومىدا بىزنى قىرغىزىستان ئىتتىپاق جۇمھۇرىيىتى ئالىي سوۋېتىنىڭ رەئىسى، قوشۇمچە مەدەنىيەت فوندى جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، ئاتاقلىق ھەيكەلتىراش تۇرغۇنباي سادىقوۋ باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم يولداشلار ئىنتايىن قىزغىن كۈتۈۋالدى. بىز يەڭگىل ماشىنا بىلەن، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەركىزى فرونزى شەھىرىنىڭ ئەڭ مەنزىرىلىك رايونىغا جايلاشقان ئالىي سوۋېتنىڭ مېھمانخانىسىغا يېتىپ كەلدۇق. مېھمانخانا قېلىن گۈزەل ئورمانلىق ئىچىدە بولۇپ، ئىنتايىن كۆركەم، ئازادە سېلىنغان ئىكەن. يولداش تۇرغانباي سادىقوۋ سەممىي ھالدا: «مېھمانلار ئۆز ئۆيلىرىگە كەلدىڭلار، بۇ جاي سىلەر ئۈچۈن راسلانغان. ئۆز ئۆيىڭلارغا كەلگەندەك بەھۇزۇر دەم ئېلىڭلار. موسكۋا،

لېنىنگراد، لېتۋادىكى سوۋېت خەلقىگە ئوخشاش، قىرغىز خەلقىمۇ سىلەرنى قىزغىن قارشى ئالدى، قولىمىز كۆكسىمىزدە. سىلەر بىزگە مېھمان ھەم سۆيۈملۈك قوشنا» دېدى.

تاماقتا كىرسەك داستىخىنىمىز پاقلان گۆشى، قىمىز، كاۋاپ، قۇرت، سۈزمە...لار بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ. مەن داستىخاندىكى قىرغىز نازۇ نېمەتلىرىنى تونۇشتۇرغۇچى بولدۇم. بىز قىمىز، بوغۇرساق، سۈزمە ... يېگەچ ئۇزۇن گەپلەشتۇق. گەپلىرىمىز دوستلۇق ھەققىدە بولۇپ، ئۇزارغانچە چوڭقۇرلاشتى. بىز بۇ ئاخشام ئۆز ئائىلىمىزگە يېقىنلا يەردە ئولتۇرۇپ، خۇددى ئۆز ئائىلىمىزدە بولغاندەك ھۇزۇرلاندۇق.

6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ھاۋا ئوچۇق بولدى. بىز قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىگە باردۇق. مەدەنىيەت مىنىستىرى ئاخۇن توقتۇسارتۇ قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ «بۇ ئۇچرىشىشىمىز تارىخىي ئەھمىيەتلىك ۋەقە بولۇپ قالغۇسى» دېدى.

ئۇ يەنە قىرغىزىستان ئىتتىپاق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئەھۋاللىرىنى تونۇشتۇردى.

ئۇلاردا، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ئەگىشىپ مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىياتمۇ پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەپتۇ. تېلېۋىزور، كىنوچىلىق، دراما، ئوپېرا، مۇزىكا، ئۇسسۇل، رەسسامچىلىق بولۇپمۇ ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى جەھەتتىكى نەتىجىلىرى كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىدىكەن. مەدەنىيەت مىنىستىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاتاقلىق ھەيكەلتىراش ئۇستىسى پروفېسسور تۇرغانباي سادىقوۋنى كۆرسىتىپ «جۇمھۇرىيىتىمىزدە كۆزگە كۆرۈنگەن، ئاتاقلىق پېشقەدەم ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەردىن چىڭغىز ئايتماتوۋ بىلەن ھەيكەلتىراش تۇرغانباي سادىقوۋلار بار. بۇلارنىڭ ئىجادىيەتلىرى مەملىكىتىمىز مىقياسىدا، شۇنداقلا خەلقئارادا مەشھۇر. ئۇلار مىللىتىمىزنىڭ شۇنداقلا سوۋېت خەلقىنىڭ ئىپتىخارى» دېدى. ئەتىسى بىز تۇرغانباي سادىقوۋنىڭ باشلىشىدا، فرونزى شەھىرىنىڭ ھەيكەلتىراشلىقىنى تاماشا قىلدۇق. شەھەر مەركىزىگە ئورنىتىلغان ئىنقىلابىي قەھرىمانلار بىلەن ھەر ساھەدىكى سوتسىيالىستىك ئەمگەك قەھرىمانلىرىنىڭ ھەيكەللىرى رىتىملىك قويۇلغانلىقىنى كۆردۇق. بۇ شەھەرنى ھەيكەل شەھىرى دېسە بولغۇدەك. شەھەرنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا «ماناس» كۇلۇپى، كۇلۇپنىڭ ئالدىدا، قىرغىز خەلقىنىڭ تارىخىي داستانى «ماناس» نىڭ باش قەھرىمانى ماناسنىڭ قولغا ئۆتكۈر قىلىچ ئالغان ئاتلىق مىس ھەيكىلى ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىدىكى فونتاننىڭ ئەتراپىدا «ماناس» داستانىنى ساقلاپ قالغان ۋە ئۇنى بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە يەتكۈزۈپ كەلگەن پېشقەدەم ئاتىلارنىڭ ھەيكەللىرى ئورنىتىلغان بولۇپ، ئورمان ۋە كۆللەر بىلەن بېزەلگەنلىكتىن، كىشىلەرگە ھۇزۇر ۋە ئىلھام بېرىدۇ. «ماناس» كۇلۇپىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى ئالىي سوۋېتى، سول ۋە يانداش تەرەپلىرىدە، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، مەدەنىيەت فوندى جەمئىيىتى، يازغۇچىلار جەمئىيىتى قاتارلىق مەدەنىيەت ئورۇنلىرى، ئۇلارغا مۇناسىپ خەلق باغچىسى، خەلق مەيدانلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، فرونزى شەھىرى خۇددى ئويناپ تۇرغان توزغا ئوخشايدۇ.

كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان ئىشلارنىڭ بىرى شۇكى، مەدەنىيەت فوندى جەمـ

ئىيتى ئاساسەن ئۆز باشلىقى يولداش تۇرغانباي سادىقوۋنىڭ تەشەببۇسى بىلەن جۇمھۇرىيەت ئالىي سوۋېتىنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا، ئون نەچچە يىلدىن بېرى دۇنيا ھەيكەلتىراشلىرىنىڭ يىغىلىپ ماھارەت كۆرسىتىش پائالىيىتىنى ئىزچىل تۇردە ئېلىپ بارغان. ھەر يىلى 8 - ئاينىڭ بىرىنچى كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ بىرىنچى كۈنىگىچە، ھەرقايسى ئەللەردىكى ئەڭ ئاتاقلىق ھەيكەلتىراشلار تەكلىپ قىلىنىپ، بۇ يەردە ئۆز ماھارەتلىرىنى نامايان قىلىشقا تەشكىللىنىدىكەن. ئۇلار شۇ بىر ئايلىق پائالىيەت داۋامىدا تۇرمۇش راسخوتى، ماھارەت كۆرسىتىشكە كېرەكلىك سايمان، ماددىي بۇيۇم قاتارلىقلار بىلەن ھەقسىز تەمىنلىنىپ تۇرۇدىكەن. ھەر بىر داڭلىق ھەيكەلتىراش بىردىن ئىككىگىچە ئەسەر ئىجات قىلىپ بۇ ئەسەرلەرنى شەھەرگە قالدۇرىدىكەن. ئاندىن مەدەنىيەت فوندى جەمئىيىتى تەرىپىدىن بۇ ئەسەرلەر رېتىمى بويىچە خەلق مەيدانى ۋە خەلق باغچىسىغا تاللاپ قويۇلىدىكەن. شۇنداق قىلىپ بۇ شەھەر ھەيكەللەر كۆرىكى ئۆتكۈزۈۋاتقاندەك تۈسكە كىرىپ تەبىئىي ھالدىكى ھەيكەل شەھىرىگە ئايلانغان.

يولداش تۇرغانباي سادىقوۋ بۇ ئەسەرلەرنى بىزگە تونۇشتۇردى. ئۇنىڭدا پولشا، بۇلغارىيە، رۇمىنىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى، چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتى قاتارلىق سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر ھەيكەلتىراشلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە ۋە باشقا نۇرغۇن ئەللەر ھەيكەلتىراشلىرىنىڭ ئەسەرلىرىمۇ قويۇلغان. يولداش تۇرغانباي سادىقوۋ: «پەقەت ئۇلۇغ دۆلىتىڭلارنىڭلا ئەسەرلىرى كۆزگە چېلىقمايدۇ. چۈنكى بىرقانچە ئون يىلدىن بېرى تۆمۈر دەرۋازىنىڭ تاقىلىپ قېلىشى بىلەن، سىلەرنىڭ ئەسەرلىرىڭلار بۇ مەيداندا بولالماي قالدى. بۇ يىل سىلەر بۇ دەرۋازىنى ئاچتىڭلار، بۇ يىلقى دۇنيا ھەيكەلتىراشلىق پائالىيىتىدە چوقۇم ۋەكىل ئېۋەتىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز» دېدى. ئۆمەك باشلىقىمىز شۇ مەيداندىلا، بۇ يىل جۇڭگو ھەيكەلتىراشلار ۋەكىلىنىڭ چوقۇم پائالىيەتكە قاتنىشىدىغانلىقىنى، بۇ مۇزېيدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھەيكەلتىراشلىرىنىڭ ئەسىرى بولماسلىققا خاتىمە بېرىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ۋەدە بەردى.

ئۇ يەردىن چىقىپ، فرونزى خەلق مەيدانىدىكى ھەيۋەتلىك خەلق ئىنقىلابىي ھەيكەل مۇنارىسى ئالدىغا كېلىپ يولداش تۇرغانباي سادىقوۋنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرىنى كۆردۇق.

مەيداندىكى ھەيكەللەردە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ رۇس خەلقى بىلەن مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ قىلغان كۈرەشلىرى، ۋەتەن ئۇرۇشى يىللىرىدا ۋە نېمىس فاشىستلىرىغا قارشى جەڭلەردە قۇربان بولغان خەلق قەھرىمانلىرى، قىرغىز ۋە رۇس كوماندىر - جەڭچىلىرى، ئۇرۇشتىن كېيىنكى غەلىبە ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش يىللىرىدا بارلىققا كەلگەن ئاجايىپ قەھرىمانانە ئوبرازلار، رۇس خەلقى بىلەن باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ سوتسىيالىستىك دوستلۇقى ۋە ھەمكارلىقى تەسۋىرلەنگەنىدى. فرونزى شەھىرىنىڭ مەركىزىي رايونىدا پورولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ داھىيسى لېنىننىڭ دۇنيا خەلقىنى ئالغا ئۈندەپ تۇرغان ھەيۋەتلىك ئېگىز، كۆركەم ھەيكىلى ھەممىگە ئىلھام بەخش ئېتىپ تۇرىدۇ.

يولداش تۇرغانباي سادىقوۋ ئاتاقلىق ھەيكەلتىراش بولۇپلا قالماي، ئاتاقلىق

ھۆكۈمەت ئەربابى، ئىجتىمائىي پائالىيەتچى. ئۇ قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى ئالىي سوۋېتىنىڭ رەئىسى. ئۇ خەلق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇش جەھەتتە، شۇنچە ئېغىر يۈكنى ئۈستىگە ئالغان بولۇشىغا قارىماي، ۋاقىت چىقىرىپ ئۆز كەسپىي ئىشلىرىغا ئىنتايىن چوڭقۇر بېرىلگەن. ھەيكەلتىراشلىقتا ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا سوۋېت ھۆكۈمىتى «پروفېسسور» لۇق ئۇنۋانى ۋە ئاتاقلىق «ھەيكەلتىراش» دېگەن نامنى بەرگەن. ئۇنىڭ بىرقانچە توملۇق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان.

ئۇ 1988 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى مەدەنىيەت فوندى جەمئىيىتىنىڭ يېتەكچىسى كارپوشكىن باشچىلىقىدىكى جۇڭگونى زىيارەت قىلىش ئۆمىكى بىلەن بىللە جۇڭگوغا كېلىپ، بېيجىڭ، نەنجىڭ، سۇجۇ، لياۋنىڭ قاتارلىق جايلاردا ئېكسكۇرسىيىدە بولغان.

20 - ئىيۇن بىز يولداش تۇرغانباي سادىقوۋنىڭ ھەمراھلىقىدا ئىسسىق بۇلاق كولخوزى ۋە ئىسسىق بۇلاق مەنزىرىلىك رايونىنى كۆرگىلى باردۇق. ئالدى بىلەن كولخوز سەنئەتچىلىرىنىڭ تاللانغان ئويۇنىنى كۆردۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئىسسىق بۇلاققا باردۇق. ئۇ يەر ئىنتايىن گۈزەل يايلاق بولۇپ، قېلىن ئورمانلىقلار، ھەيۋەت شارقىراتمىلار، مارجان بۇلاقلار بىلەن تولغان، ھايات قايىنىغان جاي ئىكەن. بىز ئۇ يەردە قىرغىز خەلقىنىڭ مېھماندوستلۇقىدىن قانغۇچە بەھرىمەن بولدۇق. بىز بارغان جايدا، قىرغىز خەلقى بىلەن بۇرۇنلا تۇرمۇشتا بىللە بولۇپ كەلگەن قىرغىزچە، نېمىسچە، ۋۇسچە سۆزنى سۇدەك بىلىدىغان ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان نېمىس مىللىتى ياشايدىكەن. ئۇلار ئىسسىق بۇلاق كولخوزىنىڭ ئىسسىق بۇلاق ئات فېرمىسىدا بولۇپ فرونزى شەھىرىنى قىمىز بىلەن تەمىنلەيدىكەن. ئۇ يەردە سېغىلىدىغان قىرىق - ئەللىك بىيە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى نەسىللىك ئىكەن. سۈت سېغىش، قىمىز ئېچىتىش جەريانىنىڭ ھەممىسىدە ماشىنىلاشقان ئاپتوماتىك ئۇسۇل قوللىنىلىدىكەن. بىيىلەر ئىنتىزامغا شۇنداق ئۆگەنگەنكى، خۇددى ئەسكەرلەردەك رەتكە تىزىلىپ، ماشىنا ئالدىغا كېلىپ تۇرۇدىكەن.

چىڭغىز ئايتماتوۋ قىرغىزىستان خەلق جۇمھۇرىيىتى مەدەنىيەت ئەربابلىرىنىڭ ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىلى. جاھان ئەدەبىياتى خەزىنىسىگە تۆھپە قوشقان ئاتاقلىق يازغۇچىلارنىڭ بىرى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ توپلاملىرى دۇنيا ئەللىرىنىڭ توقسان تىلىدا، ئۈچيۈز ئوتتۇز قېتىم بېسىلىپ، يىگىرمە مىليوندىن ئوشۇق نۇسخىدىكى تىراژ بىلەن چىقتى. س س س ر خەلقىنىڭ تىللىرىدا ئىككى يۈز نۇسخا، ئون ئالتە مىليون قېتىم بېسىلدى، بىرمۇنچە ئەسەرلىرى سەھنىلەشتۈرۈلدى. بۇ چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ يازغۇچىلىقتا ئالدىنقى قاتاردا كېتىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بىراق بۇنى ئاخىرقى چەك دېگىلى بولمايدۇ.

1986 - يىلى ئۆكتەبىردە، ئۇ پۈتۈن دۇنيادىكى ئەڭ ئاتاقلىق پەيلاسوپ، يازغۇچى، مۇزىكانت، رەسسام، ئارتىس، ئىلىم ئىگىلىرى ۋە مەدەنىيەت ئىجاتكارلىرىنى ئۆز يېرىنىڭ قىرغىزىستاندىكى ئاتاقلىق ئىسسىقكۆل رايونىغا چاقىرىپ، «يەر شارىنى يادرولۇق قۇراللار ھۇجۇمىدىن ساقلاپ، ئىنسانىيەتنى ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش» توغرىسىدا ئوچۇق - يورۇق كېڭىشىپ، دۇنيادا كەم ئۇچرايدىغان باش قوشۇشنى ئۇيۇشتۇردى. ئۇ

ئاشۇ خەلقئارالىق «ئىسسىق كۆل كېڭەشى» ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلانغان ئىدى. شۇنىڭدىن بېرى ئۇيۇشمىنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق يىغىنى ئېچىلىپ بولۇپتۇ. «ئىسسىق كۆل كېڭەشى» دېگەن كىتاب چىقىرىلىپتۇ.

ئايتماتوۋنىڭ ئاتمىش ياشقا تولغانلىقىنى تەبرىكلەپ، 1988 - يىلى 26 - ئۆكتەبىردىن 5 - نويابىرغىچە فرونزى شەھىرىدە «ئايتماتوۋ ۋە تىياتىر» نامىدا س س س ر ۋە خەلقئارالىق مەرىكە ئۆتكۈزۈلۈپتۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن قىرغىز يازغۇچىسى ئابدۇللاجان ئاقماتالىيەۋ توپلىغان «چىڭغىز ئايتماتوۋ» دېگەن رۇس، ئىنگلىز، ئىسپان، فرانسۇز، نېمىس تىللىرىدىكى سېلىشتۇرما توپلام يورۇقلۇققا چىقىپتۇ. س س س ر ۋە قىرغىز شائىرلىرىنىڭ ئايتماتوۋغا بېغىشلانغان شېئىرلار توپلاملىرى نەشر قىلىنىپتۇ.

20 - ئىيۇن كىنو ئىستۇدىيىسىدە بولدۇق. «قىرغىز كىنو ستۇدىيىسى» ئاساسەن ھېكايە فىلىم ۋە ھۆججەتلىك فىلىملارنى ئىشلەشنى ئۈستىگە ئاپتۇ. تەرجىمە فىلىم ئىشلىمەيدىكەن. قىرغىزچە ئىشلەنگەن ئايرىم فىلىملار رۇسچىغا تەرجىمە قىلىنغاندىن سىرت، رۇسچە فىلىملار قىرغىزچىغا تەرجىمە قىلىنمايدىكەن. ئۇنداق بولۇشى رۇس تىلى ئاساسەن ئورتاقلىشىپ كەتكەنلىكتىن، تەرجىمە قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىكەن. كىنو ستۇدىيىسى يىلىغا ئۈچ ھېكايە فىلىم، بىرقانچە ھۆججەتلىك فىلىم ئىشلەيدىكەن. بۇنىڭدىن سىرت، تېلېۋىزىيە تىياتىرى كەسپىمۇ ئاجايىپ تەرەققىي قىلىپتۇ.

«ئوسكار»، «ئالتۇن ئېيىق» دېگەندەك خەلقئارالىق مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن تولومۇش ئوكەيوۋ، پولاتبەك شامشيوۋ دېگەندەك دۇنياغا داڭقى كەتكەن رېژىسسورلار بولغانلىقى ئۈچۈن، قىرغىز كىنوچىلىقىمۇ كۆپ قېتىم خەلقئارالىق كۆرەكلەر مۇكاپاتىغا ئىگە بولۇپ، دۇنيا كىنوچىلىقىدا «قىرغىز مۆجىزىسى» دېگەن چۈشەنچە پەيدا قىلىپتۇ.

شۇ كۈنى بىز كىنو ستۇدىيىسىدىكى سۆھبەتىمىزدىن كېيىن، ئۇلار يېڭىدىن ئىشلەپ چىققان «ئاق ئېلىبىرسىنىڭ ئۇرۇقى» دېگەن ئىككى سېرىيىلىك كىنونى كۆردۇق. فىلىم تارىخىي رىۋايەتكە ئاساسەن ئىشلەنگەن بولۇپ، ۋەقەلىكى قىزىقارلىق، تەربىيىۋى رولى ئۈستۈن، بەدىئىي قىممىتى يۇقىرى ئىكەن، بىزدە ياخشى تەسىرات قالدۇردى. شۇ كۈنى كەچتە جۇمھۇرىيەت تىياتىرخانىسىدا ئۆمىكىمىزگە مەخسۇس مۇزىكا كېچىلىكى ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. مۇزىكا دۆيىنىڭ ئەزالىرى پۈتۈنلەي قىرغىز مۇزىكانتلىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئورتاق يېشى يىگىرمە بەشلەردىن ئاشمايدىكەن. ئۇلارنىڭ ئالدى موسكۋا، لېنىنگراد قاتارلىق جايلاردىكى مۇزىكا داشۆللىرىنى پۈتتۈرگەن، كەينى قىرغىزىستان مۇزىكا ئىنىستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن، سىستېمىلىق تەربىيىلەنگەن مۇزىكانتلار ئىكەن. ئۇلار ئاساسەن قىرغىز مۇزىكىلىرىنى، قىرغىز كومپوزىتورلىرى ئىجات قىلغان مۇزىكىلارنى ئورۇندىدى. ئورۇنداش سەۋىيىسى خېلى يۇقىرى ئىكەن، ھەر بىر مۇزىكا ئەسۋابىنىڭ تاۋۇشى ئايرىم - ئايرىم ئۈنئالغۇغا ئېلىنىپ، كېيىن بىرلەشتۈرۈلگەندەك ھەممە چالغۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئاۋازى بىلىنىپ تۇردى.

21 - ئىيۇن ئەتىگەن سائەت 9 دا ئايروپىلاندا موسكۋاغا يېتىپ كەلدۇق. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى مەدەنىيەت فوندى جەمئىيىتىگە باردۇق. بىزنى مەدەنىيەت فوندى جەمئىيىتىنىڭ 1 - مۇئاۋىن باشلىقى مەسىنكوۋ ۋە مۇئاۋىن باشلىقلىرىدىن كورپاشكىن باشلىق بەش، ئالتە كىشى كۈتۈۋالدى. يولداش مەسىنكوۋ سوۋېت ئىتتىپاقى مەدەنىيەت فوندى

www.uyghurkitap.com

جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى نىيگاچېۋنىڭ سالىمىنى يەتكۈزدى ۋە مۇنداق دېدى: سىلەرنىڭ بىزگە كېلىپ زىيارەتتە بولۇشۇڭلار، كەڭ كۆشادە سۆزلىشىپ تەجرىبە ئالماشتۇرۇشۇڭلار ئىككى دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا يېڭى ئەسىر ئاچىدۇ. بىز مەزگىل كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە سوغۇق سۇ سېپىلگەن، ئەمدى ئىككى دۆلەت مەدەنىيەت خادىملىرىنىڭ مۇھەببىتى ئەسلىگە كەلدى. ئۇ ئوت بولۇپ تۇتاشقۇسى. مەن بۇ ئوتنىڭ تېخىمۇ ئۇلغىيىشىغا، كۈچىيىشىگە ئىشىنىمەن.

ئۆمەك باشلىقىمىز يىن شۇشى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى، مەدەنىيەت فوندى جەمئىيىتىنىڭ ئۆمىكىمىزنى قىزغىن ۋە قېرىنداشلارچە سەمىمىي كۈتۈۋالغانلىقىغا كۆپ رەھمەت ئېيتتى. مەدەنىيەت فوندى جەمئىيىتىنىڭ 1990 - يىلى جۇڭگوغا خەلق جۇمھۇرىيىتىگە زىيارەت ئۆمىكى ئەۋەتىشىنى تەكلىپ قىلدى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئالغان تەسىراتلىرى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: «بىز گۈزەل ۋەتىنىڭلارنى زىيارەت قىلىپ نۇرغۇن تەسىراتقا ئىگە بولدۇق. كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگەندۇق، ئەڭ مۇھىمى سوۋېت ئىتتىپاقى مەدەنىيەت خادىملىرى بىلەن كەڭ ئۇچرىشىپ، كۆپ تەجرىبىلەر ھاسىل قىلدۇق. ئۇلارنىڭ جۇڭگو مەدەنىيەت خادىملىرىغا بولغان مۇھەببىتىنى، ياخشى ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى ئاڭلاپ ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ دوستلۇقىنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇرلىشىشىغا بولغان ئىشەنچىمىز ئاشتى. بىز سىلەر بىلەن دوستلۇق ئىچىدە ئۆتكەن بۇ كۈنلىرىمىزنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمىز. بىز تەسىراتلىرىمىزنى مەتبۇئات يۈزىسىدە ئېلان قىلىپ مەملىكەت خەلقىمىز بىلەن ئورتاقلىشىمىز. بىزنىڭ دوستلۇقىمىز چوقۇم ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە داۋاملىشىدۇ».

ئاخىرىدا 5 جەھەتتىن تەجرىبە ئالماشتۇرۇش قارارىغا كەلدۇق: سوۋېت ئىتتىپاقى مەدەنىيەت فوندى جەمئىيىتى جۇڭگوغا كېلەر يىلى 5 كىشىلىك مەدەنىيەت ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىدۇ؛ 1990 - يىلى موسكۋا، فرونزىدا جۇڭگو فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى ئېچىلىدۇ؛ سوۋېت ئىتتىپاقى 1991 - يىلى جۇڭگودا فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى ئاچىدۇ؛ ئۇنىڭدىن باشقا گۈزەل سەنئەت، ھەيكەلتىراشلىق كۆرگەزمىسى ئېچىلىدۇ؛ شەرت - شارائىت پىشقاندا ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمەكلىرى ئەۋەتىدۇ. مۇھىمى ئىشنى ئاسان ۋە يېقىن تەرەپلەردىن باشلاش، ئالدى بىلەن چېگرا رايونلار ئۆزئارا بېرىش - كېلىشنى باشلىسىمۇ بولىدۇ، ۋەھاكازا.

كەچتە سوۋېت ئىتتىپاقى مەدەنىيەت فوندى جەمئىيىتىنىڭ باشلىقلىرى ئۆمىكىمىزگە ئۇزىتىش زىياپىتى بەردى. زىياپەت ئىنتايىن دوستلۇق كەيپىياتى ئىچىدە ئۆتتى. مەن ئۆمەك باشلىقىمىزنىڭ تەكلىپى بىلەن يولداش مەسىنكوۋ ۋە ئۆمەك باشلىقىمىزغا يېقىن جايدىن ئورۇن ئالغانىدىم. يولداش مەسىنكوۋ ماڭا قاراپ:

— ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەكىلى، سىزنىڭ تەسىراتىڭىز قانداقكىن؟ — دەپ سوراپ قالدى.

مەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى زىيارىتىمدىن ئىنتايىن خۇشال بولغانلىقىمنى بىلدۈرۈپ كۆپ رەھمەتلەر ئېيتتىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزۈم ئارزۇ قىلغان ناخشا - ئۇسسۇل ساھەسىدىن كۆرگەنلىرىمنىڭ ئاز بولغانلىقىنى، بۇنىڭغا ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىم توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىپ:

— بىزنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى» دېگەن داڭقى بار، بۇقېتىم سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېلىشتە سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ناخشا-

ئۇسسۇللىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇپ ئۆزىمىزنىڭ تەرەققىياتىدىكى يېتەرسىزلىكلەر بىلەن سېلىشتۇرغۇم، شۇنداقلا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەرقايسى مىللەت ناخشا - ئۇسۇلچىلىرىنىڭ ئاقما ناخشا، ئاقما ئۇسسۇللارنىڭ ھۇجۇمىغا قانداق تاقابىل تۇرغانلىقىنى، يېڭىلىقلارنى قانداق قوبۇل قىلغانلىقىنى ئۆگىنىشنى ئۈمىد قىلغانىدىم، — دېدىم.

يولداش مەسنىنكوۋ:

— ئۇنداق بولسا نېمىشقا يېقىنقى كەلگەندە مۇشۇ پىكرىڭىزنى ئېيتمىدىڭىز؟ — دېدى.

— ئۇيغۇر خەلقىدە «مېھمان قويىدىن ياۋاش كېلىدۇ» دېگەن ماقال بار، ساھىبخان نەگە باشلىسا شۇ يەرگە ماڭمامدۇق؟ — دېدىم مەن چاقچاق قىلىپ. ھەممە كۈلۈشۈپ كەتتى. يولداش مەسنىنكوۋ:

— ئۇنداق بولسا سىلەر يەنە بىر كېلىڭلار، — دېدى ۋە مۇنداق ئىزاھات بەردى، — ئاقما ناخشا، ئاقما ئۇسسۇللارنىڭ ھۇجۇمى دۇنيا مىقياسىدىكى ھادىسە، بىزگىمۇ ئۇنىڭ تەسىرى چوڭقۇر. ئۇنى قانداق قىلىشنى ئوبدان ئويلىشىپ ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

زىيارەت ئاخىرىدا ئۆزئارا سوۋغا تەقدىم قىلىشتۇق. مەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 30 يىللىقىغا دائىر رەسىم توپلاملىرى ۋە تەشۋىقات بۆلۈم بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى ئىشلار ئىشخانىسى تۈزگەن ئاپتونوم رايونىمىزنى تونۇشتۇرىدىغان رۇسچە ماتېرىياللارنى تەقدىم قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە يولداش مەسنىنكوۋغا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دوپپىسىدىن بىرنى تەقدىم قىلىپ كىيگۈزۈپ قويدۇم. ئۇ مېنى قۇچاقلاپ كۆرۈشۈپ كۆپ رەھمەت ئېيتقاندىن كېيىن بىرگە سۈرەتكە چۈشتۇق.

22 - ئىيۇن سوۋېت - جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتىگە باردۇق. سوۋېت - جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى چېخوۋ قاتارلىق يولداشلار بىزنى كۈتۈۋالدى. سۆھبەتتىن كېيىن سورۇندىكى ئاتاقلىق ئارتىستلار، ئاتاقلىق ئالىم ۋە ئەربابلار بىلەن خاتىرە ئۈچۈن بىللە سۈرەتكە چۈشتۇق، ئاندىن مەملىكىتىمىزنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىغا باردۇق. ئەلچىخانىمىز لېنىن تېغىدا، موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يېنىدا بولۇپ، بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى ئىنتايىن گۈزەل ئىكەن، بىزنى ئەلچىخانىنىڭ سەنزەنى يولداش چاڭ يىڭماۋ قوبۇل قىلدى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى مەدەنىيەت فوندى جەمئىيىتى سىلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى پائالىيىتىڭلاردىن ئىنتايىن رازى. مۇنداق ئەھۋال ئاز ئۇچرايدۇ، دېدى.

شۇ كۈنى كەچتە موسكۋادىن ئايرىلىدىغانلىقىمىز ئۈچۈن قايتىپ تەييارلىق قىلىشىمىز كېرەك ئىدى، بىز موسكۋا شەھىرىنى، بولۇپمۇ قىزىل مەيدانىنى، كرېمىل سارىيىنىڭ ئالدىنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈپ خوشلاشماقچى بولدۇق. قىزىل مەيدان ئېكسكۇرسىيىچىلەر بىلەن تولغان ئىكەن، بىزمۇ ئۇلار قاتارىدا بۇ مۇقەددەس جايدا خاتىرە ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشتۇق.

ئۆمىكىمىز 23 - ئىيۇن سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى زىيارىتىنى ئاياغلاشتۇردى. بىز موسكۋا ئايرودرومىدىن موڭغۇلىيە خەلق رېسپۇبلىكىسىنىڭ ئايروپىلانى بىلەن ئۇلانباتۇرغا قاراپ يولغا چىقتۇق.

www.uyghurkitap.com

23 - ئىيۇن بىز كېچىچە ئايروپىلاندا ئولتۇرۇپ سائەت 9 لاردا موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى ئۇلانباتۇرغا كەلدۇق. ئايرودرومدا بىزنى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى (ئۇلار سەنئەت بىرلەشمىسى دەپ ئاتايدۇ) نىڭ رەئىسى، ئاتاقلىق باس ئاۋازلىق ناخشىچى جىرغىل سەيفىن، بىرلەشمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى زاكخىت، بىرلەشمىنىڭ باش كاتىپى تېمۇر، خىزمەتچى ۋە تەرجىمانلاردىن خەنزىلىك، جامسىرول قاتارلىقلار، مەملىكىتىمىزنىڭ موڭغۇلىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ خادىملىرىدىن بولۇپ 10 دىن ئارتۇق يولداش كۈتۈۋالدى. بىز ئۇلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۇلانباتۇر مېھمانخانىسىغا باردۇق. بۇ مېھمانخانىنى 50 - يىللاردا جۇڭگو قۇرۇلۇش خادىملىرى لايىھىلەپ، ئىشلەپ بەرگەنىكەن، ئۇسكۈنىلىرى تامامەن دېگۈدەك زامانىۋى ئىكەن. ئۇلار ھازىر بىر قانچە دۆلەتنىڭ مەبلەغ سېلىشى بىلەن ئىنتايىن ھەيۋەتلىك «چىڭگىزخان» مېھمانخانىسى سېلىۋېتىپتۇ.

چۈشتىن كېيىن موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەتلىك سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە باردۇق. بىزنى بىرلەشمىنىڭ رەئىسى جىرغىل سەيفىن، مۇئاۋىن رەئىسى زاكخىت، باش كاتىپى تېمۇر قاتارلىقلار كۈتۈۋالدى. جىرغىل سەيفىن قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، بىزگە سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. موڭغۇلىيە يازغۇچىلار جەمئىيىتى سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن ئايرىم، مۇستەقىل ئىش يۈرگۈزىدىكەن. 18 ئۆلكە ۋە ئىككى چوڭ شەھەردە سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ شۆبىسى بار ئىكەن. 17 ئۆلكىدە دراما، ئوپېرا ئۆمەكلىرى بار ئىكەن. ئالتە ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى بولۇپ، ئۇنىڭ تۆتى خەلق باشقۇرۇشىدا ئىكەن. تىياتىر ئۆمەكلىرىگە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى يېتەكچىلىك قىلىدىكەن. يولداش جىرغىل سەيفىن سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ۋەزىپىسى تەشكىللەش، تەتقىق قىلىش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى تونۇشتۇردى.

موڭغۇلىيە خەلق رېسپوبلىكىسى سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى 1975 - يىلى قۇرۇلغانىكەن. سەنئەت بىرلەشمىسى بىلەن مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى ياخشى ئىكەن، 23 - ئىيۇن جۇمھۇرىيەت گۈزەل سەنئەت جەمئىيىتىگە باردۇق. گۈزەل سەنئەت جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى پروفېسسور، خەلق رەسسامى نىۋام ئۇسۇرىن باشلىق گۈزەل سەنئەت خادىملىرى بىزنى قىزغىن قارشى ئالدى. 1985 - يىلى نىۋام ئۇسۇرىننىڭ گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى بېيجىڭدە كۆرگەزمە قىلىنىپ ئالقىشقا ئېرىشكەن. موڭغۇلىيە گۈزەل سەنئەت جەمئىيىتىنىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلەردە ۋە شەھەرلەردە شۆبىلىرى بار ئىكەن، ئۇلانباتۇردا ھەيكەلتىراشلىق، ئالىيۇمىن ۋە مىس فىتويىما سەنئەت بۇيۇملىرى ۋە خاتىرە مۇنارە شەكىلدىكى سەنئەت بۇيۇملىرى ئىشلەپچىقىرىدىغان ئون زاۋۇت بار ئىكەن، بۇ زاۋۇتتا 800 ئىشچى ئىشلەيدىكەن. بۇنىڭدىن باشقا گۈزەل سەنئەت مەكتىپى بار ئىكەن. موڭغۇلىيە رەسساملار جەمئىيىتى يېڭى ئىجادىيەت ئەسەرلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش، ئىككىنچىدىن، كۆرگەزمە قىلىش، ئۈچىنچىدىن ئىجادىيەت گۇرۇپپىسى ئارقىلىق ماي بوياق، نەققاشلىق، ھۈنەر - سەنئەت جەھەتلەردىكى تالانت ئىگىلىرىنى بايقاش

خىزمەتلىرىنى چىڭ تۇتىدىكەن. بۇنىڭدىن باشقا، ھەر يىلى گۈزەل سەنئەت مەكتىپى، سىغەن شۆيۋەنى گۈزەل سەنئەت فاكۇلتېتىدىن بولۇپ 40 ئوقۇغۇچى مەكتەپ پۈتتۈرۈدىكەن، رەسساملار قوشۇنىنىڭ 80% ى ياش رەسساملار بولۇپ، بۇلارنىڭ بىرمۇنچىلىرى چەت ئەلدە ئوقۇغان، چەتنىڭ ھەرقايسى ئىلمىي ئېقىملىرىغا مەنسۇپ ئىكەن، يولداش نىۋام ئۇسۇرىن مۇنداق دېدى: بىزنىڭ قاتناش شارائىتىمىز تۆۋەنرەك بولغاچقا، تۇرمۇشقا چۆكۈش، ئاممىنىڭ ئىچىگە بېرىشىمىز يېتەرلىك بولمايۋاتىدۇ، ئۇزۇندىن بېرى جۇڭگونىڭ ھۈنەر-سەنئەت جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى ئۆگەنسەك، رەسساملىق كەسپى جەھەتتىكى يېتىشسىزلىكىمىزنى تولدۇرساق، دېگەن ئۈمىدىمىز بار. شۇڭا سىلەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش ئارزۇيىمىز ئەمدى ئەمەلگە ئاشىدۇ، دېگەن ئۈمىدىمىز بار، ھۈنەر-سەنئەت جەھەتتىكى ئاجىزلىقلىرىمىزنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ياۋروپا دۆلەتلىرى بىلەن بەش-ئون يىللىق توختاملىرىمىزمۇ بار. سىلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتتۇق. يېقىن قوشنىلاردىن بولغاچقا بېرىپ-كېلىشىمىزگە ئاسان بولىدۇ، يېقىن چېگرا ئۆلكىلەر، مەسىلەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ياكى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى بىلەن قويۇق ئالاقە بولسىمۇ بولىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا بىزنىڭ ئىككى ئادىمىمىز بار، ئۇلارنىڭ بىزدە ئىككى ئادىمى بار. ئۇلار بىر يىل موڭغۇلىيىدە، بىز بىر يىل سوۋېت ئىتتىپاقىدا رەسىم كۆرگەزمىسى ئاچىمىز. ئۇلۇغ دۆلەتلەر بىلەن مۇشۇنداق مۇناسىۋەت ئورناتساق تېخىمۇ ياخشى بولاتتى.

ئۆمىكىمىزنىڭ باشلىقى يېڭى شۇشى مەملىكىتىمىزنىڭ گۈزەل سەنئەت جەھەتتىكى ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى رەسساملار جەمئىيىتىنىڭ ئارزۇسىنى قارشى ئالىدىغانلىقىمىزنى، ئوقۇغۇچى ۋە باشقا خادىملارنى رەسمىيەت بويىچە ئەۋەتىش توغرىلىق كېلىشىم قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ تەلىپىگە قىزغىن جاۋاب بەردى. موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى رەسساملار جەمئىيىتى ئوقۇغۇچى چىقىرىش، كېلىشىم تۈزۈشتە چەت ئەللەر بىلەن ئاساسەن مۇستەقىل توختام تۈزەلەيدىكەن. موڭغۇلىيە سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ھوقۇق دائىرىسى تېخىمۇ كەڭرەك ئىكەن. رەسساملار جەمئىيىتى قارىمىقىدا ھۈنەر-سەنئەت رەسساملىرى جەمئىيىتى بولۇپ، ئۇلارغا قاراشلىق ئون نەچچە ھۈنەر-سەنئەت زاۋۇتى ۋە بىر فوند جەمئىيىتى بار ئىكەن. پايدا-زىيانغا ئۆزلىرى مەسئۇل ئىكەن. ئۇلار مەدەنىيەت ئىشلىرىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈۋىدىكەن. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ ئوپېرا، باللېت، ئۇسسۇللۇق تىياتىرى، بولۇپمۇ سىرىك ئويۇنى ناھايىتى تەرەققىي تاپقانىكەن. بىز ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئۇلانباتۇردا ئۇسسۇللۇق تىياتىر، ئوپېرا، سىرىك ئويۇنى كۆردۇق، بۇ ئويۇنلار ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىدە ئورۇنلاندى.

بىز ئۇلانباتۇردا بولغان كۈنلىرىمىزدە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ۋە ئۇلانباتۇر شەھەرلىك سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇق.

مەدەنىيەت مىنىستىرى يولداش سۇمىيە ئۆمىكىمىزنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، بۇ بىرقانچە يىل ئىچىدە جۇڭگو، موڭغۇلىيە مەدەنىيەت خا-

دىمىلىرىنىڭ بېرىش-كېلىش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ياخشىلىنىۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ياخشىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى 46 دۆلەت بىلەن رەسمىي دوستانە مۇناسىۋەت قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئىچىدە سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرمۇ، كاپىتالىستىك دۆلەتلەرمۇ، 3-دۇنيا ئەللىرىمۇ بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى بىرقەدەر كەڭ ئىكەن. يېقىندىلا ياپونىيە، ئامېرىكا، فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە سەنئەت ئۆمەكلىرىنى ئەۋەتىپتۇ. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ سېرىكى داڭلىق بولۇپ، چەتكە چىقىشى تېخىمۇ كۆپرەك ئىكەن. يولداش سۇمىيە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى بىلەن سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى بىلەن سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ھەم مۇستەقىل، ھەر ئىككىلىسى مەركىزىي كومىتېتقا قارايدۇ، ھەم خىزمەتتە بىللە مۇزاكىرە قىلىدۇ. سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، بىز مەدەنىيەت ئىشلىرىنى بىللە مۇزاكىرە قىلىمىز. مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ئۇلارنىڭ مۇستەقىل ئىش قىلىشىغا ياردەمدە بولىمىز. ئۇلارنىڭ ئۆز ئىشىنى ئۆزى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى كېڭەيتىشنى ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىمىز. سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىگە ئوخشاش، چەت ئەللەر بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە قىلالايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ چەت ئەللەر بىلەن ئالاقە قىلىشى بىزنىڭكىدىن كۆپرەك ۋە كەڭرەك بولىدۇ. بىز ئۇلانباتور شەھەرلىك سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە باردۇق. بىزنى سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ پەخرىي رەئىسى 71 ياشلىق ئايال «خەلق ئەرتىسى»، «يازغۇچى» ۋە «رېژىسسور» ئاۋيوك يولداش بىلەن شەھەرلىك سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ باشقا رەھبەرلىرى ۋە كادىرلىرى كۈتۈپ تۇرغانىكەن. يولداش ئاۋيوك ئىنتايىن خۇشال ھالدا بىزنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ ئىنتايىن ھاياجانلانغان ھالدا: بۇ دەرۋازا ئاخىرى ئېچىلدى، بۇنى خەلق ئاچتى، بۇ خەلقنىڭ تەقەززاسى، خەلقنىڭ ئۇزۇندىن بۇيانقى ئۈمىدى ئاخىرى ئەمەلگە ئاشتى، مېنىڭ جۇڭگودا يېقىن كەسىپداشلىرىم بار. جۇڭگو قەدىمىي مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە ئۇلۇغ دۆلەت، دېدى. بۈگۈنكى سۆھبەتتە قاتناشقانلارنىڭ قىزغىنلىقى ئىنتايىن ئۈستۈن ئىدى. بولۇپمۇ موڭغۇلىيە خەلق سەنئەتچىلىرىنىڭ جۇڭگو خەلق سەنئەتچىلىرىگە بولغان مۇھەببىتى چىن قەلبىدىن ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئۇلار قايتا-قايتا: سىلەر كېلىڭلار، يەنە كېلىڭلار، بىزمۇ بارايلى، تەشنالىقىمىز قانسۇن، دېيىشتى.

ئۇلار بىزنى ئۆزلىرى باشقۇرغان كىچىك بىر كارخانىغا باشلاپ كىردى. بۇ كارخانا ھەم باسمىخانا ھەم كىيىم تىكىش ئىشخانىسى بولۇپ، بۇ يەردە ئۇلانباتوردىكى بىر قىسىم سەنئەت ئۆمەكلىرىدىن چېكىنگەن ياكى ئىختىيارىي كەسىپ ئالماشتۇرغان سەنئەتچىلەر ئىشلەيدىكەن.

باسمىخانا 80-يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئېلان، تەشۋىقات ماتېرىياللىرى، گۈزەل سەنئەت، ئويۇن نومۇرلىرى، ئالبوم، كالېندار، دراما، ئوپېرا، ئۇسسۇل تارىخىنى كۆرسىتىدىغان رەسىملىك بىراشورلار، چالغۇ ئەسۋابلىرىنى كۆرسىتىدىغان رەسىملىك خاتى-

رىلەرنى ئىشلەيدىكەن، يۇقىرىقى ماتېرىياللارنى سېتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يىللىق چىقى-
مىنى قاپلايدىكەن.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن مەملىكەتلىك ئۆسمۈرلەر مەركىزىي سارىيىدا ئۆسمۈر-
لەر كونسېرتى كۆردۇق. بۇ ئۆسمۈرلەر سارىيى ناھايىتى كۆركەم ھەمگۈزەل سېلىنغان بو-
لۇپ، 1958 - يىلى جۇڭگو ئىنژېنېرلىرى لايىھىلەپ سېلىپ بەرگەنىكەن. 1960 - يىلى بۇ
ساراي «لېنىن ئۆسمۈرلەر سارىيى» دەپ ئاتالغان. ھەر يىلى بۇ سارايدا مۇزىكا، ئۇس-
سۇل، رەسىمدىن بولۇپ 36 گۇرۇپپا 3000 پىئونېر ئوقۇغۇچى تەربىيىلىنىپ چىقىدىكەن.
بۇ مەركىزىي سارايدا بىرلا ۋاقىتتا 500 ئوقۇغۇچى دەم ئېلىش، ئويۇن قويۇش، ھەم تا-
ماق يېيىشكە جەم بولىدىكەن. يىلىغا ھۆكۈمەت بىر مىليون 800 مىڭ يۈەن راس-
خوت بېرىدىكەن. يىلدا نۇرغۇن قېتىم پائالىيەت ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، چوڭ تېپتىكى ناخشا-
ئۇسسۇل كېچىلىكى، چوڭ تىپتىكى مەخسۇس مۇزىكا كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلىدىكەن، بولۇپمۇ
بايرام كۈنلىرى ۋە خاتىرە كۈنلىرى پائالىيەت قىزىپ كېتىدىكەن. «لېنىن ئۆسمۈرلەر
سارىيى» گە قاراشلىق بىرقانچە زاۋۇت، فابرىكا بولۇپ، بالىلارنىڭ ئويۇن كىيىملىرى،
چالغۇ ئەسۋابلىرى شۇ كارخانىلاردا ئىشلىنىدىكەن، مەخسۇس شتاتلىق تەربىيىچىلەر 90 نەچچە
كىشى بولۇپ، بۇلارغا موڭغۇلىيە سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى كەسپىي جەھەتتىن يېقىن
ياردەم قىلىدىكەن.

ئۇلانباتوردا تۆت جايدا بالىلار سارىيى بولۇپ، بۇ سارايلار مەركىزىي بالىلار سا-
رىيى ھېسابلىنىدىكەن. شۇنداق بولغاچقا، بۇ يەردە تەربىيىلەنگەن بالىلار تەبىئىي ھال-
دا سەنئەت ئۆمەكلىرىنى تولۇقلاپلا قالماي، جەمئىيەتتە ناھايىتى زور بىر قوشۇن بو-
لۇپ، جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىنى جانلاندۇرىدىكەن. بۈگۈن بىز بۇ يەردە ئىككى
يېرىم سائەتتىن ئارتۇق بالىلار كونسېرتى كۆردۇق، گاھى نومۇرلارغا 200 دىن ئارتۇق
بالا قاتنىشاتتى. ئۇلارنىڭ نومۇرلىرى ھەم ساغلام، ھەم كۆركەم ئىكەن، بۈگۈنكى ئو-
يۇنغا 500 ئوقۇغۇچى قاتناشقان بولۇپ، بۇ قوشۇن ئىچىدىن ئاجايىپ تالانتلىق ناخشى-
چى، ئۇسسۇلچى، مۇزىكانتلارنى بايقاشقا بولاتتى. بۇ ساراي بىر ئەۋلادساغلام ۋە تالانت-
لىق موڭغۇل سەنئەتچىلىرىنى تەييارلاپ بېرىۋېتىپتۇ، موڭغۇلىيىدە ئوپېرا، بالېت بىرقە-
دەر تەرەققىي قىلغانىكەن. بالېت ئۆمىكى چەتكە چىقىپ كەتكەچكە، ئۇنى كۆرۈش ئىم-
كانىيىتى بولمىدى، ئوپېرا ۋە سىرىك ئويۇنى كۆردۇق. ئوپېرا ئاساسەن سوۋېت ئىتتى-
پاقىنىڭ ئوپېرا تىياتىرىغا تەقلىد قىلىنغان بولۇپ، ئوپېراغا قاتناشقان ئەر - ئايال پېر-
سوناژلار باس ئاۋاز ياكى ئىنتايىن يۇقىرى ئاۋازدىكى ناخشىچىلار بولۇپ، ئوپېرانىڭ
ۋەقەلىكى بېشىدىن كولمىناتسىيىسىگىچە ناخشا بىلەن ئىپادىلىنىدىكەن. ئويۇن يۇقىرى پەل-
لىگە چىققاندا، سەھنىدە بىرقانچە 100 ئادەم خور ئېيتىۋاتقاندەك بىر مەنزىرە پەيدا
بولىدىكەن. چوڭ سىرىك ئۆمىكى چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەنىكەن، شۇنداقتىمۇ سىرىك
ئويۇنى بىزدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. ئۇلارنىڭ سىرىك ئويۇنى ھايۋاناتلارنىڭ قات-
نىشىشى بىلەن ئورۇندىلىدىكەن، كىشىلەر چاۋاك چالغاندا ھايۋاناتلار سەپتىن چىقىپ
پۇتىنى پۇكۇپ كىشىلەرگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئاندىن قايتىدىكەن.

www.uyghurkitap.com

ئۇلانباتۇر شەھرىنىڭ تىياتىرى يېڭى سېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭغا 1000 دىن ئارتۇق ئادەم سىغىدىكەن. ئۇنىڭ قۇرۇلۇشى خۇددى بىر موڭغۇل كىگىز ئۆيىگە ئوخشايدىكەن. ئۇ يۇمىلاق بولۇپ، تەنتەربىيە مەيدانىغا ئوخشاپ قالىدۇ. سەھنىسىمۇ يۇمىلاق. ئۇچۇش ۋە يۇقىرى ماھارەت ھەرىكەتلىرىلا يۇقىرىدا ئوينىلىدۇ. بىز يەنە موڭغۇل خەلق سەنئەتچىلىرىنىڭ ئويۇنلىرىنى كۆردۇق. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرمۇنچە «ئۇلانمۇچۇر» چە گۇرۇپپىلار بولۇپ ئۇلار ئۆزلىرى بىرىكىپ ئويۇن قويۇش ئۆمىكى بولۇپ شەكىللەنگەن شەخسىي سەنئەت ئۆمەكلىرى ئىكەن. ئۇلارنىڭ قەدىمىي ئويۇن نومۇرلىرىنىڭ بەزىلىرى خەنزۇچە چىڭچاڭ، يەۋجۈي مۇزىكىلىرىغا ئوخشىشىپ كەتسە، بەزىلىرى تۇرپان مۇقامىغا ئوخشاپ قالىدىكەن.

موڭغۇلىيە قەدىمىي ئاسار - ئەتىقىلەر، مەدەنىي يادىكارلىقلار، مەشھۇر سەيلىگاھلار بىرقەدەر كۆپ دۆلەت. بىز ئۇلانباتۇردىن 200 كىلومېتىر شەرققە جايلاشقان قاراقۇرۇمغا بارماقچى بولۇپ ئايرودرومغا چىققان بولساقمۇ، قاتناش قىيىن بولۇش سەۋەبىدىن ئۇ يەرگە بارالماي قالدۇق. ئۇ شەھەر ئەسلى موڭغۇلىيىنىڭ كونا پايتەختى بولۇپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىنتايىن مول، گۈزەل مەنزىرىلىك جاي ئىكەن. ئۇ يەر بۇنىڭدىن 1000 يىللار بۇرۇندىن باشلاپلا پايتەخت بولغان. ئۇ يەردە جۇڭگو بويىچە قۇرۇلغان 38 دۆلەتنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئۇيغۇر دۆلىتى قۇرۇلغانىكەن. كونا ئورخۇن دەرياسى بويىدا ئۇيغۇر خانلىقى ئۇزاق مەزگىل ھۆكۈم سۈرگەنىكەن. بىز ئايرودرومدىن قايتىپ گۈزەل سەنئەت مۇزېيى، تەبىئىي مۇزېيى، تارىخىي مۇزېيى قاتارلىق بىرقانچە مۇزېيلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. مەن تارىخىي مۇزېيى كۆرۈشكە قىزىقتىم. موڭغۇلىيە 1911 - يىلى مۇستەقىل بولۇپ، 1921 - يىلى ئازاد بولغان، موڭغۇلىيىنىڭ فېئودالىق پادىشاھلىق تۈزۈمىگە خاتىمە بېرىلگەن. موڭغۇلىيىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى بۆگرەيخان 1924 - يىلى ئۆلگەن. 1925 - يىللىرىدىن باشلاپ سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش باشلىنىپ كەتكەن. ئىنقىلابنىڭ دەسلەپىدە سۇخىباتۇر دېگەن كىشى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىگە ماسلىشىپ، ئىنقىلابىي قوشۇنغا يېتەكچىلىك قىلغان، سۇخىباتۇر لېنىن بىلەن بىرقانچە قېتىم كۆرۈشكەن ۋە ئۇنىڭدىن بىۋاسىتە تەلىم ئالغان. 1924 - يىلى سۇخىباتۇر ۋاپات بولغان، ئۇنىڭ قەبرىسى ئۇلانباتۇر خەلق مەيدانىغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇ ھېلىمۇ موڭغۇل خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئىكەن. سۇخىباتۇر ۋاپات بولغاندىن كېيىن چۇيبالسان رەھبەرلىك ئورنىغا چىققان، بۇ چاغلار سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىنتايىن جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋاتقان شۇنداقلا 2 - دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغان پەيتكە توغرا كەلگەن. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئۇچقۇنى موڭغۇلىيىگە ئاساسەن تېسىر كۆرسەتمىگەن دېيىشمۇ بولىدۇ، ياپون فاشىزمى 42 - يىلى موڭغۇلىيىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە تېگىپ ئۆتۈپ كەتكەندىن باشقا، قايتا ئۇرۇش بولمىغان. ئۇلار ئۇچۇن بۇ يىللار تىنىچ قۇرۇلۇش دەۋرى بولغان. 1953 - يىلى چۇيبالسان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا سىدىنبال چىققان، ئۇ 1985 - يىلى خىزمەتتىن چېكىنگەن بولۇپ، دەم ئېلىۋېتىپتۇ. 1985 - يىلدىن ھازىرغىچە پاتىموخ خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىۋېتىپتۇ.

بىز ئۇلانباتۇردا ئالتە كۈن بولدۇق. ئۇلانباتۇردا مۇشۇ بىرقانچە ئون يىلدا ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش يۈز بېرىپتۇ. شەھەر قۇرۇلۇشى ناھايىتى گۈزەل ئىكەن. بىز شەھەرنىڭ پىلانلىنىشىنىڭ بىرقەدەر مۇكەممەل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇق. موڭغۇل خەلقىنىڭ

تۇرمۇشى بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدىن يۇقىرىراق كۆرۈنىدۇ. موڭغۇلىيىنىڭ قائىدىسى بويىچە بالا تۇغقان يەتتىسى 450 تۆگرەك، ئالتىگە يەتسە 750 تۆگرەك، ئۇنىڭدىن ئاشسا 1000 تۆگرەك ياردەم بېرىلىدىكەن. ئەمما ئۆي ئىجارىسى قىممەترەك بولىدىكەن. ئۇلار پۈتۈنلەي ھەقسىز داۋالىنىش ۋە ھەقسىز ئوقۇشتىن بەھرىمەن بولىدىكەن. ئۇلانباتۇردا كۆكتات تېرىش ئانچە يولغا قويۇلمىغان بولۇپ، كۆكتات تەمىنلىنىشى قىسراق ئىكەن. كۆممىقوناق پىشمايدىكەن. 100 مىليون تۇياق چارۋىغا ئىگە بولۇپ، گۆش بىلەن ئۆزىنى قەدىر ئەھۋال تەمىنلەيدىكەن. بەزى تەبىئىي ئاپەتكە دۇچ كەلگەن يىللىرى ئېكسپورت قىلىدىغان گۆشنى ئازايتىشقا توغرا كېلىدىكەن. موڭغۇلىيىدە شەھەر بىلەن يېزىنىڭ پەرقى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئادەملەر شەھەرگە توپلاشقان، يېزىغا بارمايدىكەن، يېزا خەلقى شالاڭ ئىكەن. مۇساپە يىراق، قاتناش قىيىن بولغانلىقى، تاشيوللار راۋان بولمىغانلىقى ئۈچۈن، يېزا بىلەن شەھەرنىڭ ماسلىشىشى، سودا ئالماشتۇرۇشى دېگەندەك بولمايدىكەن. شۇڭا ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇشى دېگەندەك تەرەققىي قىلماپتۇ.

شەھەردىمۇ خېلى بىر قىسىم مەھەللىلەردە بىر قەۋەتلىك ئۆيلەرگە يانداشقان موڭغۇل كىگىز ئۆيلىرى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، موڭغۇلىيىدىمۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ھەر خىل دىنىي پائالىيەت ئورۇنلىرى، ئىبادەتخانىلارغا ئېتىبار بېرىلمىگەنلىكتىن نۇرغۇن مەدەنىي يادىكارلىقلار، ئىبادەتخانىلار ۋەيران بولۇپ كەتكەنىكەن. ئازادلىقنىڭ ئالدىدا پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىبادەتخانىلار ۋە دىنىي پائالىيەت ئورۇنلىرى 700 دىن ئاشىدىكەن. بۇ جايلار تۆت كونا ھېسابلىنىپ ئىنتايىن زور دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. ئۇلانباتۇردا ئىنتايىن چوڭ بىر خانلىق ئىبادەتخانا بولۇپ، ئۇنىڭ كۆلىمى 10 مىڭ مو كېلىدىكەن. كېيىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، تۆتتىن بىر قىسمىلا ۋەيران ھالدا ساقلىنىپ قالغانىكەن. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بېرى، موڭغۇلىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى بۇ ئورۇنلارغا ئېتىبار بېرىپ، رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىشىنى باشلىۋېتىپتۇ. بۇتخانىلار جانلىنىپ، نۇرغۇن چەت ئەل كىشىلىرى ۋە دۆلەت ئىچىدىكى خەلقلەر ئېكسكۇرسىيە قىلىدىغان جايغا ئايلىنىپتۇ. نۇرغۇن لاما ئىبادەتخانىلىرىدا ئىبادەت يولغا قويۇلۇپتۇ.

ھازىر ئۇلانباتۇردىكى خانلىق ئىبادەتخانىدا بىر بۇددا دىنىي شۆبىسى قۇرۇلۇپتۇ. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كىشىلەر كېلىپ بۇ يەردە بۇددا نوملىرىنى ئوقۇيدىكەن ۋە تەتقىق قىلىدىكەن. بۇ يەردە ئاسىيا بۇددا جەمئىيەتلىرى مەركىزى قۇرۇلۇپتۇ، ئۇنىڭ باشلىقى مۇشۇ شۆبىنىڭ باشلىقى ئىكەن.

ئۇلانباتۇر شەھىرىنىڭ قۇرۇلغانلىقىغا تەخمىنەن 280 يىل بولۇپتۇ. ئەسلى بۇ شەھەر كىچىك بىر قىشلاق بولۇپ، ئاستا - ئاستا كېڭىيىپ ھازىرقى ھالغا كەلگەنىكەن.

28 - ئىيۇن كەچقۇرۇن موڭغۇلىيە سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىزگە ئۆزىنىڭ زىياپىتى بەردى. زىياپەتكە سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى، ئاتاغلىق ناخشىچى جىرغىل سەيفىن باشلىق بىر قىسىم يولداشلار ۋە ئۆمىكىمىزدىكى ھەممە يولداش قاتناشتى. زىياپەت ناھايىتى كۆڭۈللۈك ۋە دوستلۇق كەيپىياتىدا ئۆتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئارسلان

www.uyghurkitap.com

# مەسەللەر

جاپپار ئەمەت

## ئىككى مەسەل

شەپەرەڭ نېمىشقا ئۇچار گۇگۇمدا؟

سىز كۆرگەن شەپەرەڭ قەدىم زاماندا،
بىر داڭدار قۇش ئىكەن پۈتۈن جاھاندا.
قانىتى كۈمۈشتىن، پەرلىرى مامۇق،
گۈزەللىك بابىدا ھېچ تەڭدىشى يوق.
خالىسا ئۇچاركەن كۈندۈزى ھەريان،
خالىسا قۇچاركەن ئاخشىمى ئاسمان.
ئۆتكۈزۈپ كۈنلەرنى دائىم شادىمان،
دۇنيانى كېزەركەن خۇشال، بىئارمان.
ۋە لېكىن بار ئىكەن بىر چوڭ ئەيىبى،
ئادەتكە ئايلانغان بىر يامان كەيپى:
ئىكەن ئۇ ئاتاقلىق ئىككى يۈزلىمە،
(بۇ ھەقتە گەپ تولا ئارتۇق سۆزلىمە).
يۈزلەنسە كىمگە گەر مەنسەپ ۋە دەۋران،
ئالدىدا پايپېتەك بولاركەن شۇئان.
ئەتىسى مەنسەپتىن يىقىلسا ئەگەر،
يۈز ئۆرۈپ، شۇئانلا چاچاركەن زەھەر.
باش قويۇپ پۈتنىغا يېڭى باشلىقنىڭ،
سۆرەركەن پەيزىنى ھۇزۇر - شادلىقنىڭ.
ئالدىدا بۇلبۇلنى ماختاپ ئۇ چەندان،
دەيدىكەن: «يوق سەندەك ئالىي غەزەلخان!»
ئارقىدىن دەيدىكەن: «ئېسىت ئاۋازىڭ،
ئېشەكتەك يېقىملىق بولسىچۇ سازىڭ!»
بىر كۈنى ماختىسا كاككۇكنى كۆرۈپ،
ئەتىسى قاغىنى كۆككە كۆتۈرۈپ،
ئۆگۈنى ھۇقۇشنى ماختاپ كېتەركەن،
كۈنلىرى تۇراقسىز، شۇنداق ئۆتەركەن.
سەن تەرەپكە قاراپ ھىجايسا كۈلۈپ،
ئۇ تەرەپكە قاراپ قاش - كىرپىك سۈزۈپ؛
ھەر ئىككى ياقنى تەڭ كۈلدۈرىدىكەن،
قىلتاقىقا شۇ ھامان ئىلدۇرىدىكەن.
قۇتۇپتىن - قۇتۇپقا سەكرەپ يۈرەركەن،
باش سوقۇشتۇرۇشنى ئەلا بىلەركەن.
يولۋاسنىڭ ئالدىغا كەلگەندە شىرنى
سۆكەركەن ئىشلىتىپ ھىيلە - مىكىرنى.
ۋە شىرنىڭ ئالدىغا بېرىپ قالسا گەر،
دەر ئىكەن: «ئۇ ساڭا قەست قىلىپ يۈرەر»
سۇلايمان پەيغەمبەر دەۋرىدە بىر چاغ،
دۈشمەنلەر كۆتۈرۈپ ئاڭا تىغ - ياراغ؛
باشلىنىپ كېتىپتۇ دەھشەتلىك چوڭ جەڭ،
ھەم ئىشقا سېلىنىپ ھىيلە ۋە نەيرەڭ.
بۇ چاغنى شەپەرەڭ بىلىپ غەنىيمەت،
بىر ئىشقا بەل باغلاپ قىلىپتۇ ھىممەت:
كۈندۈزى سۇلايمان سېپىدە تۇرۇپ،
ئالدىدا يول باشلاپ مېڭىپتۇ ئوزۇپ.
كېچىسى ئۆتۈپتۇ دۈشمەن تەرەپكە،
يول باشلاپ مېڭىپتۇ قوشۇلۇپ سەپكە.
سۇلايمان تەرەپكە قىلغاندا سەپەر،
دۈشمەننىڭ ھالىدىن بېرىپتۇ خەۋەر.

ئاخشىمى دۈشمەننىڭ سېپىگە ئۆتۈپ،
تۇرۇپتۇ ئەڭ مۇھىم خەۋەر يەتكۈزۈپ.
ئىشلىتىپ مۇشۇنداق ھىيلە ۋە نەيرەڭ،
كۆرەڭلەپ دەيدىكەن مەغرۇر شەپەرەڭ:
«بۇ ياخشى پۇرسەتنى بىلىپ غەنىيمەت،
ھەر ئىككى تەرەپكە كۆرسەتتىم خىزمەت.
كىم يەڭسە، بەرىبىر ماڭا پايدىلىق،
مەنسەپ ۋە ئابرويۇم ئۆسىدۇ ئېنىق.»
قۇشلارغا پادىشاھ بولغاچ سۇلايمان،
شەپەرەڭ ھالىدىن قىلىپتۇ گۇمان.
دۈشمەنلەر يېڭىلىپ، چېكىنگەن چاغدا،
شەپەرەڭ غىپ قىلىپ مۆكۈنگەن چاغدا؛
ئاشكارا بولۇپتۇ ئۇنىڭ قىلمىشى،
پاتقاقتا پېتىپتۇ بىراقلا كەشى.
سۇلايمان پەيغەمبەر جازالاپ ئۇنى،
قۇشلارغا ئېيتىپتۇ جاكارلاپ شۇنى:
«بولغاچقا شەپەرەڭ ئىككى يۈزلىمە،
ۋىجدانسىز، چېقىمچى، ئىپلاس بىر نېمە،
مۇسادىر قىلىنىپ مۈلكى بار-يوقى،
كۈندۈز ۋە كېچىسى ئۇچۇش ھوقۇقى —
ئېلىپ تاشلىنىشقا قىلىنسۇن ھۆكۈم،
ۋە بولسۇن ئازادە ئۇچۇشتىن مەھرۇم.
پەقەتلا نامازشام ۋاقتىدا ئازراق،
ئۇچسۇنۇ ۋە لېكىن كەتمىسۇن ئۇزاق!»
شەپەرەڭ شۇم نىيەت شۇ كۈندىن باشلاپ
پۇشايمان ئىلكىدە كۆزىنى ياشلاپ،
ئايرىلىپ كۈمۈش رەڭ قانىتىدىن ھەم،
ئايرىلىپ ماموق پەر، سۇمباتىدىن ھەم،
يا كۈندۈز، يا كېچە ئۇچالمايدىغان،
پەرۋازى ئاسماننى قۇچالمايدىغان،
يا ئۇچار قۇشلارغا ئوخشىمايدىغان،
يا چاشقان تۈرىگە قوشۇلمايدىغان
بىر يامان ھالەتكە بوپتۇ گىرىپتار،
ياشاپتۇ جانۋارلار ئىچرە شۇنچە خار،
ئۇچاركەن ئۇ پەقەت نامازشامدىلا،
ياشاركەن ھەمىشە ئەسكى تامدىلا.

هۆپۈپ نېمىشقا سېسىق؟

ئۆستىدە بار يول-يول سىزىق-سارغۇچ مەللە تون،
بېشىدا بار پۆپۈچەك تاج، تۇمشۇقى ئۇزۇن،
كۆرۈنۈشى ئالا-تاغىل ھەيۋەت ۋە پۈزۈن،
بىر ھۆپۈپ يەر بېغىرلاپ، ئېگىز-پەس ئۇچۇپ،
كېلىپ قوندى ئېگىز دۆڭگە بىردىنلا چۆچۈپ،
ئۇچۇپ كەتتى دۆڭ بېغىرلاپ يەنە تۆۋەنگە.
ئۇنىڭ مۇنداق ھەيۋىتىدىن ھەيران بولدۇم مەن،
ھەيرانلىقتا ئۆز-ئۆزۈمگە سوئال قويدۇم مەن:
«ھۆپۈپنىڭ كىيگەن تونى چىرايلىق پۈزۈن،
لېكىن ئۇنىڭ تۇمشۇقلىرى نېمانچە ئۇزۇن؟
نېمە ئۈچۈن تېنى سېسىق، پۇرىقى بەدبۇي،
بولۇپ قالغان يەنە ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بەدخۇي؟»
سوئالىمغا مەلىدىكى ئىمام ئاخۇنۇم
جاۋاب بېرىپ دېدى: «ئاڭلا، سۆزۈمنى ئوغلۇم!
بۇ توغرىلىق مۇنداق قىزىق بىر رىۋايەت بار،
ئېيتىپ بېرەي ساڭا، قىزىق بىر ھېكايەت بار:
دۇنيادا ھېچ ئىش بولمايدۇ ماكان، سەۋەبسىز،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

سەۋەب بىلەن نەتىجە زىچ باغلانغان شەرتسىز.
بىر زاماندا،
سەن كۆرگەن شۇ سىرلىق ھۆپۆپ.
ئۆتكەنىكەن ئالىم بولۇپ ھەم دەۋران سۈرۈپ.
خۇددى قازان چوڭلۇقىدا بېشىدا سەللە،
قولتۇقىدا كىتابلاردىن نەچچە ئون تەللە.
باشقىلاردىن پەرقلىق ئىكەن — تونلىرى مەللە،
ھۆرمەت بىلەن تىك تۇرار كەن ئۇنى كۆرگەنلەر.
لېكىن ئۇنىڭ بىلىمى كۆپ، بولسىمۇ چوڭقۇر،
ئۆزى ئىكەن زۇۋانداراز، بەكمۇ ھاكاۋۇر.
بولغاچقا ئۇ ئىچى بەك تار، بەكمۇ قىزغانچۇق،
ھەسەت قىلىپ يۈرەر ئىكەن، ئىچى بەك پۇشۇق.
بىلگىنىنى شاگىرتلارغا ئۆگەتمەيدىكەن،
سۆزلىگەننى ئەمەلدە ھېچ كۆرسەتمەيدىكەن.
ئەمەل قىلماس ئىكەن ئەسلا كىتاب ھۆكمىگە،
سۆزى باشقا، ئىشى باشقا ئىكەن ھەممىشە.
«مەن بىلىمدار» دەپ گىدىيىپ، تۇمشۇقىنى سوزۇپ،
يۈرەر ئىكەن ھەيۋە قىلىپ، تەلەتىنى بۇزۇپ.
كاتتا - كاتتا ئالىملارنى ئىلماي ھېچ كۆزگە،
لوقما تاشلاپ تۇرار ئىكەن ھەر ئېغىز سۆزگە.
ئۇلار ئۆتكەن دەرسلەردىن پۇتاق چىقىرىپ،
ھەر جۈملىدىن نەچچە ئون خىل چاتاق چىقىرىپ؛
ياخشىلارغا ئورا كولاپ، كۈن بەرمەيدىكەن،
بىلىمدار ۋە ئىشچانلارنى كۆرەلمەيدىكەن.
بۇلۇڭ - پۇشقاقلاردا ھەركۈن غەيۋەت - شىكايەت
بىلەن ئۆمرى ئۆتەر ئىكەن سۆزلەپ ھېكايەت.
بىزار بولۇپ تەڭرى ئۇنىڭ مۇنداق ئىشىدىن،
مەنمەنچىلىك، ھاكاۋۇرلۇق شۇم قىلمىشىدىن،
ئالىملىقتىن مەھرۇم قىلىپ ئۇنى ئاشۇدەم،
ھۆپۆپكە ئۆزگەرتىپتۇ سۈرىتىنى ھەم.
ئالىم چاغدا باشلىرىغا ئورۇغان دەستار،
ئۇزۇن پۆپۈك بولۇپ قاپتۇ، نېمە چارە بار؟
زۇۋانداراز، تىلى ئۇزۇن بولغاچقا بۇرۇن،
بولۇپ قاپتۇ ئۇنىڭ يەنە تۇمشۇقى ئۇزۇن.
ئىشلەتمىگەچ ئۆزى بىلگەن ئىلمى - ھېكمەتنى،

ياكى جارى قىلدۇرمىغاچ پەن - مەدەنىيەتنى،
ئىچىدىكى بىلىملىرى قورساقنى ئېشىپ،
يىللار ئۆتۈپ ئاستا - ئاستا كېتىپتۇ سېسىپ.
ھۆپۆپنىڭ سېسىقلىقى شۇنىڭدىن قالغان،
ئەزبەرايىي، بۇ سۆزۈمدە ئېيتمىدىم يالغان.»

تۇرسۇن ئابباس

## بار مۇنداقمۇ قىلمىشلار

«خالىس گۆش»

بەلگىلەنگەن دېھقانغا
مەجبۇرىيەت - خالىس گۆش.
ئىجرا قىلساق يېزىدا
ھەقىقەتەن رولى چوڭ.
لېكىن ئۇنى بەزىلەر
ئايلاندۇردى «قالقانغا»
(مېھمىنىنى كىشىنىڭ
كىرگۈزمەككە ئالقانغا.)
باشلىق دائىم ئامىغا
ئېگىز دۆڭنى پەسلەتتى.
ئىشى چىقسا باشلىقنىڭ
ئۆز ئىشىغا ئەپكەتتى...
كۆپنىڭ ئىشى ئاقسا،
جەرىمانە ئەپكەتتى.
بۇنداق ئىشلار بەئەينى،
شۇم ئۆتمۈشنى ئەسلەتتى.
كەلسە - كەلمەس ئىشلەتسە،
«خالىس گۆشكە ھېساب» دەپ،
بوزەك قىلسا بولامدۇ
دېھقانلارنى ياۋاش دەپ؟!

ۋېۋېسكىسىز ماگىزىن

بىر دوقمۇشتا ئېچىلدى
ۋېۋېسكىسىز ماگىزىن.
پايدا ئالار ماللارنىڭ
ئىنىدىن ھەم كېزىدىن.
شۇنداق قىممەت ئۇنىڭدا
قەنت - گېزەك، چاي، سەرەڭگە.
سارجا، يۇڭ يىپ، يىپەك رەختە
چايدان، چىپلەك، تەلەڭگە.
گەرچە ئوخشاش بولسىمۇ
مال ماركىسى، بويىمىسى؛
باھا قوشار قانۇنسىز،
بۇ قەيەرنىڭ «نوچىسى؟!»
ئىنساپ قىلسا بولمامدۇ.
ھالال پايدا - نەپ چىقسا؟
قانداق قىلار ئاخىرى
ھايانكەش دەپ گەپ چىقسا.

ئۆمەر ئىسمايىل

## «پارا ئالمايدىغان باشلىق» ھەققىدە قوشاق

(ساتىرا)

كۆپ ئىلتىجا قىلسامۇ ئارام ئالماي شۇ چاققا،
يۆتكىلىشىم ھەل بولماي بەك سوزۇلدى ئۇزاققا.
كىردىم يەنە ئامالسىز، پۇت - قوللىرىم دەرمانسىز،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دېدى باشلىق: «ۋاقتىم يوق ئالدىرايمەن تاماققا».
كەيپىم ئۇچۇپ بۇ گەپكە تۇرغانىدىم بىر چەتتە،
دېدى بىرسى: «تەخىر قىل، كىتىپ قالماي يىراققا
هايال ئۆتمەي چىقار ئۇ، دىلغا بىر ئىش پۈكەر ئۇ،
بىلگىن شۇنى: «ياقماپتۇ قورۇق سۆزلۈك قولاققا».
بۇ تەمسىلنى ئەستە تۇت، باشلىقنىڭ ياخشى كۆت،
ئېيتقىن، قانداق كۆيىدۇ ماي قۇيمىساڭ چىراغقا؟»
رايىم يوقتى ئەسلىدە، ئالمىششىنىڭ قەستىدە،
تەۋەككۈل دەپ يول ئالدىم «يۈز، قولۇمنى يۇيماققا...»
كىرگەنىدىم ئەتىسى، كەلدى باشلىق شەپىسى،
يۈز يۈەن پۇل تەڭلىدىم سىلىپ يوغان لىپاپقا.
دەرهال ئېچىپ قاردى، ئەتراپىغا قاردى،
پۇرۇشتۇرۇپ ئاغزىنى تاشلىۋەتتى بىر ياققا.
دېدى: «قاتراپ هارمىدىڭ، مېنى نېمە چاغلىدىڭ،
مۇشۇ ئىشنى قىلدىڭمۇ چۈشۈرەي دەپ قىلتاققا...»
دېدى: «كاتىپ ياز بۇنى، سېستىساڭمۇ ئاز بۇنى،
ئېردشەي مەن پاك باشلىق دېگەن ياخشى ئاتاققا».
راست دېگەندەك يېزىپتۇ، گېزىتلەرگە چىقىپتۇ،
يۈزمىڭ نەپرەت ئوقۇدۇم خۇشامەتچى پاخپاققا.
بىرسى ئۇچراپ تۇيۇقسىز، دېدى: «ئىشنى بۇزۇپسىز،
ئالدانمايدۇ چۆجىمۇ يېرىم چاڭگال قوناققا.
ئىش يولىنى بىلمەپسىز، قوبۇل قىلماس دېمەپسىز،
ماغدۇرىڭىز يەتمەپتۇ بۇنىڭدىنمۇ چوڭراققا.
قاراڭ ئوغلۇم تۇرەخمەت، يازالمايتتى تۈزۈك خەت،
ئاشپەزلەرگە ياللىنىپ ئوت قالايتتى ئوچاققا.
مانا هازىر كادىر ئۇ، هەممە ئىشقا ماهىر ئۇ،
بولدى گىلەم كاپالەت قانچە ئۆتكەل، توساققا.
بېخىل خەقلەر ئۇقمايدۇ، پۇل بىلەن ئىش ئوخشايدۇ،
ئورۇن تەگمەس قاتاردىن ئەمدى تۆمۈر تىرناققا.
ئاز نەرسىنى ئالمايدۇ، كۆز قىرىنى سالمايدۇ،
قىلساڭ ئەگەر كەڭ قوللۇق يۆتكىلەتتىڭ بۇ چاغقا».
بۇنى ئاڭلاپ تۇرالماي، ئاچچىقىمنى باسالماي،
«پارە ئالماس باشلىق» نى قېتىۋالدىم قوشاققا.
يېگىنىنى قۇستۇرۇپ، هەقىقەتنى ئۇقتۇرۇپ،
دېگۈزەيلى پەندىيات، تارتىپ ئۇنى سوراققا.
بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى تۇرسۇنئاي هۆسىين

# كىتابخانلاردىن خەت

## قىزلىرىمىزغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيلى

ھۆرمەتلىك «تارىم»:

مەن سىزنىڭ ھەر بىر سانىڭىز نەشىردىن چىققۇچە تەقەززالىق بىلەن كۈتىدىغان بىر ئاددىي كىتابخانىڭىز. مەن سىز بىلەن بىللە خۇشال بولىمەن، كۈلىمەن، ئۈمىدكە تولىمەن، كۆڭۈلسىزلىك ۋە پاجىئەلەرنى بېشىمدىن كەچۈرۈپ يىغلايمەن. بەزىدە ھەممىنى يېڭىپ غالىب بولىمەن، بەزىدە مەغلۇپ بولۇپ، تەقدىر ئالدىدا بېشىمنى ئېگىمەن. ئەمما بۈگۈنكىسىنى قانداق دېسەم بولار؟ سىزگە خاپا بولدۇممۇ، ئۆزۈمگە ئېچىندىممۇ ياكى قىزلىرىمنى ئويلاپ قالدىممۇ، بىلمەيمەن.

1988 - يىللىق 8 - سانىڭىزدا تۆت ھېكايە ۋە بىر پوۋېست ئېلان قىلىنىپتۇ. ئۆز ئادىتىم بويىچە ھەممىنى بىر ئولتۇرۇشتىلا ئوقۇپ چىقتىم. «بۇ نېمە ئىش؟» دەپ كېچىسى ئارامخۇدا ئولتۇرۇپ يەنە ئوقۇدۇم.

ياق، كۆزلىرىم مېنى ئالدىماپتۇ. قولۇمدا تۇتۇپ تۇرغىنىم «تارىم»، ئوقۇۋاتقىنىممۇ شۇ.

«... يولدا ئۇنىڭغا ساۋۇت ئۇچراپ، يىراقتىنلا ۋارقىرىدى:

— ھەي، سەلىمكا! ... مۇشۇ تەرەپلەردە بىزنىڭ گۈلشەننى كۆرگەندەك بولدۇڭمۇ؟

بوۋاي دەرھال جاۋاب بېرەلمىدى. ئۇ ھاسىراپ كەتكەنىدى. ئاڭغىچە ساۋۇتمۇ ئۇنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى.

— كۆردۈم.

— قەيەردە؟ ... تىرىكمۇ؟!

— خۇدا ئامانىتىنى ئاپتۇ، ياتقان يېرى جەننەت بولسۇن ...»

(مەمتىمىن ھوشۇر: «بۇ، چۈش ئەمەس»)

«ساقچىلار ئاھالىلەر كومىتېتى قوغداش خادىمىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن دەرۋازا ئىچىگە كىرىپ، قورۇنىڭ سول تەرىپىدىكى ئۆينىڭ قوش قاناتلىق ئىشىكىنى ئاچقاندا، ئۆينىڭ ئىچىدە قانسىز يۈزىنى ئىشىك تەرەپكە قىلىپ، ئوڭ مەڭزىنى يەرگە چاپلاپ دۈم ياتقان 24 ياشلار چامىسىدىكى بىر چوكاننىڭ جەسىتى كۆرۈندى.»

(ئابدۇللا ئىلى: «ئۇششۇگەن خەمەكلەر»)

«... كۆز ئالدىدا خىزىردەك ھۆرمەتكە ئىگە ئەينىدىن ھاجىمىنىڭ بۇنداق قىلىشىدىن ھودۇقۇپ كەتكەن قىزنىڭ قولىدىن تىللامۇ، شامىمۇ چۈشۈپ كەتتى. شام قىزنىڭ كۆڭلەكلىرىنىڭ ئېتەكلىرىنى كۆيدۈرۈشكە باشلىدى. قىز قاراڭغۇ زۇلمەت باسقان ئۆيدە مەر - مەر تاشتىن ياسالغان مەبۇتتەك قېتىپلا قالغانىدى.»

(تۇرسۇنئاي يۇنۇس: «ئىككى دانە تىللا»)

«مەن ئارىدىن بىر كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇستەڭ بويىغا يەنە كەلدىم، قىز

www.uyghurkitap.com

كۆرۈنمەيتتى. ئېھتىمال، كېچە بوران خېلى ئەدىگەن بولسا كېرەك. ئۇلۇشكۈنكى ئىسىز ئۈچۈپ كېتەي دەپ قالغان، ھېلىقى يانتاق چېچىكىمۇ توزۇپ كېتىپ بولغانىدى. ئاھ، ئاجىز يانتاق چېچىكى...»

(مىجىت ئېلىپ: «يانتاق چېچىكى»)

بۇ تۆت ئۈزۈندە سىزنىڭ 8 - سانىمىزنىڭ سەھىپىسىدىكى تۆت ھېكايىدىن ئېلىنغان. كۆرۈپ تۇرۇپسىزكى، تۆتلا ئەسەردە قىزلارنىڭ ھاياتى پاجىئە بىلەن ئاياغلاشقان. بىر سان ئۈچۈن بۇنچىلىك كۆز يېشى جىق كەتمەسمۇ؟

«ئۇ (گۈلشەن) كىشىلەرنىڭ نەزەرى چۈشمەيدىغان بىر ماكاندا ئۆسۈۋاتقان دالا گۈلىگە، يىراق ئورمانزارلىقنىڭ ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان تولۇن ئايغا ئوخشايتتى.»

ئەسىمۇ، جىسمىمۇ گۈلگە ئوخشايدىغان بۇ قىزغا كىمنىڭ كۆزى تەگكەندۇ؟ بۇ قىز نېمە ئۈچۈن ئۆز بەختىنى تاپالمايدۇ؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن چوقۇم ئۆلۈشى كېرەك؟

ئەمەي يېڭى، مېۋە، نوتا دېگەن چىرايلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان ھېلىقى چوكانمۇ نېمە ئۈچۈن ھاياتلىق مېۋىلىرىنى تېتالمايدىغاندۇ؟

«گۈلھەپىزەم ئەينەكتە ئۆز رۇخسارىنى كۆرۈپ بۆلەكچە شادلاندى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنچىلىك چىرايلىق، ئوماق قىز ئىكەنلىكىنى تېخىچە ھېس قىلمىغانىدى. ئۇنىڭ بويى ئانچە ئېگىز ئەمەس، لېكىن بەدەنلىرى تولۇق، قارلىغاچ قانىتىدەك ئىنچىكە قاشلىرى، چاقناپ تۇرىدىغان چېقىر كۆزلىرى ئۇنىڭ ئالمىدەك دۈگىلەك يۈزىگە ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى.»

ھۆسنى قانچىلىك گۈزەل بولغان بولسا، قەلبىمۇ شۇنچە گۈزەل، ساددا، ئاقكۆڭۈل قىزنىڭ نېمە ئۈچۈن ئېتىكى كۆيىدۇ؟

ئاق كۆڭلەكلىك، ئاق ياغلىقلىق 17 ياشلىق يانتاق چېچىكىچۇ؟ ئۇمۇ توزۇپ كەتتىمۇ؟

شۇنداق توزۇپ كەتتى...

زادى نېمە ئىش بۇ؟

يازغۇچىلارنىڭ ئىلتىپاتىمۇ، تەھرىرلەرنىڭ بېپەرۋالىقىمۇ؟ تەسادىپىلىقمۇ ياكى...

ھۆرمەتلىك «تارىم»!

سىز بەلكى تۇرمۇش دېگەن مۇشۇ، ئۇ ئۆلۈم، مۇسىبەت، كۆز يېشى بىلەن تولغان دەرسىز. شۇنداق بولسىمۇ، يارۇ بۇرادەرلىرىڭىزگە تەسەللى بەرگەيسىز، مەدەت بەرگەيسىز.

چېچەكلەر توزۇپ كەتمىسۇن.

قىزلىرىمىزغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيلى.

ھۆرمەتلىك «تارىم»، يازغىنىم پەقەت سالام خەت، بەلكى قاملاشمىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. لېكىن بۇ مېنىڭ يۈرەك سۆزۈم. مەن بىر ئاددىي ئايالمەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئانا مەن. مەيلى جاۋاب قايتۇرۇڭ، مەيلى قايتۇرماڭ، لېكىن بۇ خەتنى ئوقۇپ چىقىڭ. ئېھتىمال، ماڭا خاپا بولارسىز ياكى مېنى مەسخىرە قىلىپ كۈلەرسىز. قانداقلا بولمىسۇن، ئوقۇپ چىقىپ ئويلىنىپ بېقىڭ. بەلكى سىزنىڭمۇ قىزىڭىز باردۇ. ئۇمۇ گۈزەل ھەم پاكتۇر...

بىھۆرمەتلىك قىلغانلىقىم ئۈچۈن ئەپۇ قىلغايسىز. ھۆرمەت بىلەن: ھەلىمە بارى.

## ئوقۇتقۇچىنىڭ يۈرەك سۆزى

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 11 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئويلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتنى زور قىزىقىش بىلەن ئوقۇپ چىقتىم.

بۇ ئەدەبىي ئاخباراتنى زامانىۋى تەرەققىيات يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ئىسلاھات چوڭقۇرلىشىۋاتقان ۋە تاۋار ئىگىلىكى يۈكسىلىۋاتقان يېڭى تارىخىي بۇرۇلۇش مەزگىلىدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئاچچىق تولغاق ئىچىدىكى روھىي دۇنياسىنى سەممىي ھەم دادىل كۆرسىتىپ بەرگەن چىرايلىق، پاكىز ئەينەك دېيىشكە بولىدۇ.

ئاپتور بۇ ئەسىرىدە مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ قەلبىدە يېڭى تارىخىي ئېقىمغا ماسلاشقان ھالدا، ئاللىقاچان بىخ سۈرگەن ھەم ئۈنۈپ چىققان، لېكىن باراقسان بولالمايۋاتقان ئويغىنىش ئېڭىدىن ئىبارەت يېڭىلمەس ھاياتىي كۈچنى جانلىق سۈرەتلەپ بەرگەن، قېيداش، يېنىش، يۈلىنىۋېلىش، بېكىنمىچىلىك پىسخىك ھالىتىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۈچۈن ئىشەنچلىك رېتسېپ، شىپالىق مەلھەم ئاتا قىلغان ھەمدە شۇنداق خاراكتېردىكى كىشىلەرگە مەدەت، ئىلھام بېغىشلاپ، ئۇلارنىڭ دادىل ئالغا بېسىشىنى سەممىي ئۈمىد قىلغان.

مېنىڭچە، بۇ ئەدەبىي ئاخبارات ھەر ساھەدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىغا بىر قېتىملىق زامانىۋى ئاڭ تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا جانلىق ماتېرىيال بولالايدۇ.

بىزنىڭ كېيىن قالغانلىقىمىز، قالاقلىقىمىز پاكىت، لېكىن ئۆزىمىزنىڭ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە باشلىنىش سىزىقىدىن كېيىن چىققانلاردىن ئاخىرقى نۇقتىغا بالدۇر يېتىپ بارالايدىغانلار ھامان ئۇچراپ تۇرىدۇ، بۇمۇ پاكىت. مەن ئەركىن سىدىقتا ئوخشاش يىگىتلىرىمىزنىڭ چوقۇم يەنە كۆپلەپ مەيدانغا كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

«يېنىڭدا دائىم قوغلاپ يېتىدىغان ئادىمىڭ بولسا، خۇددى يولدا ھەممىشە يول بەلگىسى بولغانغا ئوخشاش.» بىز پۇشايمان قىلىپلا ئۆزىمىزنى خوراتماسلىقىمىز لازىم.

سەن ئەگەر ئەستايىدىل بولساڭ، تىرىشساڭ، ئۆگەنسەڭ، باشقىلاردا سېنى ھەيران قالدۇرۇۋاتقان كۈچ، يېڭىلىق بولغىنىدەك، سەندىمۇ باشقىلارنى ھەيران قالدۇرىدىغان كۈچ ۋە ئەقىل - پاراسەت بولىدۇ!

بىز ئۇيغۇرلار چوقۇم بېكىنمىچىلىك، قېيداش، يۈلىنىۋېلىش ۋە يېتەرسىزلىكنى ئاقلاپ، كېسەلنى يوشۇرۇشتەك ئىللەتلەردىن قۇتۇلۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان كونا قىممەت قارىشى، كونا ئەخلاق چۈشەنچىسى، كونا ئىستېتىك قاراش، كونا تەپەككۇر ئۇسۇلى، كونا پائالىيەت شەكلى، كونا تۇرمۇش ئۇسۇلىدىن ئالاقىمىزنى ئۈزۈشىمىز كېرەك.

ئىسلاھاتنىڭ جەڭ دۇمبىقى ياڭرىماقتا، ئۇنىڭ ساداسى ھەربىر كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى زىلزىلىگە كەلتۈرمەكتە، ئىسلاھات ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشماقتا ۋە كېڭەيمەكتە. ئۇنىڭ تەڭداشسىز دولقۇنى چىرىك، پاسكىنا ئەخلەت - چاۋالارنى ھەيدەپ - سۈپۈرۈپ، ئىجتىمائىي ئادىللىقنى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرىدىغان يېڭى تۇرمۇش مۇھىتىنى ياراتماقتا! بىز شۇنىڭغا ئىشىنىشىمىز كېرەككى، ئىسلاھات جەريانىدا چوقۇم يېڭى نۇقتىئىنەزەر كونا نۇقتىئىنەزەر ئۈستىدىن، زامانىۋى نۇقتىئىنەزەر ئەنئە-

نۆۋى ئوقتىسادى نەزەرىيىسىدىن، دېمۇكراتىك ئوقتىسادى نەزەرىيىسى فېئوداللىق ئوقتىسادى نەزەرىيىسىدىن غالىب كېلىدۇ.

بىز ھەرگىزمۇ دۆلەت - يۇمشاق بۆشۈك، پارتىيە، ھۆكۈمەت - كۆيۈمچان ئانا، بىز بولساق بۇدرۇق بوۋاق دېگەندەك يۆلىنىۋېلىش، بېقىندىلىق، بەخىرامانلىق ھېسسىياتىدا بولماسلىقىمىز كېرەك. بىز ئۇيغۇرلار چوقۇم جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ چوڭ ئائىلىسىدىكى زامانىۋى ئاڭغا ئىگە، يەن - مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلغان يېڭىچە مىللەت بولالايمىز.

مەن بۇ ئەدەبىي ئاخباراتنى بارلىق كىشىلەرنىڭ ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىشىنى تەكلىپ قىلىمەن، بۇ مېنىڭ — بىر ئاددىي ئوقۇتقۇچىنىڭ يۈرەك سۆزى.

خالىق قېيۇم

## شېئىرىيەت مۇشۇنداق تەسەۋۋۇرغا موھتاج

يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى سەھنىسىگە تېخى ئەمدىلا كىرىپ كەلگەن ئىستىقباللىق ياش شائىر مۇختەر مەخسۇتنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1985 - يىللىق 12 - سانىغا بېسىلغان «بوستان قاراۋۇلى» ناملىق شېئىرى شېئىرخۇمار كىشىلەرنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلدى.

شېئىرىيەتتە بولۇشقا تېگىشلىك مۇھىم خۇسۇسىيەتلەر «بوستان قاراۋۇلى»دا يۈرگۈزۈلگەن مول بەدىئىي تەسەۋۋۇر ۋە ئۇنىڭدا ئىشلىتىلگەن گۈزەل، يالقۇنلۇق شېئىرى تىل ئارقىلىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان:

تا ئەزەلدىن بويۇڭ پاكار، ساڭا ئوقۇشار تۈمەن مىڭ تەھسىن،
ئۆسمىدىڭ سەن، «پاخپاق» دېمەس،
ئۆسەلمىدىڭ سەن. «ئەخمەق» دېمەس،
چۈشەنگەنلەر چۈنكى ئاساننى تاللىمىدىڭ سەن.

شېئىردىكى بۇ جاراڭلىق مىسرالارنى ئوقۇغىنىمىزدا، باغلارنىڭ چۆرىسىدە، يۇرتنىڭ چېتىدە، قۇملۇقتا، ئېرىق - ئۆستەڭ بويلىرىدا، پوپاڭ يەرلەردە قەيسەرلىك بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان، باغۇ بوستانلارنى، زىرائەتلەرنى بالايىئاپەتتىن ساقلاۋاتقان خاسىيەتلىك دەرەخ — جىگدىنىڭ ئوبرازى كۆز ئالدىمىزدا روشەن نامايان بولىدۇ.

شائىر ئۆزىنىڭ چوڭقۇر بەدىئىي تەسەۋۋۇرى، قايىناق لىرىك ھېسسىياتى، ئۆتكۈر بەدىئىي پىكرى ئارقىلىق جىگدە دەرىخىنىڭ ئۇلۇغۋار خىسلىتىنى — دەھشەتلىك بوران - چاپقۇن ھوۋلاپ كېلىپ شاخلىرىنى كاماندەك ئەگسىمۇ، سۇسىز جايلاردا ئۇسسۇزلۇق دەستىدىن چاڭقاپ كەتسىمۇ، ھەتتا ئاياللار غوللىرىنى پالتا بىلەن چاناپ تىتما - تىتما قىلىۋەتسىمۇ، ئۇنىڭ يەنىلا ھېچقانداق ئۆزگىرىشسىز ھالدا قەيسەرلىك بىلەن قەد كۆتۈرۈپ، ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ھاياتى ئۈچۈن پايدا يەتكۈزىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئېسىل خىسلىتىنى قىزغىن مەدھىيىلەيدۇ:

ھەر باھاردا گۈل ئاچقىنىڭدا، قۇياشمۇ،
شامال ئېلىپ كېلەر ھىدىڭنى، تولۇن ئايمۇ
پۈرايمىز ئۇنى مېھرى بىلەن سۆيەر سېنى،
مۇشكى ئەنبەر پۈرىغاندەك. ئانا بوۋاقنى ھىدلىغاندەك.

ئاپتور ئۆزىنىڭ ئىدىيىسى، ھېسسىياتى، كۆز قارىشى ۋە پىكرىنى جىڭدە دەرىخىدىن ئىبارەت بۇ سىمۋوللۇق ئوبرازغا چوڭقۇر سىڭدۈرۈپ، كىشىلەرنى كەمتەر ۋە قەيسەر بولۇشقا، ئۇلارنى گۈزەل ھاياتقا ئىنتىلىشكە ۋە نۆۋەتتە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشنىڭ ئاكتىپ جەڭچىلىرىدىن بولۇشقا ئۈندەيدۇ.

بىز يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىزغا مۇناسىپ تۆھپە قوشۇپ كېلىۋاتقان بۇ ئۈمىدلىك ياش شائىرىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجادىيىتىگە تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمىز.

ئىمىرغىياس مەسۇمى

## ياخشى يېزىلغان ھېكايە

ھۆرمەتلىك مۇھەررىر:

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىللىق 7 - سانىدا ئېلان قىلىنغان يازغۇچى ئالىمجان ئىسمايىلنىڭ «كىمگە ئېيتاي بۇ دەردىمنى» ناملىق ھېكايىسى بىرقەدەر ياخشى يېزىلغان. مەن ئاددىي ھەۋەسكار سۈپىتىدە بۇ جەھەتتىكى تەسىراتىمنى كىتابخانلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

ھېكايىدا تامچىدىن دېڭىزنى كۆرسىتىش ماھارىتى نامايان قىلىنغان. ھېكايىنىڭ تىلى ئىخچام، چۈشىنىشلىك، ئاممىباپ. ۋەقەلىكىمۇ تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىن ئېلىنغان. ھېكايىدا پېرسوناژلارنىڭ روھى ھالىتى روشەن ئىپادىلەنگەن.

مەلۇمكى، ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ ئىسلاھات داۋامىدا بارلىققا كەلگەن ياخشى ئىش، ئىلغار كىشىلەرنى مەدھىيىلەش، ناچار خاھىشلارنى قامچىلاش ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت مۇشكۇل ۋەزىپە يۈكلەنگەن. ھېكايىغا مۇشۇ روھ چوڭقۇر سىڭدۈرۈلگەن.

ئاپتورنىڭ قاتناش مۇلازىمەت خىزمىتىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى پاش قىلىشى، قامچىلىشى توغرا، يولۇچىلارنىڭ خەت - چەك ئارقىلىق پاش قىلىشى ۋە تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە قارىغاندا، نۆۋەتتە قاتناش مۇلازىمەت خىزمىتىدە ھېكايىدا ئىپادىلەنگەن ئەھۋاللار ھەقىقەتەنمۇ مەۋجۇت. مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بۇ مەسىلىلەرنى تۈزىتىش مەقسىتىدە شوپۇرلارغا بۇ ھەقتە تەربىيە بېرىش، قونالغۇ بېكەتلىرىنى بېكىتىپ بېرىش، تۈزۈمگە رىئايە قىلغان شوپۇرلارنى تەقدىرلەش، بېكەتلەرنى مەلۇم مەزگىللەردە سېلىشتۇرۇپ باھالاش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللانغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ جەھەتتىكى نۇقسانلار تېخى تولۇق تۈزىتىلمىدى. ھېكايىنىڭ قاتناش ساھەسىدىكى بۇخىل ئەھۋاللارنى پاش قىلىشى خىزمەتتە ساقلانغان مەسىلىلەرنىڭ تۈزىتىلىشىگە چوقۇم تۈرتكە بولىدۇ.

ھېكايىدا يەنە ساۋۇر قاسساپقا ئوخشاش ئىنتايىن ئاز سانىدىكى نومۇسسىز، ئالدامچى شەخسلەر چوڭقۇر پاش قىلىنىپ، خەلق ئاممىسى جانلىق تەربىيىگە ئىگە قىلىنغان.

مەن يازغۇچى ئالىمجان ئىسمايىلنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ نادىر ئەسەرلەرنى يېزىپ، كىتابخانلارغا تەقدىم قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

شېرىۋاجى مۇسا

www.uyghurkitap.com

## سوۋېت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن

قۇربان توختەمۇۋ

# شۇ بىر كېچە

(ھېكايە)



تونۇلغان سوۋېت ئۇيغۇر يازغۇچىسى قۇربان توختەمۇۋ 1931-يىلى قازاقىستاننىڭ ياركەنت شەھىرى (ھازىرقى پانفىلوۋ) نىڭ سادىر يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇ 50-يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشىپ، «جاغىستايلىقلار»، «بايقىماي باستىڭ تىكەننى»، «بانىخان چوڭ ئانا» «بىر تۇپ ئالما»، «يۈرەكتىكى داغلار»، «ئەتىياز كۆنلىرىنىڭ بىرىدە» ناملىق رومان، پوۋېست، ھېكايىلارنى ئېلان قىلغان. قۇربان توختەمۇۋ يەنە قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ 1988-يىلى 57 يېشىدا ۋاپات بولدى.

ھاسا تاياقلىق جانارخان ئانا ئۇزۇن جوزىلار قويۇلغان ئازادە يورۇق ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە، ئۆيدىكى يىگىرمىدىن ئوشۇق ئايال دۈررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. كۆزى تورلاشقان ئانا قورچاقتەك يۈزۈر ياسىنىۋېلىشقان ئاياللارنى دەماللىققا تونۇيالماي قالدى. شۇ ئارىدا: جاناخان ھەدە، يۇقىرى ئۆتسىلە، قېنى، قېنى بۇ ياققا، تارتىنمىسىلا، مەرھەمەت، دېگەندەك تەكەللۈپ سۆزلەر ئاڭلاندى.

ئانا خىجىل بولۇپ قالدى-دە، ياداڭ يۈزى قىزىرىپ كەتتى. ئۇ ئىككى ھاسا تاياقا پۈتكۈل سالمىقىنى سېلىپ تۇرۇپ:

— ۋاي، نېمانچىلا ئاۋارە بولىسىلەر؟ قوزغالماي ئولتۇرۇۋېرىڭلارچۇ. بۇ ئۆينىڭ يۇقىرى-تۆۋىنى ئوخشاشقۇ! مۇنۇ بوش ئورۇندا ئولتۇراي، — دېدى. ئۇ ھاسا تا-

ياقلىرىنى تامغا تىرەپ، جوزىنىڭ گىرۋىكىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇشقا تەمشىلىۋىدى، تۆر تەرەپتە ئۆرە تۇرغان يەڭلىرى ئۇزۇن، ئاق يىپەك كۆڭلەك كىيگەن ئاق چاچلىق بىر ئايال:

— ياق، ياق، جانارخان، — دېدى ئىككى قولىنى تەڭلا سوزۇپ، — سىزنىڭ ھۆرمىتىڭىز باشقا، تۆرگە ئۆتۈڭ. تىل تەگمىسۇن، يۇرتىمىز سىزدەك مۆتىۋەر ئادەمنى ھەر قاچان ئىززەتلەيدۇ. بېشىمىزغا ئېغىر كۈن چۈشكەندە مۇشۇ مەھەللىدىكى قېرى-چۆرىنىڭ ئوتۇن-سۈيىنى قىش-ياز دېمەي سايدىن سىز توشۇپ بەرگەنغۇ؟! شۇ ياخشىلىقىڭىزنى ئۇنتۇش مۇمكىنمۇ زادى؟! ئاشۇ ئۇرۇش يىللىرى ئۆيگە كىرگەندە ئايال، تالاغا چىققاندا ئەر بولۇپ ئىشلىگەنلىرىڭىزنى نەۋرە-چەۋرىلىرىمگىچە ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ بېرىمەن. قېنى قىزلىرىم، جانارخاننىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ، يۇقىرى ئۆتكۈزۈۋېتىڭلار.

— رەھمەت ھەدە، ئىشقىلىپ ئەل-يۇرت ئامان بولساڭلار، يالغۇز ئادەم زادى خار بولمايدىكەنغۇ؟! ھېلىمۇ مېنى بېشىڭلاردا كۆتۈرۈپ ئەزىزلەۋاتىسىلەر. مېنى ھەرگىز تاشلاپ قويمىدىڭلار. ماڭا بۇنىڭدىن ئارتۇق بەخت بولامتى؟!

ئانا سۆزىنى تۈگىتە-تۈگەتمەيلا، ئىككى چوكان ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلەپ تۆرگە ئېلىپ ماڭدى.

جانارخان ئانا ھەممەيلەننى ئورنىدىن تۇرغۇزۇۋەتكىنىگە كۆڭلى بىئارام بولۇپ:

— خەپ، خەپ، مۇشۇنداق بولۇشىنى بىلگەنىدىم، — دېدى ئەپسۇسلانغان قىياپەتتە، — بۇرۇنراق كېلىشكە زادىلا ئىمكان بولمىدى. ئۆيگە مېھمان كېلىپ قالغانتى. كەلمەي دېسەم، تۇردى بۇۋاي ئىككى قېتىم بالا ئەۋەتىپتۇ...

— ھېچۋەقەسى يوق، ھەدە. مۇنداق يەرگە كەلمەي بولامدۇ. ئەل-جامائەت تېخى تولۇق يىغىلمىدىغۇ؟! — دېدى ئۇنى قولتۇقلىۋالغان ئايال سوزۇپ-سوزۇپ گەپ قىلىپ.

جانارخان ئانا يالغان پۇتىنى جوزىنىڭ ئاستىغا ئەركىن سوزالماي ئاۋارە بولۇپ كەتتى. ئۇ يەنە ئوڭ قول تەرىپىگە سىلجىپ، بۇلۇڭدا ئولتۇردى. ئانا ھاردۇقىدىن چىققاندەك ئۇھ دېدى-دە، نېپىز ئاقۇش چاپىنىنىڭ يانچۇقىدىن ياغلىقىنى ئېلىپ، ياداڭ يۈزىدىكى تەر تامچىلىرىنى سۈرتتى.

ئۆينىڭ يورۇقىغا كۆز كۆنۈپ، ئۆپچۆرىدىكىلەر ئاشكارا كۆرۈنۈشكە باشلىغانىدى. ئانا قېشىدىكىلەرنىڭ ھال-ئەھۋالىنى سورىدى. جوزا ئەتراپىدىكىلەرمۇ پەقەت ھاسا تاياقلىق ئايالنىڭلا سۆزىنى تىڭشاۋاتقاندەك جىم ھەتتا تۆر تەرەپتىكى بايىقى ئاق چاچلىق مومايمۇ ئانىنىڭ يەرگە چۆكۈپ كەتكەندەك مۈكچەيگەن قەددىگە تىكىلىپ قالغانىدى. ئەمما ئۇنىڭ خىيالى يىراقلارغا — ئاشۇ ئېغىر ئۇرۇش يىللىرىغا كەتكەنىدى...

* *

ۋاقىت ھەر قاچان ئېغىر كۈلپەت، قايغۇ-ھەسرەتنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، يارا-جاراھەتنى ساقايتىۋېتىدىكەن. ئەمما يوقالغاننى بار قىلىش، ئۈزۈلگەن-شىكەستلەنگەن ئەزانى يېڭىباشتىن ئۆز ئەكسىگە كەلتۈرۈشنى ھېچكىمگە، ھېچنەرسىگە بۇيرۇمىغانىكەن. ئاشۇ بىر سوغۇق شىۋىرغانلىق كېچە مۇشۇ مىسكىن، ياۋاش ئايالنى ناكا قىلىپ، مەڭگۈلۈك قايغۇ-ھەسرەتكە گىرىپتار قىلغانىدى.

ئۇ مەزگىلدە جانارخاننىڭ يېشى يىگىرمىدىن سەل ئاشقان، راسا بالاغەتكە يېتىپ، قەددى - قامىتى تولغان، مەڭزىلىرى سۆزۈك، گۈزەل ئايال ئىدى. ئۇ چىنىا هارۋا بىلەن سايدىكى توقايلىقنىڭ ئىچىدىن شاخ - شۇمبا، يۇلغۇن، قورايلارنى مەھەللىگە توشۇيتتى. بىر كۈنى مەھەللىدىكى قېرى - چۆرىلەرنىڭ ئەنە شۇنداق ئېھتىياج خىجالىتىنى بىجا كەلتۈرسە، يەنە بىر كۈنى كولخۇز قورۇسىدىكى ئات - ئۇلاغلارنىڭ ئوچۇن ئوت - چۆپ ئېپكىلەتتى. ئاشۇ پاجىئەلىك ۋەقە چوڭقۇر سايىنىڭ ئىچىدىكى سازلىقتىن مەھەللىگە ئوت - چۆپ ئەپكېلىۋاتقاندا يۈز بەرگەنىدى.

جانارخان شۇ ۋەقەدىن كېيىن پاتلا سارغىيىپ سولۇپ كەتتى. مەھەللىدە ئۇنىڭ يېشىغا ئەمەس، سىرتقى قىياپىتىگە قاراپ «چوڭ ئاپا»، ھەتتا «موما» دېگۈچىلەرمۇ كۆپەيگەنىدى.

... ئاق داكا ياغلىق تاڭغان موماي بېشىنى كۆتۈردى - دە، ئورنىدىن قوزغالدى. ئۇ ياش تەگكەن كۆزلىرىنى ھېچكىمگە كۆرسەتمەي، يېڭىنىڭ ئۇچى بىلەن ئېرتتى. «ھېچبولمىغاندا بۇ بىچارىنىڭ سول قولىنىڭ بارماقلىرى ساق قالغان بولسىچۇ!» دەپ پىچىرلىدى ئاۋۇ ئاق چاچلىق موماي.

* *

ئۇ چاغ قىش مەزگىلى ئىدى، قېلىن قار ياغقانىدى. ئۇرۇش ئۇچىنچى يىلغا كىرىۋاتاتتى. ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، قونىجى يىرتىق پىپىما، كالتە شىرىق چاپان كىيگەن جانارخان ئانا چوڭ سايدىكى قورۇدىن چىنىا هارۋىھا چۆپ بېسىپ مەھەللىگە قايتىپ كېلىۋاتاتتى.

ئارىلىقتىكى مۇساپە ئۈچ كىلومېتىرغا يېقىن كېلەتتى. ئۇ قانچە ئالدىرىسىمۇ، ئەتىگەنىرەك قايتىشقا ئۈلگۈرەلمىگەنىدى. ئاق قارنىڭ ئۈستىگە قارا كېگىز يېپىپ قويغاندەك كۆرۈنىدىغان توقايلىقنىڭ ئىچىدىن چىقىۋالسىلا قورقۇنچلۇق خېيىم-خەتەر يوق. جانارخانمۇ شۇنىڭغا ئالدىرىغاندەك، قوڭۇر ئۆكۈزنىڭ بېقىنىغا قاتتىق - قاتتىق دېۋىتىپ قوياتتى.

سايىنىڭ سۈيى توڭلاپ، ئۈستىنى قېلىن مۇز قاپلىغانىكەن. يوغان تاشلار ئارىسىدىن ئۆتۈپ، توقايلىق ئىچىدىن چىققان چىنىا هارۋا يانباغىردىكى يول بىلەن تىككە ئۆرلىدى. يەر - جاھان قاراڭغۇلىشىپ، دۆڭلەر كۆزدىن غايىب بولماقتا ئىدى. بۇ كېچە قار يەنە ياغامدىكىن، ئاسماندا بۇلۇت قويۇقلىشىپ، سوغۇقمۇ كۈچىيىپ قالغانىدى.

يانباغىردا كېتىۋاتقان چىنىا هارۋا تۆۋەنگە قاراپ سىيرىلىشقا باشلىدى. ئەمدى قوڭۇر ئۆكۈز كۈچەپ - تۈگۈرلىنىپ، بەزىدە پۇش - پۇش قىلىپ توختاپمۇ قالاتتى.

ھەممە ياقنى قاراڭغۇلۇق باسقان يولنىڭ ئويمان، چوڭقۇر، تايغاق يەرلىرىنى بىلىش قىيىن. جانارخان تۆۋەنگە غۇلاپ كېتىدىغاندەك ئېڭىشىپ تۇرغان يوغان قارا تاشنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى تۇيماي قالدى.

* *

قوڭۇر ئۆكۈز ئاياقلىرىنى مەھكەم باسالماي، ئارقىسىغا تېيىلىپ - شوخشۇپ كەتتى. چىنىا هارۋىنىڭ تاپىنى غىر - غىر قىلىپ تېيىلاتتى. ئۆكۈز يان تەرەپكە

گۈپپىدە يىقىلغاندا، قاراسىدە قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئېھتىمال، چىنا ھارۋىنىڭ سول قانىتىدىكى ئۇزۇن ياغاچ سۇنغان بولسا كېرەك... چۆپ يان تەرەپكە سىيرىلىپ كەتتى. جانارخاننىڭ بىر ئايىغى ئۆكۈزنىڭ ئاستىدا قالغانىكەن. تاشمۇ ياكى كاللەك مۇزمۇ - بىر نەرسە قاتتىق پاتتى - دە، ئۇ چىدىيالماي: «ئاپا، ۋايجان، ئاھ، ئۇھ... قانداق قىلىمەن...» دەپ ئاچچىق توۋلىدى. ئاياغلىرىنى تىپىرلىتىۋاتقان ئۆكۈز جانارخاننى ئۈستەرگەن پېتى يار تەرەپكە شىپقاپ سىلجىدى. جانارخاننىڭ ئايىغىنى بېسىۋالغان ئېغىر يۈك سەل يېنىكلەپ، ئاغرىقتىن قۇتۇلغاندەك بولۇۋېدى، لېكىن يەنە بەرىبىر بولدى. ئۇ تۆۋەن تەرەپكە دوملاپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇنى قار كۆمۈۋەتتى، جانارخاننىڭ ھۇرىسى، بېشى يارنىڭ گىرۋىكىگە قاتتىق تېگىپ، بىر گوداڭغا گۈپپىدە چۈشتى - دە، دوملاشتىن توختىدى. ئەمدى ئۇ ئەس-ھوشىنى تامامەن يوقاتقانىدى.

* *

جانارخان ئويۇپ قېتىپ قالغان قولىنى زورغا ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، يۈزىنى قاردىن سەل ئاچقاندا، قاراڭغۇ ئاسمانىنى كۆردى. ئۇ دەسلەپتە ئۆزىنىڭ قەيەردە ياتقانلىقىنى، نېمە بولغانلىقىنى زادىلا ئاڭقىرالماي قالدى. تۇرۇشقا تەمشىلىپ كۆرۈۋىدى، ئاياغلىرى ھېچ قوزغالمىدى. پۇتلىرى ئويۇپ توڭلاپ قالغاندەك قىلاتتى.

قارا پوپايكا كىيگەن دۈغىلاق ئايال دىققەت-ئويىنى بىر يەرگە يىغىپ، يۈز بەرگەن ۋەقەنى ئەسكە ئېلىشقا باشلىدى. چىنا ھارۋا، ئۆكۈز قېنى؟ ئۆزى نېمىشقا بۇ يەردە يېتىپ قالدى؟ دېگەندەك سوئاللار ئۇنى قايمۇقتۇراتتى.

قېلىن قار، ئويمان يەر، شۈكرى، تېنى ئانچىلا مۇزلاپ كەتمەپتۇ. جانارخان ئورنىدىن تۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدى. قاتتىقراق قوزغالغاچقىمۇ، ئايىغى ئۆگە - ئۆگىسىدىن ئاجرىغاندەك ئاغرىدى. تەبىئەت دەھشىتى بىلەن ئاياغنىڭ ئاغرىشىغا نائىلاج كۆنۈشتىن باشقا چارە يوق... دۆڭ تەرەپتىن غۇيۇلدىغان سادا كېلەتتى. شامال ئۇچۇرغان قار ئۇنىڭ ئۈستىنى كۆمەتتى.

قاچان تاڭ ئاتىدۇ؟ ھازىر قايسى چاغ؟ ئۆزى قەيەردە ياتىدۇ؟ خەپ، قانداق تۇرۇش كېرەك؟ بۇ سوئاللار گويا قىرغاقتا ئۇرۇلۇپ ئارقىسىغا قايتقان دولقۇندەك ئۇنىڭ ئېسىگە بىر كېلىپ، يەنە كېتەتتى.

جانارخان چۆچۈپ ئەندىكىپ ئويغانغاندا، ئاسمان سۈزۈلۈپ، تاڭ يورۇغانىكەن. ئاشۇ قۇتلۇق نۇردىن ئۇنىڭ قەلبىگە يورۇقلۇق چۈشتى. «شۈكرى، ھەر ھالدا ئامان قاپتىمەن! ياراتقان ئىگەم، ئۆزۈڭ مەدەتكار بول!» كىرپىكلىرى مۇز بولۇپ توڭلىغان جانارخاننىڭ خىيالىدىن دەسلەپ ئاشۇنداق ئويلار ئۆتتى.

يىراقتىكى دۆڭلەرنىڭ كەينىدىن قىزىل شولىلىرىنى چېچىپ، قۇياش كۆتۈرۈلدى. نۇرغا بۆلەنگەن ئاپئاق دالا پارقىراپ كەتتى. ۋارڭ - چۇرۇڭ قىلغان ئاۋازلار ئاڭلاندى. ئادەم ئۈنى! جانارخاننىڭ ۋۇجۇدىغا قانداقتۇر بىر ئىسسىق، يېقىملىق، ھاياتبەخش تۇيغۇ تارىدى. ئۇ ئىششىپ كەتكەندەك تىلىنى تامشىپ مىدىرلىتىپ، ۋارقىراش ئۈچۈن تەمشىپ باقتى. لېكىن زادى ئۈنى چىقمىدى. ئاياغ بىلەن سول قولىدا جان يوق. ئۇ ئۆزىنى مۇزنىڭ ئارىسىدا قېتىپ توڭلاپ قالغاندەك ھېس قىلدى. دۆڭ تەرەپتىن ئاڭلانغان ئاۋازلار بارغانسېرى يېقىنلىشاتتى، يەنە

www.uyghurkitap.com

تۇرۇپلا، نېمىشقىدۇ يىراقلىشىپ، يوقـاپ كېتەتتى. «مېنى تاپالمـايدىـغان بولـدى، باشقا ياققا تېنەپ كەتمىسىدى» دېگەنگە ئوخشاش ئەندىشـىدىن چۆچـۈپ قورققـان جانارخان ساق قولىنىڭ جەينىكـىنى تىـرەپ، پۇتۇن كۈچ - قۇۋۋىتىنى يىغىـپ بېشىنى كۆتۈرمەكچى بولۇۋىدى، بېشى ئايـلىنىپ، كۆز ئالدى تېخىمۇ قاراڭغۇلىشىپ كەتتى....

*　　*

مۇشۇ ۋەقەدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ جانارخان شەھەرلىك دوختۇرخانىدا هوـشىغا كەلدى. بىر پۇتىنىڭ ئۇستىخىنى چېقىلىپ كاردىن چىققاچقا، دوختۇرلار ئۇنىڭ تىزىنىڭ تۆۋىنىنى كېسىپ تاشلاپـتۇ. سول قولى تېڭىقلىق. ئۆزى بىرئاز ياخشى بولغاندا جانارخان شۇ دەھشەتلىك ئەھۋالنى بىلگەنىدى. شۇ چاغـدا قىيامەت قايىم بولغانىدى. ئۇ يەر - جاھانغا سىغـماي هۆركىرەپ، كارىۋاتتا ئۆزىنى هەريان تاشلىدى، تونۇش - بىلىش، ئۇرۇغ - تۇغقانـلار ئۇنىڭغـا تەسەللى بەردى. ئەمما ئۇ كېچىچە كىرپىك قاقماي يىغلاپ چىقتى.

جانارخان مۇشۇ قېتىم دوختۇرخانىدا ئۈچ ئايغا يېـقىـن يېتـىـپ، هاسا تاياق بىلەن يېنىپ چىقتى.

دەرد كەلسە قوشلاپ كەپتۇ دېگەنـدەك، جانارخان تۇرمۇشقا چىقىپ، ئىككىـئۈچ ئاي ئۆتە - ئۆتمەيلا يولدىشى ئارمىـيىگە كەتـتى. كاشكى ئۇنىڭـدىن يالـداما بولۇپ بىرەر پەرزەنـت قالسىچۇ؟! ئۇرۇش تامام بولۇش ئالـدىدا قارا خەت كەلـدى.

ئاشۇ خەۋەر راست ئوخشايـدۇ. شۇنىڭـدىن ئېتىبـارەن نەچچە باهار كېلـىپ، قارلار ئېـرىدى، ئېدىر - قىرلار كۆكەردى. لېكىن ئاشۇ مىسكىن ئايالنىڭ يۈرىكىدە بىر چاغـدا غىل - پال يېنىپ، يېڭىباشتىن ئۆچكەن ئىشق ئوتـى يالقۇنجىماي قويدى. ئۇنىڭـغا ئاشۇ بىر كېچىدىكى سوغۇق ئىشقى - تۇيـغۇلىرىنى مەڭگۈ توكۇلتىۋەتكەندەك تۇيۇـلاتتى. ئېـخ، دەھشەتلىك ئۇرۇش، ئەزىز جانلارنى شۇقەدەر ئېزىپ، قايغۇ - هەسرەتـكە مەڭگۈ مۇپتىلا قىلىپ كەتكەنىكەن.

هاسا تاياق بىلەن مېڭىش قىيىن كېلىۋاتامدۇ ياكى يۈرەكتە مەڭگۈ تۈنەتتۈزگەن ماس قايغۇ - دەرد بارمۇ! جانارخان ئانا يولـدا كېلـىۋاتقانـدا، پات - پات توختاپ «ئۇھ» دەپ ئېـغىـر نەپەس ئالاتـتى. بۇ پىـغان يۈرەكنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىـدىن چىقىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

*　　*

تويغا كەلگەنلەر كۈز ئاسـمىنىـدا يۇلتۇزلار يانغاندا تارقاشتى. مەھەللىـنىڭ يۇقىرىسـىدىكى ئىشىكـنىڭ ئالـدىدا ئېگىـز سۇۋادانـلار ئۆسكەن، هويلىسـى ئانچىلا يوغان ئەمەس ئىككى ئېغىز ئۆي — جانارـخان ئانىـنىڭ ئـۆيـى. ئۇ شۇ تەرەپكە كەتتى.

كۈز شامىلى كوچىدىكى خازانـلارنى شىلدىرلىتاتتى. ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئازـىيىپ، ئىتلارنىڭ قاۋىشىمۇ توختىدى. كېچىنىڭ جىمجىتلىـقىنى پەقەت توك - توك، غاچ - غۇچ قىلغان بىرلا ئاۋاز بۇزاتتى.

— توك - توك، غاچ - غۇچ؛ توك - توك، غاچ - غۇچ...

ئەشرگە تەييارلىغۇچى: دەريا هەسەن

## 1989 – يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى ئىسپانىيە يازغۇچىسى كامىلو سېلاغا بېرىلدى

نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى باھالاش كومىتېتى بۇلتۇر 10 – ئاينىڭ 19 – كۈنى 1989 – يىللىق ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ ئىسپانىيە يازغۇچىسى كامىلو خوسې سېلاغا بېرىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى ھەمدە ئۇنى «ئىجادىيەتتە باي ۋە جۇشقۇن نەسر ئۇسلۇبىنى قوللانغان»، «ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئىسپانىيە ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ باشلامچىسى» دەپ تەرىپلىدى.

73 ياشلىق سېلا رومان، پوۋېست، ھېكايە، ساياھەت خاتىرىسى، ئەدەبىي خاتىرە يازغان. ئۇنىڭ ئون رومانى ۋە 70 توم ساياھەت خاتىرىسى ھەمدە نۇرغۇن ھېكايە، شېئىر توپلاملىرى بار. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئىسپان تىلى ئەدەبىيات زېمىنىغا كەڭ تارقىلىپ، لاتىن ئامېرىكىسى ئەدەبىياتىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن.

كامىلو خوسې سېلا 1916 – يىلى 5 – ئاينىڭ 11 – كۈنى ئىسپانىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا بىر ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئانىسى ئەنگلىيىلىك ئىدى. ئۇ ئىسپانىيەدە ئىچكى ئۇرۇش پارتلاشتىن بۇرۇن مادرىد شۇنىۋېرسىتېتىدە مېدىتسىنا، سەنئەت ۋە قانۇن ئۆگەنگەن. سېلا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدە شېئىر يېزىشقا باشلىغان.

1942 – يىلى 26 ياشلىق سېلا تۇنجى يېرىك ئەسىرى «باسكول دۇئارت ئائىلىسى»نى نەشر قىلدۇرۇپ، بۇرۇختۇملۇق ۋە سۈكۈت قاپلىغان ئىسپانىيە ئەدەبىياتىنىڭ ۋەزىيىتىنى بۇزۇپ تاشلاپ، قاتتىق زىلزىلە پەيدا قىلغان. بۇ رومان ئۇنىڭ ئىسپانىيە ئەدەبىياتىدىكى ئورنىغا ئاساس سالغان، بۇ ئەسەر «دون كىخوت» رومانىدىن كېيىن ناھايىتى كەڭ تارقالغان ئىسپان تىلىدىكى رومان بولۇپ قالغان. ئۇ 1951 – يىلى يازغان «ھەرە كۆنىكى» دېگەن رومان ئىسپانىيىدە نۇرغۇن قېتىم تەكشۈرۈشتىن ئۆتەلمىگەنلىكتىن ئاخىرى بۇئېنوس ئايرېستا يورۇقلۇققا چىققان. ئارىدىن 11 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۆز مەملىكىتىدە نەشر قىلىنغان. بۇ رومانىدا ئىچكى ئۇرۇش بولۇپ ئۆتۈپ يىلدىن كېيىنكى مادرىدتىكى ئۈچ كۈنلۈك ھايات تەسۋىرلەنگەن. بۇ رومان سېلانىڭ نادىر ئەسىرى ھەم ئىسپانىيە ئەدەبىياتىدىكى ھالقىلىق رومانلارنىڭ بىرى، دەپ قارالغان.

ئۇنىڭ «1936 – يىلىدىكى سان كامىلو بايرىمى» ناملىق رومانى 1969 – يىلى نەشر قىلىنىش بىلەنلا كۈچلۈك داغدۇغا قوزغىغان. 1983 – يىلى سېلانىڭ يەنە بىر مۇۋەپپەقىيەتلىك رومانى «مەرھۇملار ئۈچۈن ئورۇندالغان مازوركا ئۇسسۇلى مۇزىكىسى» دۇنياغا كەلدى. يازغۇچى بۇ رومان ئۈچۈن 1984 – يىلى تەسىس قىلىنغان ئىسپانىيە مەملىكەتلىك ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

سېلا ئىسپانىيەدە ناھايىتى مەشھۇر.

ئۇ هازىر ئىسپانىيە ئەدەبىيات ئاكادېمىيىسى-نىڭ ئاكادېمىكى. ئۇ ئۆز ھاياتىدا ئەسكەر، كالا سوقۇشتۇرغۇچى، خىزمەتچى، رەسسام، كىنو ئارتىسى قاتارلىق كۆپ خىل كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللانغاچقا، ناھايىتى مول تۇرمۇش تەجرىبىسىگە ئىگە. ئۇ، نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن بەشىنچى ئىسپانىيىلىك بولسىمۇ، پىروزىدا نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تۇنجى ئىسپانىيە يازغۇچىسىدۇر.

بەزى تەنقىدچىلەر سىلانى سېرۋانتىس، كاردوستىن كېيىن ئىسپانىيە ئەدەبىياتىدىكى ئىككىنچى ناماياندە دەپ قاراشماقتا.

△ سوۋېت ئىتتىپاقى «ھەقىقەت» گېزىتى ئېسىل ئەنئەنىلەرنى تەكىتلىدى.

«نۇر» گېزىتىنىڭ يېقىنقى خەۋەرىگە قارىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى «ھەقىقەت» گېزىتى ماقالە ئېلان قىلىپ، يېقىنقى مەزگىلدىن بۇيان بەزى ئادەملەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئۇستازلىرى گوركىي، ماياكوۋسكى، شولوخوۋ، فادىيېۋ، كونستانتىن سىمونوۋلارغا ھەدەپ ھۇجۇم قىلىپ بۇ سەممىي سەنئەتكارلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ھېچبىر ئاساسسىزلا «ساختا سەنئەت» دېگەنلىكىنى، دەپ كۆرسەتكەن.

ماقالىدە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ قوبۇل قىلىنىشقا بولىدىغان تەركىبلىرىنى تەشۋىق قىلىشقا ۋە ئۆگىنىشكە بولىدۇ. لېكىن بۇ ئۆز مەملىكىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىنكار قىلىش ھېسابىغا بولسا بولمايدۇ، دەپ قارالغان.

△ ئاممىباب ئەدەبىيات بىلەن ساپ ئەدەبىياتنىڭ پەرقى: بىرىنچى، ئاممىباب ئەدەبىيات ھازىر مەۋجۇت بولغان، ئەنئەنىۋى بولغان، كەڭ تارقىلىدىغان سەنئەت دائىرىسىدىكى ئىجادىيەت؛ ساپ ئەدەبىيات ئەنئەنىۋى بولغان، كەڭ تارقىلىدىغان سەنئەت ئەندىزىسىنى بۇزۇپ تاشلىغان ئىجادىيەت. ئىككىنچى ئاممىباب ئەدەبىيات ئاساسلىقى، كىتابخانلار ئەدەبىياتى، مەزمۇن جەھەتتە ئادەمنىڭ ئاساسىي ھېسسىيات ئېھتىياجى ئىپادىلىنىدۇ. ساپ ئەدەبىياتتا بولسا، ئادەمنىڭ تەرەققىيات خاراكتېرىدىكى ھېسسىياتىنىڭ ئېھتىياجى ئىپادىلىنىدۇ. ئاممىباب ئەدەبىيات بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتتە ئادەتتە رومانتىزمغا مايىلراق كېلىدۇ. ۋەقەلىككە، سيوژىتقا، سۇبيېكتىپ تەسەۋۋۇرغا ئېتىبار بېرىلىدۇ. ئۈچىنچى، ئاممىباب ئەدەبىياتنىڭ ئوقۇشچانلىقى كۈچلۈك بولغاچقا، چاپ - چاپ بازارلىق ئەدەبىيات دېيىلىدۇ.

ساپ ئەدەبىياتنىڭ تارقىلىشى، تەسىرى ئاممىباپ ئەدەبىياتقا يەتمەيدۇ.

# «ياش ئەدىبلەرنىڭ ‹ئالتۇن چاغ› ئىجادىيەت مۇكاپاتى» غا ئەسەر قوبۇل قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش

«تارىم» ژۇرنىلى، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈملىرى كېڭىشىش ئارقىلىق ياش ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرىش، ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتىمىزنى گۈللەندۈرۈش يولىدىكى رولىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇش مەقسىتىدە، 1990 - يىلدىن باشلاپ ھەر ئىككى يىلدا بىر نۆۋەت «ياش ئەدىبلەرنىڭ ‹ئالتۇن چاغ› ئىجادىيەت مۇكاپاتى» پائالىيىتى ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلدى. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى تۆۋەندىكىدەك ئۇقتۇرىمىز:

1. تۇنجى قېتىملىق پائالىيەت 1990 - يىل 1 - ئايدىن 10 - ئايغىچە بولىدۇ. بۇ پائالىيەتكە قوبۇل قىلىنغان ئەسەرلەر 1 - سانىدىن 10 - سانىغىچە بولغان «تارىم»، «شىنجاڭ ياشلىرى» دا ئېلان قىلىنىدۇ. مۇكاپاتلىنىدىغان ئەسەرلەر مۇشۇ ئىككى ژۇرنالدا بېسىلغان ئەسەرلەردىن تاللىنىدۇ. شۇڭا ئەسەرلەر «تارىم» غا ئەۋەتىلسىمۇ، «شىنجاڭ ياشلىرى» غا ئەۋەتىلسىمۇ بولىدۇ.

2. تۇنجى قېتىملىق «ياش ئەدىبلەرنىڭ ‹ئالتۇن چاغ› ئىجادىيەت مۇكاپاتى» پائالىيىتىگە قاتنىشىدىغانلار 1960 - يىلدىن كېيىن (1960 - يىلمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تۇغۇلغان بولۇشى كېرەك. بۇ پائالىيەتكە قاتنىشىدىغانلار تۇغۇلغان ۋاقتى ھەققىدە بىر نۆۋەت ئۆزى تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ ئىسپاتىنى ئەۋەتىشى كېرەك.


3. تۇنجى قېتىملىق پائالىيەت نەسرىي ئەسەرلەر (پوۋېست، ھېكايە، نەسر، ئەدەبىي ئاخبارات، ئوچېرك)، شېئرىيەت (داستان، باللادا، سىكىل، ھەر خىل قىسقا شېئىرلار) ۋە ئەدەبىي ئوبزوردىن ئىبارەت ئۈچ تۈر بىلەنلا چەكلىنىدۇ.

4. بۇ پائالىيەتكە قاتناشتۇرۇلىدىغان ئەسەرلەردە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدا ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتلەردە مەيدانغا كەلگەن ئۆزگىرىشلەر، خەلقىمىزنىڭ، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ جۇشقۇن ھاياتى ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى، ياشلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئىپادىلىنىشى كېرەك.

«تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

«شىنجاڭ ياشلىرى» تەھرىر بۆلۈمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com




《塔 里 木》 文学月刊 （维 吾 尔 文）

TARIMAMONTHLY LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

تارىم

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订阅、零售：各 地 邮 局 所

1990 - يىل 1 - سان (347 - سان) 40 - يىل نەشرى .
ئوزگوچى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى .
ئۈرۈمچى دېموكراتىيە يولى 32 - قورۇ، تېلېفون نومۇرى : 78784 .
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى . شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى .
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىلىدۇ . مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ .

国内统一刊号： CN65－1010／I
本刊代号：58－66 定 价： 1.40元

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى : CN 65 - 1010 / I .
ژۇرنال ۋاكالەت نومۇرى : 66 - 58 . باسما تاۋاق : 10 . باھاسى : 1.40 يۈەن .

邮政编码: 830002 :پوچتا نومۇرى